ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق

# سەھرا يولى ۋە تۇيغۇلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق

# يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

丝绸之路与维吾尔人：维吾尔文 / 阿合买提·苏来曼·库图鲁克编著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.9
ISBN 978-7-228-13869-2

Ⅰ．①丝… Ⅱ．①阿… Ⅲ．①丝绸之路-文化史-研究-维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族-民族历史-研究-中国-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．①K203 ②K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第184535号

责任编辑 阿合买提·木明·塔里米
责任校对 赛娜瓦尔·依布拉音
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话 (0991)2827472
邮政编码 830001
印　　刷 新疆新华印刷二厂
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32
印　　张 10.875
版　　次 2010年12月第1版
印　　次 2010年12月第1次印刷
印　　数 1-3000
定　　价 27.00元

# مۇندەرىجە


ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتى ........................ 1
غەربىي يۇرت مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ............... 12
تارىختىن بۇرۇنقى قەشقەر ................................ 33
ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى ...... 46
غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ
دەپنە قىلىش ئادىتى ...................................... 61
غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان پاختىچىلىقى ............... 79
غەربىي يۇرت تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى ......... 92
قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ باج تۈزۈمى ............... 96
ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەدەنىيەت
قاتلىمى ................................................... 103
ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان ئانا ـ بالا سىياسىيونلار .... 109
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر سانغۇنى ــ چۇبە ئالىپ ..... 113
مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رەسسام ۋايچىرا ۋۇچىر ...... 117
بايانچۇر قاغان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسى .................. 121
ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانى ــ
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ................................... 133
يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ئۇيغۇر تارىخچىلار ............ 140

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىستىبداتلىق خانى — سۇلتان
ئابدۇرەشىدخان ............................................ 145
18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس رەخمىتۇللا بەگ ... 148
قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى .......... 154
قەدىمكى شەھەر بەشبالىق .................................... 161
يىپەك يولىدىكى قەدىمىي شەھەر — يەكەن .................. 171
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى«خۇيخې» (回纥)نىڭ
«خۇيخۇ» (回鹘)غا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ
سەۋەبى .................................................. 174
ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىشىش ... 193
قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ...... 222
قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ
ئىچمەك مەدەنىيىتى ...................................... 240
رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان)لار
ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .................. 253
قەدىمكى قەشقەر مەدەنىيىتى ................................ 265
قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتى ................................ 285
قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى ................................ 304
قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتى ................................ 316
قەدىمكى قۇچۇ مەدەنىيىتى .................................. 328

# ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتى

ھەرقانداق بىر پەننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئارخېئولوگىيە ئىلمىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىي قىلىپ بارماقتا.

ئارخېئولوگىيە چوڭ جەھەتتىن تارىخ ئىلمىنىڭ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەتقىقاتى پەقەتلا قەدىمكى زامانىنىڭ خارابە ئىزلىرى بىلەن ئاسارئەتىقىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، تۇرگە ئايرىپ بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش، ياسىلىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىسىنى ۋە مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىزدەشتىن ئىبارەت.

يەن بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىدىن ئېيتقاندا، ئارخېئولوگىيە دۇنيادىكى بىرقەدەر ياش پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقات ئۇسۇلى، تەتقىقات نەزەرىيەسى ۋە تەتقىقات نەتىجىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئارخېئولوگىيە ئارىلىق پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بار.

ئارخېئولوگىيە بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى

ئىلىمىز ئالىمى ۋاڭ گوۋېي (1877 ــ 1927 ـ يىللار)نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بىر هارۋىنىڭ ئىككى چاقىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئىككى ئىلىمنىڭ ئۆزئارا هەمكارلىقى بولغاندىلا، ئىنسانىيەتنى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي هەم مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇنىۋېرسال، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولىدۇ. تارىخشۇناسلىقنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئارخېئولوگىيەنىڭ تەتقىقاتىغا تايىنىدۇ. چۈنكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە دۇنيادىكى هەرقايسى رايونلاردا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇ دەۋرلەردىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى بىلىش، يېزىپ چىقىشتا ئاساسلىقى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىكى ماددىي تارىخىي ماتېرىياللارغا تايىنىلىدۇ، ئۇ ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىش، تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى پەقەت ئارخېئولوگىيە ئىلمىلا ئورۇنلىيالايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ يېزىق تارىخى 4000 ــ 5000 يىللاردىن ئاشمايدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار تارىخى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەر ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ مەزمۇنلار هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ پائالىيەتلىرى بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ناهايىتىمۇ كەمچىل، ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا ناهايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان هۆكۈمران سىنىپنىڭ قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىشى ۋە يوقىتىۋېتىشىنىڭ هەم ئورۇش ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يازما ماتېرىياللارغا ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز بولۇپ، دائىم تارىخ تەتقىقاتىغا بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بوشلۇقمۇ ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىغا تايىنىپ تولۇقلىنىدۇ. ئەگەر تارىخشۇناسلىق ئارخېئولوگىيەنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانمايدىكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى

توغرىسىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ماركس: «بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي خاتىرىلەردە ئىزچىل ھالدا ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا، يەنى بارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە بارلىق رېئال تارىخىي ئاساسقا دىققەت قىلىنماي كېلىنگەندى» دېگەن. ئېنگېلسمۇ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، «قەدىمكى ئېمىسلارنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىققان. ئارخېئولوگىيەنىڭ قەدىمكى تارىخنى تولۇقلاش، تۈزىتىش جەھەتتە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ.

ئارخېئولوگىيە يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشى دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا بارلىققا كەلگەن. كېيىن ئېسىلدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىزلىرىنى، ماددىي بۇيۇملىرىنى ئىزدەپ تېپىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ قۇرۇلمىشۇناسلىق ۋە يەر قاتلىمىشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات مېتودولوگىيەسى قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئارخېئولوگىيە قەدىمكى ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ماددىي نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئىنسانلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. 20 - ئەسىردىن باشلاپ ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچىيىپ باردى. ئارخېئولوگىيە تەدرىجىي ھالدا ئۆز تەتقىقاتى جەريانىدا كاربون 14 ($C_{14}$) تېخنىكىسى قاتارلىق تەبىئىي پەن تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ

بىلەن ئارخېئولوگىيەنىڭ تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ بىيولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئارخېئولوگىيەنىڭ نەزەرىيەسىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. 1948 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئارخېئولوگ ۋۇلت تەيلور ئۆزىنىڭ «ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» دېگەن دوكتورلۇق ماقالىسىدە ئەينى دەۋردىكى ئارخېئولوگىيەنى تەتقىق قىلىپ، «ئارخېئولوگىيەنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ يادىكارلىقلارنى قېزىش ۋە قېزىش دوكلاتىنى نەشر قىلدۇرۇش ياكى يەر قاتلاملىرىنى سېلىشتۇرۇش ھەم يادىكارلىقلارنى تىپلارغا ئايرىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تارىختىن بۇرۇنقى زاماننىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەھلىل ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى ھەم ئارخېئولوگىيەنىڭ ماددىي ماتېرىياللارغىلا ئەمەس، ماددىي بولمىغان ماتېرىياللارغىمۇ دىققەت قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋۇلت تەيلورنىڭ بۇ قارىشى ئەينى دەۋردىكى دۇنيادا زور تەسىر پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، 60 ـ يىللاردىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئامېرىكا، ئارقىدىن ئەنگلىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يېڭى ئارخېئولوگىيە تەرەپدارلىرى مەيدانغا كەلدى. 1962 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ياش ئارخېئولوگ لوئىس بىنفورد «ئانتروپولوگىيەلىك ئارخېئولوگىيە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، بىر مەيدان «يېڭى ئارخېئولوگىيە ھەرىكىتى»نى قوزغىدى. بىنفورد ئۆز ئەسىرىدە: «ئارخېئولوگىيەنىڭ مەقسىتى ـــ ئانتروپولوگىيەنىڭ مەقسىتىدۇر، ۋاھالەنكى، ئانتروپولوگىيەنىڭ مەقسىتى بىر پۈتۈن زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىق ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشتىن ئىبارەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىنفوردنىڭ بۇ خىل نەزەرىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنىنى ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىگە كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئەھۋالىغا بولغان تەسىرىگىمۇ دىققەت قىلىشنى كۈچلۈك تەكىتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ئارخېئولوگىيە تەدرىجىي ھالدا ئەنئەنىۋى ئارخېئولوگىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى ھەم تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ كۆپلىگەن نەزەرىيەلىرىنى، ئۇسۇل ـ ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، نوپۇس ئانالىز ئۇسۇلى، خارابىلەرنىڭ ئىچىنى رايونلارغا ئايرىش ئۇسۇلى، ئېكولوگىيە قائىدىسى، تەدرىجىي تەرەققىيات قائىدىسى، سىستېما نەزەرىيەسى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، ھەر خىل دەۋر بەلگىلەش تېخنىكىسى، يېڭى خەرىتە سىزىش ئۇسۇلى دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن ئارخېئولوگىيەنىڭ يېڭى تارماقلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئېكولوگىيە ئارخېئولوگىيەسى، تەجرىبە ئارخېئولوگىيەسى، جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسى، ئىقتىساد ئارخېئولوگىيەسى، ئېتنىك ئارخېئولوگىيە، پەن ـ تېخنىكا ئارخېئولوگىيەسى قاتارلىقلار. يېڭى ئارخېئولوگىيەنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئارخېئولوگىيە ھەرقايسى پەنلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇنىۋېرسال ئانالىز ـ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، نۆۋەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش — ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بولۇپ قالدى.

ئارخېئولوگىيە گەرچە تارىخشۇناسلىق ئىلمىگە قارىغاندا كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن ياش پەنلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەتقىقات ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئارخېئولوگىيەنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى رولى ھەرقانداق بىر پەننىڭ رولىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق رولىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولسىمۇ، ئەڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئارخېئولوگىيە قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تارىخىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلىنىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردىكىلەرگە ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار تارىخىنىڭ بىر قىسمى مەلۇم بولسىمۇ، كۆپ قىسمى مەلۇم ئەمەس. گەرچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا كەمتۈكلۈك ۋە بوشلۇقلار كۆپ. مەسىلەن، رايونىمىزنىڭ ھون ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىر) دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تارىخى ھەر خىل يازما ھۆججەتلەردىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەردىلا ئۇچرايدۇ، ئۇ خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تولۇقلاپ قويغان توقۇلمىلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا، رايونىمىزنىڭ ھون ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىر) دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تارىخىنى يالغۇز يازما ھۆججەتلەرگىلا تايانغاندا تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇنى چوقۇم ئارخېئولوگىيەنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەتقىقات ئەمەلىيىتى ۋە نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، شىنجاڭدا يىراق كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان نەچچە ئون مىڭ يىل جەريانىدا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى قاتارلىق جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئىنسانلارغا ئوخشاش كونا تاش قورال مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تاش قورال مەدەنىيىتى، يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى، بىرونزا مەدەنىيىتى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۆز دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىقا

كەلتۈرگەن[1]. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، رايونىمىزنىڭ هۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئارخېئولوگىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانماي تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئارخېئولوگىيە تارىخنى ئىسپاتلاش، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنى دەلىللەش رولىغا ئىگە. تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم بىر دەۋرنىڭ تارىخى شۇ دەۋردىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن ياكى كېيىنكى دەۋردىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر خىل سۇبيېكتىپ ياكى ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىدىن بەزى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي پاكىتلار ئېنىق، توغرا ۋە تولۇق خاتىرىلەنمەي قالىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولىدۇ. بۇلار كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ھەم بەزىبىر خاتا يەكۈنلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق تارىخىي ھۆججەتلەردىكى راست ـ يالغاننى ئېنىقلاشتا، يەنىلا ئارخېئولوگىيەنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئىلگىرى رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىنىڭ تەتقىقاتى بىرقەدەر ئاجىز بولغاچقا، بەزىلەر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى «غەربتىن كەلگەن»دېسە، بەزىلەر «شەرقتىن كەلگەن» دەپ قاراپ كەلگەنىدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىنىڭ تەتقىقاتى تېز يۈكسىلىپ، شىنجاڭدا ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، بۇ رايوندا ئىنتايىن قەدىمىي ۋە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىدىن پەيدا بولغان دەپ قاراشنىڭ توغرا

ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىپ②، قەدىمدە شىنجاڭنىڭمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان رايون ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ بىزگە يازما ھۆججەتلەردىكى تارىخىي خاتىرىلەرنى ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەشتە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئارخېئولوگىيە ئىجتىمائىي پەنلەر ياكى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆز تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىشىنى مول ماددىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئارخېئولوگىيەنىڭ مەقسىتى ئاساسلىق ھالدا قەدىمكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەتقىقاتى كۆپ ھاللاردا دېھقانچىلىق تارىخى، چارۋىچىلىق تارىخى، كۇلالچىلىق تارىخى، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق تارىخى، تېبابەت ـ دورىگەرلىك تارىخى، ئاسترونومىيە تارىخى، رايونلار مۇناسىۋىتى تارىخى... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ماددىي ئىسپاتلارنى تەمىنلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ قىزىلتاش دېگەن يېرىدىكى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغان، كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى جەھەتتە جۇڭگودا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ھەر خىل ئوبرازلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتلىرى چېكىلگەن قىيا تاش رەسىمىنىڭ تېپىلىشى، ئۇسسۇل تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماددىي ئىسپاتلارنى تەمىنلەپ بەرگەن بولسا، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇغداي دانلىرى، يۇڭ پالاس، كىگىز ۋە كۆن ـ خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك قاتارلىق يادىكارلىقلار شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق تارىخى (بولۇپمۇ بۇغداي تېرىش تارىخى)، يۇڭ توقۇمىچىلىق

تارىخى ۋە كۆن ـ خۇرۇمچىلىق تارىخى تەتقىقاتى ئۇچۇن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تەمىنلەپ بەردى.

تۆتىنچى، ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋرىمىزدىكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خەلقىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇلارغا خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن بىباھا ھەم قىممەتلىك. ئۇلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلسە، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى نامايان قىلىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇلارنى كۆرگەزمە قىلىش، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارىخ تەربىيەسى، تارىخىي ماتېرىيالىزم تەربىيەسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە نەتىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، ماددىي بۇيۇم كونكرېت، جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. كىشىلەرمۇ بىر دانە ياكى بىر يۈرۈش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش جەريانىدا، ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، تۇرمۇش شەكلىنى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ۋە تارىختا ياراتقان ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دەرھال تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتىپ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

دېمەك، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى تارىخ تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانمىغان ياكى ھۆرمەت قىلمىغان تارىخ تەتقىقاتى مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ چىلدې

(1892 ـــ 1957 ـ يىللار) 1949 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تەرەققىيات ۋە ئارخېئولوگىيە» دېگەن ئەسىرىدە، ئارخېئولوگىيەنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ: «ئارخېئولوگىيە تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇ تارىخ ئىلمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى، خۇددى تېلېسكوپ ئاسترونومىيەنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىنىگە ئوخشاش، ئۇ تارىخنىڭ نەزەر دائىرىسىنى 100 ھەسسە ئالدىغا سۈرۈۋەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئارخېئولوگىيە تارىخ ئىلمىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى»[3] دەپ خۇلاسىلىسە، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى جيەن بوزەن (1898 ـــ 1968 ـ يىللار) ئارخېئولوگىيەنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا كۆرسەتكەن رولى توغرىسىدا توختىلىپ: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخ تەتقىقاتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى، ئارخېئولوگىيەنىڭ ئۈزلۈكسىز ياردىمىدىن بولدى. ئارخېئولوگىيەنىڭ ئۈزلۈكسىز ياردىمى نەتىجىسىدە، يەر ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يىراق قەدىمكى زاماننىڭ يادىكارلىقلىرى ھەممىلا جايلاردىن تېپىلدى. بۇنداق يىراق قەدىمكى زامان ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرىنىڭ تېپىلىشى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ھەقىقىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ يېڭى، ھەقىقىي ماتېرىياللار يازما ھۆججەتلەردىكى راست ـ يالغاننى تەھقىقلەپلا قالماستىن، بەلكى يازما ھۆججەتلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ بەردى»[4] دەپ كۆرسەتكەندى. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ خادىمى كامالوف ئەپەندى ئۇيغۇر تارىخىنى قانداق قىلغاندا ئەترابلىق، ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ئىشى تۈرك يېزىقى يادىكارلىقلىرىسىز، باشقا تىللاردىكى مەنبەلەرسىز، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيەلىك ھۆججەتلەرسىز

ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىن ئەمەس»[5] دەپ، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدا ئارخېئولوگىيەنىڭ زور ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ رولىنى مۇكەممەل، توغرا ئىلمىي خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى.

دېمەك، شۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارخېئولوگىيەنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىگە، بولۇپمۇ رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىنىڭ شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**ئىزاھلار:**

① چېن گې: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيىتى»، «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى تونۇش»، «قامۇس بىلىملىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان 19 ـ بەت.

③ يى مەنبەي: «ئارخېئولوگىيەدىن ئومۇمىي چۈشەنچە»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ جيەن بوزەن: «چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر تارىخى» 3 ـ بەت، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئا. كامالوف: «خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە»، «كوممۇنىزم توغى گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىلى 30 ـ يانۋاردىكى سانى.

# غەربىي يۇرت مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، يەر شارىدا ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ياۋايىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا، ئاندىن «مەدەنىيەت دەۋرى»گە كىرگەن.

بىراق، قەدىمدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم تارىخىي تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلارنىڭ، مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ «ياۋايىلىق دەۋرى»دىن «مەدەنىيەت دەۋرى»گە ئۆتۈشمۇ بىردەك بولمىغان. يەنى، بەزى رايون ۋە مىللەتلەر مەدەنىيەت دەۋرىگە بۇرۇنراق كىرگەن بولسا، بەزى رايون ۋە مىللەتلەر مەدەنىيەت دەۋرىگە كېيىنرەك كىرگەن، ھەتتا بىر قىسىم رايونلاردىكى قەبىلىلەر يېقىنقى دەۋرگىچە ياۋايىلىق دەۋرىدە ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، «مەدەنىيەت دەۋرى» تەتقىقاتچىلىقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلارنىڭ، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملار خېلى بۇرۇنلا «مەدەنىيەت دەۋرى» تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم بۇ ھەقتە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

نۆۋەتتە، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ئەسەرلەردە

«مەدەنىيەت دەۋرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قالايمىقان قوللىنىش، «مەدەنىيەت دەۋرى» بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىق، تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىنى «مەدەنىيەت دەۋرى»گە مەنسۇپ قىلىش، مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن «مەدەنىيەت دەۋرى»نىڭ باشلىنىشىنى بىر زامانغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. شۇڭا، «مەدەنىيەت دەۋرى» بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. بولۇپمۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋە قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ مۇھىم.

ئۇنداق بولسا مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئاساسلىق بەلگە ـ ئالامەتلىرى قايسىلار؟ مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇ 17 ــ 18 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ياۋروپادا قوللىنىلىشقا باشلانغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئېلىمىزگە كىرگەن. ئۇ ئىنگلىز تىلىدا «Civilization» دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «文明» دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئىنگلىز تىلىدىكى «Civilization» نىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مەنىسى يۇقىرى سەۋىيەدىكى سەنئەت، دىن، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارغا ئىگە بولغان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «شىنخۇا لۇغىتى»دە: «مەدەنىيەت ــ ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقنىڭ ئەكسى بولغان مەرىپەت (مەدەنىيلىشىش) ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[1] دەپ ئىزاھلانغان، «قىسقىچە ئىجتىمائىي پەن لۇغىتى»دە: «مەدەنىيەت ــ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالغا باسقان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... مەدەنىيەت مۇئەييەن ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسىدا كېلىپ چىقىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ»[2] دەپ ئىزاھلىغان. ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە: «دۆلەت ــ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت ــ ئىنسانلار جەمئىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملارمۇ سىنىپ ۋە دۆلەتنى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسى دەپ قارىشىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى سىنىپ ۋە دۆلەت بارلىققا كەلمىگەن ئىپتىدائىي دەۋرى ــ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىنى، يەنى ياۋايىلىق دەۋرىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يىمىرىلگەن، جەمئىيەتتە سىنىپ ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا دۆلەت تەشكىلى بارلىققا كەلگەن سىنىپىي جەمئىيەت دەۋرىلا مەدەنىيەت دەۋرى بولالايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماددىي جەھەتتىكى ئاساسلىق ئامىللار قايسىلار؟ بۇ توغرىدا خېلى بۇرۇنلا، يەنى 1838 ـ يىلىلا دانىيەلىك ئالىم نىلسون ئىنسانىيەت تارىخىنى تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ، تۆتىنچى باسقۇچنى مەدەنىيەت باسقۇچى دەپ ئاتاپ، «بۇ باسقۇچتا قۇيما پۇل، يېزىق، تەشكىلى تەرتىپلىك بولغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلگەن. ئەمگەك ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەر بويىچە ئىش تەقسىماتىغا بۆلۈنگەن»[4] دەپ كۆرسەتكەن. كېيىن ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم مورگان 1877 ـ يىلى «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى ئۈچ چوڭ دەۋر (يەنى ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيەت دەۋرى)، يەتتە كىچىك باسقۇچقا بۆلۈپ،

ئىنسانلار ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى ھەمدە تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن دەپ قاراپ، «مەدەنىيەت جەمئىيىتى يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن باشلانغان»[5]، «يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى مەدەنىيەتنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ ئەڭ توغرا بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[6] دەپ، يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىغان. كېيىن ئېنگېلس مورگاننىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىش تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ ھەم ئۇنى يەنىمۇ بېيىتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى «تۆمۈر رۇدىلىرىنى تاۋلاشتىن باشلاپ يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يازما ھۆججەتلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلىشى بىلەن مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتكەن»[7]، «مەدەنىيەت دەۋرى بولسا تەبىئىي مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىشلەش مەزگىلى، ھەقىقىي ھۈنەر ۋە سەنئەتنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىدۇر»[8] دەپ قارىغان. كېيىن ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ كىلد كلاك كولىن تۈنجى بولۇپ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشىنى ئايرىشنىڭ بىرقەدەر ئېنىق بولغان ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، ئۇ: «بىرىنچى، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان شەھەرلەر؛ ئىككىنچى، يېزىق؛ ئۈچىنچى، مۇرەككەپ بولغان قائىدە ـ يوسۇن مەركەزلىرى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ ئامىلى بولۇپ، ھەرقانداق مەدەنىيەت بۇ ئامىللارنىڭ ئىككىسىنى ھازىرلىغانلا بولسا، قەدىمكى مەدەنىيەت بولالايدۇ»[9] دەپ، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاساسلىق ئۈچ خىل ئامىلغا يىغىنچاقلىدى.

دېمەك، يۇقىرىقى ئالىملار مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئالامەتلىرىد- نى قىسمەن پەرقلىق بىرنەچچە ئامىلغا يىغىنچاقلىغان بولسىمۇ،

بىراق ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇلار ئاساسەن يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى، شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، مۇرەككەپ بولغان قائىدە ـ يوسۇن مەركەزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، ئەمگەكنىڭ مۇئەييەن ئىش تەقسىماتىغا ئايرىلغان بولۇشىنى، تەشكىلى تەرتىپلىك بولغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلگەن بولۇشىنى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن. تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا مەلۇمكى، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئۇنداق ئامىللىرى پەقەتلا سىنىپ ۋە دۆلەت بارلىققا كەلگەن دەۋردىلا ئاندىن جەمئىيەتتە ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىپ چىقالايدۇ. ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئۇنداق ئامىللارنىڭ بەزىلىرى بارلىققا كەلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرۇش كۆچىگە ئىگە بولالمايدۇ.

نۆۋەتتە، ئىلىمىز ئالىملىرىمۇ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت دەۋرىنى ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىلىپ، دۆلەت تەشكىلى بارلىققا كەلگەن، جەمئىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتكەن باسقۇچتىن باشلانغان دەپ قارىماقتا. ئۇلار: بۇنداق جەمئىيەتتە شەھەرلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇشى، يېزىق ئىختىرا قىلىنغان ۋە ھۆججەتلەرنى خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلگەن بولۇشى، مېتال تاۋلاش بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر تارىخشۇناس جيەن بوزەن ئەپەندى (1898 ــ 1968 ـ يىللار) ئىلىمىز تارىخىدىكى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىنى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ، «تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1700 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇڭگو تارىخى غايەت زور ئۆزگىرىش جەريانىنى باشلىدى. بۇ قېتىملىق تارىخىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، ئىپتىدائىي جامائە تۇزۇمى يىمىرىلىپ، شاڭ سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى، شاڭ سۇلالىسى خەلقى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدا تامامەن يېڭى بىرونزا قورال مەدەنىيىتىنى ياراتتى ھەم بۇ خىل مەدەنىيەت ئاساسىدا ناھايىتى

زور قەدىمكى زامان دۆلىتىنى قۇرۇپ، جۇڭگو مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ تارىخىي پەردىسىنى ئاچتى»[10] دەيدۇ. مەشھۇر ئارخېئولوگ شيا نەي ئەپەندىمۇ (1910 ــ 1985 ـ يىللار) شاڭ سۇلالىسى دەۋرىنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت دەۋرى باشلانغان مۇھىم دەۋر دەپ ھېسابلاپ، «يىن خارابىسى مەدەنىيىتىدە، مەركىزىي شەھەر، يېزىق ۋە بىرونىزا بۇيۇملاردىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئامىل مەۋجۇت، ئۇ دەل شانلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىدۇر»[11] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكى چەت ئەل ۋە ئىلىمىز ئالىملىرىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئامىللىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرساق، ئۇ چاغدا شەھەر، يېزىق، مېتال قوراللار (بەزى رايونلاردا بىرونىزا قوراللار، بەزى رايونلاردا تۆمۈر قوراللار) ۋە مۇرەككەپ بولغان قائىدە ـ يوسۇن مەركەزلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، جەمئىيەتتە ئەمگەكنىڭ مۇئەييەن ئىش تەقسىماتىغا ئايرىلىشى، تەشكىلىي تەرتىپلىك بولغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلار مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئاساسلىق ئامىللار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولىدۇ.

بىراق، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دۇنيادىكى ھەرقايسى رايون، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىش، تەرەققىي قىلىشىنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆزىتىپ تەھلىل قىلغاندا، تارىخىي، جۇغراپىيەۋى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقايسى رايون، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى ئامىللىرىنى بىردەك ئايرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، دۇنيادىكى بەزى رايون ياكى مىللەتلەر ئىپتىدائىي جامائە يىمىرىلىپ، دۆلەت بارلىققا كەلگەن دەۋرگە كىرگەندىمۇ، ئۇلارنىڭ تېخى مەخسۇس ھۆججەتلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىدىغان رەسمىي يېزىقى بارلىققا كەلمىگەن. مۇرەككەپ بولغان قائىدە ـ يوسۇن

مەركەزلىرىمۇ بەزى رايون ۋە مىللەتلەردە ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولغان بولسا، بەزىلىرىدە دۆلەت ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلگەن دەۋردىمۇ بارلىققا كەلمىگەن. شۇڭا، ھەرقايسى رايون ياكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مەدەنىيەت دەۋرىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بىلەن يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت دەۋرى توغرىسىدا ئۆزگىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاملىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ھازىرلىغانلارنى مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.»[12]

غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، نۆۋەتتە مەيلى قايسى خىل تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر بولسۇن، ئۇلاردا غەربىي يۇرتنىڭ قاچان مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خاتىرىلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرى رايونىمىزدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرى دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغاچقا، بەزىلەر «شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن كېيىنرەك بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئىچكى رايونلار ئاللىقاچان بىرونزا دەۋرىگە ياكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋاقىتتا شىنجاڭ يەنىلا يېڭى تاش قورال دەۋرى ياكى مىس، تاش قوراللار دەۋرىدە تۇرغان» دەپ تونۇپ، «ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ــ 5 ـ ئەسىر) ۋە يىغىلىق دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ــ 3 ـ ئەسىر) مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى قۇلدارلىق

تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇ دەۋرلەردە چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئومۇمەن ئالغاندا بىرقەدەر ئارقىدا ئىدى، بەزى جايلار تېخى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇراتتى، بەزى جايلار بولسا سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. شىنجاڭدا بولسا بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىسى مەۋجۇت بولغان بولۇشى كېرەك، لېكىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان جايلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقى جەزمەن»[13] دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بىراق، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ نەتىجىلىرى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يازما ماتېرىياللاردىن كۆرە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، قەدىمدە «شىنجاڭ رايونىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداقتۇر مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى»[14] ئىسپاتلاپ بەردى، نەتىجىدە ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگلارنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا يېڭى تونۇشلارغا كەلتۈرۈپ، «قەدىمكى دەۋردە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ باشقا رايونلارنىڭكىدىن بىرقەدەر كېيىن بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى»[15] ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەپ بەردى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگ چېن گې ئەپەندى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى» دېگەن تەتقىقات ئەسىرىدە «شىنجاڭنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار بىلەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارنىڭ ئارىلىقىدا

بىرونزا دەۋرىدە تۇرغانلىقىنى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى»[16] ئىلمىي ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىپ، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ باشقا جايلارنىڭكىدىن ئارقىدا بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نۆۋەتتە، ئالىملار قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە بىرونزا دەۋرى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ماسلاشقان، جۇڭگو، مىسىر، بابىلون، ھىندىستان قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى بىرونزا دەۋرىدە قۇللۇق تۈزۈم تىكلەنگەن ۋە گۈللەنگەن مەزگىلدە تۇرغان، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرمۇ تاش قورال ۋە مىس قورال بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر بىلەن بىرونزا دەۋرىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ جەھەتلىرىدە قەدىمكى مىسىر، مىسوپوتامىيە ۋە شەرقتىكى باشقا مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرغان، ئاشۇ يىراق قەدىمكى زاماندىلا ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان»[17] دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ، رايونىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنلا مىس كانلىرىنى تېپىپ قېزىپ، مىس تاۋلاش، ئېرىتىش، قۇيۇش تېخنىكىلىرىنى ئىگىلەپ، بىرونزا مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان. نۆۋەتتە، ئارخېئولوگلار غەربىي يۇرتنىڭ بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دەپ تونۇپ كېلىۋاتقان، دەۋرى 3000 ــ 4000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، كىچىك مورەن قەبرىستانلىقى، خېجىڭ

ناھىيەسىدىكى شىنتاران ئىزى، بارىكۆل ناھىيەسىدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇۋەنزى ئىزى، كۈيسۇ ئىزى، شىرىنزى ئىزى، ئاراتۆرۈك ناھىيەسىدىكى كارىساق ئىزى، تۇرپاندىكى قاراغوجا ئىزى، ئاقسۇدىكى قارا يۇلغۇن ئىزى ۋە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئاقتالا ئىزى قاتارلىق ئىز ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن تاش قورال ۋە رەڭلىك ساپاللاردىن باشقا، يەنە زور مىقداردا بىرونزا قورال تېپىلدى. ئېلان قىلىنغان دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى ئىز ۋە قەبرىستانلىقلاردىن مىس پىچاق، مىس پالتا قاتارلىق ئەمگەك سايمانلىرى، مىس باشاق، مىس ئاي پالتا قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى، مىس بىگىز، مىس كۆزگۇ، مىس ئىزمە (تۈگمە)، مىس قازان (داڭقان) قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مىس ھالقا، مىس مارجان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ باھالىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىزىل مىستىن ياسالغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپچىلىكى بىرونزا (كۆك مىس)دىن ياسالغان. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەگمەچ دەستىلىك پىچاق، قاناتلىق باشاق، تۈگمىلىك كۆزگۇ، چوڭ پالتا، قازان (داڭقان) قاتارلىق بۇيۇملارنى ئاددىي، ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ياسىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئېنىقكى بىرقەدەر مۇرەككەپ قۇيمىچىلىق ئۇسۇلى بىلەن ياساپ چىقىلغان، شۇڭا ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىرونزا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇرمۇشىدا مىس ۋە بىرونزا قورال - سايمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، نەتىجىدە جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپ كېلىپ چىقىشقا باشلىغان. گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، قۇم ئېرىق قەبرىستانلىقى، شىنتاران ئىزى، لەنجۇۋەنزى ئىزى ۋە كويسۇ

ئىزى قاتارلىق ئىز ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان بۇغداي دانلىرى، كۆيدۈرۈلگەن ياغاچ كۆمۈر، توپا، ھايۋانات سۆڭەكلىرىگە ھەم ئۇلتۇراق ئۆي ئىزلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىرونزا دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئىنسانلار ئاللىقاچان ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈپ، مۇقىم دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھەر خىل تاش قوراللار، ساپال بۇيۇملار ۋە بىرونزا قوراللارنىڭ ياسىلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بىر ئىقتىسادىي تارماققا ئايلانغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى تاش قوراللار، ساپال بۇيۇملار ۋە بىرونزا قوراللاردىن كۆرە، گۈمۈگۈ قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردىن چىققان، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان گىلەم ئەۋرىشكىسىدىن، يەنە يۇڭ پالاس، كۆن ـ خۇرۇم، كىگىز قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەنئۈەن قەبرىستانلىقى، قۇم ئېرىق قەبرىستانلىقى ۋە گۈمۈگۈ قەبرىستانلىقىدا كالا، قوي ۋە ئاتلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى، باش سۆڭەكلىرىنى دەپنە قىلىش ئەھۋاللىرى بار. بۇلارنى يەنە ئاشۇ قەبرىلەردىن چىققان كۆن ـ خۇرۇم بۇيۇملارغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، «بۇ، ھايۋانلارنىڭ گۆش، يۇڭلىرى ۋە تېرىلىرىنىڭ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ»[18]، شۇنداقلا يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، «مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ھەقىقىي خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى كۆچمە مۈلۈكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. ئۆي ھايۋانلىرى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئاساسلىق كۆچمە مۈلۈك

بولۇپ، ئۆي هايۋانلىرىنى خۇسۇسىي ئىگىلىۋېلىش خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ بەلگىسى هېسابلىنىدۇ. ئۆي هايۋانلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇلۇككە ئايلاندۇرۇلۇشى، مۇقەررەر هالدا يەككە ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا باي ـ كەمبەغەللىكنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئومۇم ئىگىدارچىلىق (جامائە ئىگىدارچىلىقى) تۈزۈمىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدۇ»[19]. گومۇگو، قۇمئېرىق ۋە نەنۋەن قەبرىستانلىقىدا بۇنداق ئەهۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گومۇگو قەبرىستانلىقىدا بىر قەبرىگە قوي، كالا مۈڭگۈزلىرىدىن 26 دانىسى قويۇلغان. نەنۋەن قەبرىستانلىقىدىكى ئەهۋاللار تېخىمۇ ئالاهىدە بولۇپ، «قەبرىلەردە ئاخىرەتلىك قىلىنغان بۇيۇملار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى بىرقەدەر ئېنىق بولۇپ، بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردىكى جەمئىيەت سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان»[20].

غەربىي يۇرتنىڭ بىرونزا دەۋرىنىڭ يەنە بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋردە ئۈچىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، يەنى سودىگەرچىلىك بارلىققا كەلگەن. گومۇگو قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەبرىستانلىقلاردىن دېڭىز قۇلۇلىسى (سەدەپ) تېپىلغان بولۇپ، ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، رايونىمىزدىن دېڭىز قۇلۇلىسى چىقمايدۇ، ئۇنداق دېڭىز قۇلۇلىسى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوخەي دېڭىزى، خۇاڭخەي دېڭىزى، نەنخەي دېڭىزىدىن، هەتتا هىندى ئوكيان، ئەرەب دېڭىزىدىن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دېڭىز قۇلۇلىلىرى ئەينى دەۋردە شىنجاڭ بىلەن هەرقايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنى، دېڭىز قۇلۇلىسى مالغا مال ئالماشتۇرۇشتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىمۇ مىنتال پۇل بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى

دېگىنىز قۇلۇلىسى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىك مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. بۇ، ئەينى جەمئىيەتتە ئالماشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1976 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيەسىدىكى يىن خارابىسىدىن (شاڭ دەۋرى خارابىسى) بايقالغان پادىشاھ جەمەتىنىڭ بىر قەبرىسىدىن (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى) جەمئىي 755 دانە قاشتېشى بۇيۇم تېپىلغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى[21]. بۇ، بىر جەھەتتىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى بىرونزا دەۋرىدە غەربىي يۇرت قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى قەدىرلىنىپ، ئېسىل بۇيۇم قاتارىدا ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن قەدىمدە قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىدە تەڭ قىممەتلىك ئالماشتۇرۇش بۇيۇمى بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتتە باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ كۆنسېرى زورىيىشى نەتىجىسىدە، «ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماي، تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى سىنىپ ـــ سودىگەرلەر شەكىللەنگەن»[22]. مەلۇمكى، ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان پۇل ۋە جازانىخور سىنىپ بولغان سودىگەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ دەۋرلەردىكى «سودا مۇئەييەن دەرىجىدە مالغا مال ئالماشتۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئىچىدە راۋاجلانغان. پۇل ئىگىلىكىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، دۆلەتلەر

ئىچىدىكى سودا دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان»[23].

ئىپتىدائىي شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر ئاساسىي ئامىلى بولۇپ، نۆۋەتتە غەربىي يۇرتتا شەھەرلەرنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىش خېلىلا قىيىن. لېكىن، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»دە: «روران، قۇس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ تۈگۈنىدىكى ئەللەر... نىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرى بولسىمۇ، ھەربىي كۈچى ئاجىز»[24] دېيىلگەن بولسا، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I »دە: «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ»[25] دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتىنى خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. بىرونزا دەۋرىگە دائىر خارابە ـ ئىزلاردىن قارىغاندىمۇ، ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتا ئىپتىدائىي شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان تۇزكۆل خارابىسى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى بولۇپ، چاسىراق شەكىلدە كەلگەن، دائىرىسى 6400 كىۋادرات مېتىر، ئايلانمىسى 300 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدە تۆت ئۆينىڭ ئورنى بار. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈچى شەھەرنىڭ مەركىزىگە، بىرى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر تاش دۆۋىلىك قەبرىستانلىق بولۇپ، دەۋرى شەھەرنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش[26]. ئۇنىڭدىن باشقا، باركۆلدىكى لەنجوۋەنزى ئىزى ۋە خېجىڭ ناھىيەسىدىكى شىنتاران ئىزىدا تاش قۇرۇلمىلىق ۋە كېسەك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش ئىزلىرى، ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى بار. بۇ رايونىمىزدا بىرونزا دەۋرىدىلا ئىپتىدائىي شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ تارىخىي پەردىسى ئېچىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگلار يەنە

ھازىرقى تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى تەتقىق قىلىپ، يارغول شەھىرىنىڭ تارىخىنى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى زاماندىلا ئىپتىدائىي ئاھالىلەر (يەنى قۇسلار) ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيان ــ زەخمىتىدىن ساقلىنىش ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى (غولىدىكى) بۇ جاينى تاللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ماكانىنى قۇرۇپ چىققان»[27] دەيدۇ. دېمەك، بۇمۇ رايونىمىزدا ئىپتىدائىي شەھەرلەرنىڭ بۇنىڭدىن 3000 ــ 4000 يىللار بۇرۇنقى بىرونزا دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مۇرەككەپ بولغان قائىدە ــ يوسۇن مەركەزلىرى، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد سورۇنلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلى. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، گۇمۇگۇ مەدەنىيىتى[28] دەۋرىدە لوپنۇر رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەردە روھ ــ ئەرۋاھلارغا، ئەجدادلارغا ۋە كۆن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرى بولغان. بولۇپمۇ، گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىكى تامامەن ئەرلەرنىڭ قەبرىلىرى دەپ قارالغان نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەكلىدىكى قەبرىلەر بىزگە ئەرلىك ھوقۇقىنىڭ تىكلەنگەن، گۈللەنگەن دەۋرىنى ۋە ئاشۇ دەۋردە قۇياشقا (كۈنگە) ئالاھىدە چوقۇنۇش بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا كۈن تەڭرى (قۇياش ئىلاھى) ئۇقۇمى مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە قۇتۇبى ناھىيەسى قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي تېۋىنىش رەسىملىرى[29] رايونىمىزنىڭ بىرونزا دەۋرىدىكى دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ــ يىللارنىڭ ئالدىنقى

مەزگىلىگە، يەنى بىرونزا دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بۇ قىيا تاش رەسىمى قۇتۇبى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 75 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەر جىنسىقا تېۋىنىش ۋە ھەر خىل ئۇسسۇل ئوبرازلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ قىيا تاش جايلاشقان ئورۇن سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول جاي بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەر قەدىمدە ئادەتتىكى جاي بولماستىن، بەلكى شۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان قوۋملەرنىڭ پەرزەنت كۆرۈشنى تىلەش، ئۇرۇق - قەبىلە نوپۇسىنىڭ ئاۋۇشىنى تىلەش قاتارلىق دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددەس سورۇنى بولغان.

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرونزا دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئاھالىلەر تۇرمۇشىدا روھ - ئەرۋاھلارغا، ئەجدادلارغا، كۆن تەڭرىگە، ئەر جىنسقا... تېۋىنىش ئادىتى بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە - يوسۇن مەركەزلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن.

گەرچە مورگان «مەدەنىيەت جەمئىيىتى، يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن باشلانغان»[30] دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن مورگاندىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەرنى ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىختىرا قىلغان ۋە ئىشلەتكەندىن باشلاپ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مەسىلەن، پىرونى مەركەز قىلغان ھالدا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە تارقالغان «ئىنكا مەدەنىيىتى» دەۋرىدە (مىلادىيە 15 ــ 16 - ئەسىرلەر) ئىندىيانلار ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس ھۆججەتلەرنى خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئېلىپبەلىك يېزىق ئىجاد قىلمىغان، پەقەت ئىش - ۋەقەلەرنى خاتىرىلەيدىغان بەلگە

شەكىلدىكى سۈرەتلىك يېزىقلارنى ئىشلەتكەن[31].

ئۇنىڭدىن سىرت، دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ تارىخىدىن شۇ مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەسلەپ سۈرەتلىك يېزىقلارنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەسۋىرىي يېزىقلارنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىپبەلىك يېزىقلارنى ئىجاد قىلغان، ئېلىپبەلىك يېزىق بولسا قەدىمكى مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دەۋردە بارلىققا كەلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ يېزىق تارىخىغا كەلسەك، بۇ تېخى تەتقىق قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە. ۋاھالەنكى، 1969 — 1970 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالماتادىن تەخمىنەن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 — 4 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان ئېسسىك قەبرىستانلىقىدىن ئاخىرەتلىك بۇيۇم قىلىنغان قاچىلارغا يېزىلغان ئېلىپبەلىك يېزىقنى بايقىدى. ئارخېئولوگلار بۇ يېزىقنى «ئېسسىك يېزىقى» دەپ ئاتىدى. بۇ بىزگە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىلا ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[32]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۆۋەتتە غەربىي يۇرت تەۋەسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېغى تاش قورال دەۋرىگە، بەزىلىرى بىرونزا دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ) قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تامغا، بەلگىلەر خېلىلا كۆپ[33]. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى تۈركىي مىللەتلەر قوللانغان تامغا، بەلگىلەردىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ قاراش ئىسپاتلانسا، غەربىي يۇرتنىڭ يېزىق تارىخى يىراق قەدىمكى زامانغا سۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەر يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئالدى بىلەن سۈرەتلىك ۋە تەسۋىرىي يېزىقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېيىلگەن

قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارغىچە بولغان زاماندا غەربىي يۇرتتا بىرونزا مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بىرونزا قوراللار ئىشلەپچىقىرىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئېشىنچا مەھسۇلاتلار بارلىققا كەلگەن. ئېشىنچا مەھسۇلاتلار تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىپتىدائىي پۇللارنى (دېڭىز قۇلۇلىسى، قاشتېشى قاتارلىق)، سودىگەرلەر سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن، نەتىجىدە ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى يىمىرىلىپ، سىنىپلار ئايرىلىپ چىقىپ، تەدرىجىي ھالدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار بارلىققا كەلگەن، نەتىجىدە جەمئىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن. خۇددى ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى ئېيتقاندەك، مۇشۇ دەۋردە «بىر قىسىم رايونلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان»[34] ھەم بۇ رايونلاردا دەسلەپكى دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى تىكلەنگەن. ياپونىيە تەتقىقاتچىسى چاڭزى خېجۇن «كروران خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ: «توخار تىلى (تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تىل) تەتقىقاتىدىن بىلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن 3000 ـــ 4000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسىدا بەگلىكلەر شەكىللىنىپ چىققان» دېگەن ئىلمىي يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مىراسلىرى بولغان ئۇرۇق ۋە يېزا جامائەسىمۇ يەنىلا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان.

ئىزاھلار:

① «شىنخۇا لۇغىتى» 879 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② «قىسقىچە ئىجتىمائىي پەنلەر لۇغىتى» 174 ـ بەت، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③⑦⑧㉒ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم 21 ـ، 23 ـ، 162 ـ، 172 ـ بەتلەر، خەلق نەشرىياتى 1972 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ دانئېل (ئەنگلىيە): «ئارخېئولوگىيەنىڭ 150 يىلى» 179 ـ بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤⑥㉚ لېۋىس ھېنرى مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت» 19 ـ، 58 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑨⑫ چېن شىڭسەن: «مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەدەنىيەت دەۋرى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1987 ـ يىللىق 5 ـ سان 459 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑩ جيەن بوزەن: «چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر تارىخى» 137 ـ، 139 ـ بەتلەر، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ شيا نەي: «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 5 ـ سان 5 ـ بەت.

⑬ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم 19 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑭ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى تونۇش»، «قامۇس بىلىملىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان 19 ـ بەت.

⑮ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى تونۇش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1989 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان 86 ـ بەت.

⑯ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى»،

«غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑰㉓ ب. گ. غاپوروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى» 13 ـ، 87 ـ، 88 ـ بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑱ ياڭ يىيۇڭ: «شىنجاڭنىڭ تاش قورااللار بىلەن مىس قورااللار بىللە ئىشلىتىلگەن مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 44 ـ بەت.

⑲ سۇڭ تاۋلىن: «كۆچمە مۇلۇكنىڭ خۇسۇسىيلىشىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا»، «مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى 7 ـ توپلام 244 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑳ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسىدىن تاللانما ماقالىلەر» (خەنزۇچە) 2 ـ توپلام 77 ـ، 78 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى تۈزگەن.

㉑ «شىنجاڭ قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 184 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉔ سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 503 ـ، 504 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉕ بەن گۇ: «خەننامە» 849 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉖ خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات» 109 ـ بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉗ «شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىسى تەزكىرىسى» 107 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉘ ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1983 ـ يىللىق 4 ـ سان.

㉙ ۋاڭ بىڭخۇا: «قوتۇبى ناھىيەسى قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي تېۋىنىش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1989 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان، 1990 ـ يىللىق

1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سان.

㉛ «جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەسى»(خەنزۇچە)نىڭ «ئارخېئولوگىيە» قىسمى «ئىنكا مەدەنىيىتى» ماددىسى.

㉜ ك. ئا. ئاكاشىف (سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئېسسىك قەبرىسى ــ قازاقىستان ساكلىرىنىڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1991 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان.

㉝ ئابدۇقەييۇم خوجا: «قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉞ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرونزا دەۋرى ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەھلىل»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان 53 ـ بەت.

# تارىختىن بۇرۇنقى قەشقەر

قەشقەر — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى.

«قەشقەر» دېگەن نام يالغۇز قەدىمىي شەھەرنىڭلا نامى بولۇپ قالماستىن، بەلكى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق كەڭ زېمىننىڭمۇ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بەزى دەۋرلەردە پۈتكۈل تارىم ۋادىسى قەشقەرىيە دەپ ئاتالسا، بەزىدە تارىم ۋادىسىدا قۇرۇلغان خانلىقلارمۇ قەشقەر خانلىقى ياكى قەشقەر دۆلىتى دەپ ئاتالغان. «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە سۇلې بەگلىكى مەۋجۇت بولغان بولۇپ، «قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كاشغەر شەھىرى (ھازىرقى مارالبېشىنىڭ غەربىدە) ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىدى. يەكەن دەرياسى ۋادىسىدا ساكارائۇل (ھازىرقى يەكەن) ۋە چاكۇكا (ھازىرقى قاغىلىقنىڭ شىمالىدا)، كاۋانتا (ھازىرقى تاشقورغان) قاتارلىق ئۈچ بېقىندى بەگلىك بار ئىدى. زېمىن دائىرىسى ئاساسەن ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىغا توغرا كېلەتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، سۇلې بەگلىكىنىڭ مەركىزى غەربتىكى كاشغەر شەھىرىگە (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ئەتراپى)غا كۆچۈرۈلگەن»[1].

قەشقەر — قەدىمدە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى

ئۇچۇن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ۋە قوشۇلىدىغان مۇھىم جايى بولغان. شۇڭا، قەشقەر قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى يارىتىپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت تارىخىدا كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان مەشھۇر ئەدىب، مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇددىزم مەدەنىيەت تارىخىدا يۇكسەك شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان ھەم كوشان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى قەنىشقا (مىلادىيە 125 — 150 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)غا دۆلەت ئۇستازى بولغان سامگالوشا (僧罗刹)، 8 - ، 9 - ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن، جۇڭگونىڭ بۇددىزم تارىخىدا «پىر ئۇستاز» دېگەن نامغا نائىل بولغان، شەرق بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئېنسىكلوپېدىك كاتتا ئەسەر «نوملار شەھىرى» (100 جىلد)نىڭ ئاپتورى بويىلا خۇيلىن (裴慧琳، 737 — 820 - يىللار)، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر سەنئەتكار بۇيلا چېڭئېن (裴承恩) ۋە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى كاتتا ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەري قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىدىكى كاتتا ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بولسۇن ياكى جۇڭگونىڭ بۇددىزم مەدەنىيەت تارىخىدا بولسۇن، شانلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدا كاشغەر (ياكى كەشبالىق، ئوردۇ كەنت) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ قەدىمكى يۇرت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىلا غەرب دۇنياسىدا «يىپەك ئېلى» (seres)[2] دېگەن نام بىلەن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىلا شەرق دۇنياسىدا «سۇلې ئېلى» (قەشقەر بەگلىكى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر

بولغان.

بىرەر رايون ياكى مىللەتنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا چوقۇم شۇ رايون ياكى مىللەتنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردە ئاپىرىدە قىلغان مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش شۇ مەدەنىيەتنىڭ يىلتىز - مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئىگىلەشتە بىردىنبىر ئاساسىي تەتقىقات ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ھازىر ئىسپاتلانغان ئىشتۇر. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قەشقەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتە چوقۇم قەشقەرنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردە ئاپىرىدە قىلغان يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش تولىمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانغاندا، قەشقەرنىڭ يازما تارىخى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن باشلىنىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن ئىلگىرى قەشقەرنىڭ ئاساسەن يازما يادىكارلىقى بولمىغان. ئارخېئولوگىيەدە ئىنسانلارنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى بارلىققا كەلمىگەن دەۋرى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر، يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى بارلىققا كەلگەن دەۋرى تارىخىي دەۋر دەپ ئايرىلىدۇ[3]. شۇڭا، قەشقەرنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەدىمكى مەدەنىيىتى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلاردا يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىردەك بولمىغاچقا، ھەرقايسى رايونلارنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرىنىڭ يىل چېكى بىلەن تارىخىي دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىل چېكى ئوخشاش ئەمەس. قەشقەرنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرى ئاساسىي جەھەتتىن تاش قورال دەۋرى (يەنى كونا تاش قورال دەۋرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرى)، بىرونزا

دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر مەدەنىيىتىنى (يەنى يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى) يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك دەۋرلەر بويىچە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1. كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىسپاتلىنىشىچە، غەربىي يۇرتتا كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئاھالىلەرنىڭ پائالىيىتى باشلانغان. قەشقەر بولسا قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ پائالىيىتى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 34 كىلومېتىر كېلىدىغان تىزناپ يېزىسى جىرغال تەۋەسىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزىنى تاپتى. ئارخېئولوگلار بۇ ئىزنىڭ ئۈچ يېرىدىن قېلىنلىقى 4 ــ 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇنئىي ئوت ئىزىنى (كۈل دۆۋىسىنى)، كىۋارتىستىن چوقۇپ ياسالغان بىر دانە چاناش ـ يانجىش قورالىنى، بىرنەچچە پارچە تاش ياپراقچىسىنى، ئوتتا كۆيگەن ھايۋان سۆڭەكلىرىنىڭ پارچىلىرىنى، كۆمۈر پارچىلىرىنىڭ قالدۇقىنى تېپىپ چىقىپ، «بۇ ئىزنىڭ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان ئەجدادلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزى ئىكەنلىكىنى، ئىزنىڭ ساقلىنىش ھالىتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئاھالىلەر بۇ جايدا ئوۋچىلىق قىلغاندىن كېيىن گۈلخان يېقىپ، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى، يەپ بولغاندىن كېيىن سۆڭەكلەرنى ئوتقا تاشلىغانلىقىنى، قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ بۇ جايدا خېلى ئۇزۇن

ۋاقىتلارغىچە ئۈزلۈكسىز ھايات كەچۈرگەنلىكىنى دەلىللىدى»[4].

1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋە 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى يەنە ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى مەلۇم جايدىن ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ ماڭلاي سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، جاغ سۆڭىكى (يەنە قەدىمكى ھايۋاننىڭ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشقا ئايلانغان تاغاق سۆڭىكى)نى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «ئاتۇش ئادىمى» دەپ نام بەردى. «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەكلى ۋە تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى ئانالىزىغا قارىغاندا، ئۇ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەئەللۇق بولۇپ، 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەن. ئۇنىڭ تەخمىنەن دەۋرى بۇنىڭدىن 17 مىڭ يىللار ئىلگىرى دەپ پەرەز قىلىنماقتا[5]. جىرغال مەدەنىيەت ئىزى بىلەن «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنىڭ تېپىلىشى قەشقەردە كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئاھالىلەرنىڭ پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، سۈنئىي ئوت ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك قىلىش جەريانىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، قەشقەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيىتى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان يۇرت ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2. يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

قەشقەردە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى سۇلتانباي ئىزى بىلەن خوجا قانال ئىزى ۋە 1913 ـ

يىلى ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستېيىن مارالبېشىدىن بايقىغان بارچۇق ئىزى بىرقەدەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلارنىڭ 1983 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا⑥، خوجا قونال ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ يارنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، سۇلتانباي ئىزى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۆسەر ئېقىنىنىڭ (دەرياسىنىڭ) شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇندىن جەمئىي 400 دىن ئارتۇق يادىكارلىق يىغىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە تاش قوراللار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساپال پارچىلىرى، سۆڭەك قوراللار، چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار، سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار ۋە ئازراق مىس بۇيۇملار بىلەن هايۋان سۆڭەكلىرىمۇ بار. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئوپال يېزىسىدىن بايقالغان يۇقىرىقى ئىككى خارابە ئىزى رايون ۋە ئارىلىق جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقمۇ، پەرقمۇ بار. تاش ئۆزەكلىرى ۋە تاش قوراللىرىنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، خوجا قونال ئىزىدىكى بۇيۇملار سۇلتانباي ئىزىدىكىدىن مول. ئىككى ئورۇندىن بايقالغان تاش پىچاقلارنىڭ شەكلى ۋە هۈنەر ـ سەنئىتىدە خېلى زور پەرق بار. خوجا قانال ئىزىدىكى قوراللار چوقۇش ۋە يونۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان. سۇلتانباي ئىزىدىكى قوراللار بولسا سۈركەپ ياسالغان. خوجا قانال ئىزىدا ئىنچىكە تاش ياپراقچىلار هەم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاش ياپراقچىلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يالپاق تاشتىن ياسالغان قوراللار ئىچىدە قىرغۇلار (قىرىش قوراللىرى) ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار يوق. ساپال پارچىلىرى بولسىمۇ، بىراق هەممىسى قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتكەچكە، بۇيۇمنىڭ ئەسلىي هالىتىنى پەرق

ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال بۇيۇملار ئادەتتە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بۇيۇملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجا قانال ئىزى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خارابە ئىزى بولۇشى مۇمكىن. سۇلتانباي ئىزىدىكى بۇيۇملار گەرچە خوجا قانال ئىزىدىكى بۇيۇملارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇ يەردىن بىرقەدەر كېيىنرەك بولغان دەۋرنىڭ يادىكارلىقلىرى (مەسلەن، سۈركەپ ياسالغان تاش پىچاق، يارغۇنچاق، تاش باشاق، سۆڭەك باشاق ۋە مىس بۇيۇملار) تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىلادىيەدىن 3000 ــــ 4000 يىللار بۇرۇنقى تىپىك يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ كېلتەمىنار مەدەنىيىتىدىكى بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، سۇلتانباي ئىزىنىڭ دەۋرى خوجا قانال ئىزىنىڭكىدىن كېيىنرەك بولۇشى، ئەمما يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن بولماسلىقى مۇمكىن[7]. دېمەك، خوجا قانال ئىزى ۋە سۇلتاناي ئىزىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى قوشنا رايونلاردىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغاندا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدە قەشقەر رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئېلگىرىكى تاغ جىلغىلىرىدا ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىق قىلىپ ياشاشتىن دەريا، كۆل بويلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، دەسلەپكى يېزا ـ مەھەللىلەرنى بىنا قىلىپ ياشاشقا ئۆتكەن. سۈركەپ ياسالغان تاش قورال ئارقىلىق ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە باقمىچىلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامدىغان ھەم كېيىنكى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئاساسى بولغان يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ برونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت

مۆجىزىلىرىنىڭ مەنبەسىنى ھاسىل قىلغان.

3. بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتى

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا (يەنى بۇنىڭدىن 3000 ــ 4000 يىل بۇرۇن) قوشنا رايونلارغا ئوخشاش بىرونزا دەۋرىدە تۇرغان[8] بولۇپ، بىرونزا مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بىرونزا قوراللار ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۇنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان. ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش بولۇپ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن[9].

قەشقەرنىڭ بىرونزا دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم ماتېرىياللاردا بىرقانچە ئورۇن تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاقتالا مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان ئاقتالا، ئۆڭكۈرلۈك، قورۇقتالا ۋە دۆۋىلىك قاتارلىق ئىزلارنى ۋەكىل قىلىپ تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىغا جايلاشقان ئاقتالا ئىزى بىرقەدەر تىپىك بولۇپ، بۇ ئىز نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى بىرونزا دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئىزلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1972 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا[10] ئاساسلانغاندا، ئارخېئولوگلار بۇ ئىزدىن مۇئەييەن ساندىكى تاش قوراللارنى، قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان كۈل رەڭ، قوڭۇر رەڭ ۋە قىزىل رەڭدىكى ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىنى، مىس پىچاق قاتارلىق مىس قوراللارنى يىغىۋالغان. تاش قوراللارنىڭ ئىچىدە، ھىلال ئاي شەكلىدە كەلگەن تاش پىچاقلار (11 دانە) بىلەن تاش ئورغاقلار (ئالتە دانە) ئالاھىدە. ئۇلارنىڭ شەكىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خېنەننىڭ ئەنياڭ ناھىيەسىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە بولغان يىن (شاڭ

سۇلالىسى) خارابىسىدىن تېپىلغان تاش ئورغاق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە چۇست خارابىسىدىن تېپىلغان تاش ئورغاقتا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ[11]. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىزدىن تېپىلغان ئېگەرسىمان تاش يارغۇنچاق (ئۈچ دانە)، تاش توقماق (ئالتە دانە)، بىلەي تاش (ئۈچ دانە)، سالغا تاش (بىر دانە)، تاش ساقا (بىر دانە)، تاش ئۇرچۇق (تۆت دانە)، تاش ھالقا (ئىككى دانە) ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر رەڭلىك ساپال (43 دانە)، قىزىل رەڭلىك ساپال (بەش دانە)، كۈل رەڭلىك ساپال (11 دانە) پارچىلىرى، مىستىن ياسالغان كىچىك بۇيۇملار، مىس پارچىلىرى، كىچىك مىس پىچاق قاتارلىق يادىكارلىقلار ئۆڭكۈرلۈك، قورۇقتالا، دۆۋىلىك قاتارلىق ئىزلاردىن ۋە ئاقسۇدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قارا يۇلغۇن ئىزىدىن تېپىلغان شۇ خىل يادىكارلىقلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر بىرونزا مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى قەشقەرنىڭ بىرونزا دەۋرىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ جەھەتلىرىدە شەرقنىڭ باشقا مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرغانلىقىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلانغانلىقىنى، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ تارىخىي پەردىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4. دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتى

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا، «غەربىي يۇرت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، تۆمۈر قوراللارنىڭ دەۋرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن تېپىلغان تۆمۈر

قوراللاردىن كېيىن بولماستىن، بەلكى ئۇلاردىن 300 — 400 يىل بۇرۇن بولغان. بۇ هال غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىدىن ئارقىدا قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[12]. قەشقەر رايونىنىڭ بۇ دەۋردىكى مەدەنىيىتىگە 1976 - يىلى ۋە 1977 - يىلى قېزىلغان تاشقورغان ناھىيەسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى[13]ۋەكىللىك قىلىدۇ. شامبابا قەبرىستانلىقى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 40 قەبرىنى قېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار تاشقى شەكلىگە ئاساسەن تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرگە ۋە تاش دائىرىلىك قەبرىلەرگە، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بويىچە جەسەت كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرگە ۋە جەسەت يەرگە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرگە ئايرىلىدۇ.

ئېلان قىلىنغان دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، شامبابا قەبرىستانلىقىنىڭ كاربون 14 ($C^{14}$) ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىلغان يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 - يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ[14]. قېزىلغان 40 قەبرىنىڭ ئىچىدە پەقەت 20 قەبرىدىن ساپال بۇيۇم، مىس - بىرونزا بۇيۇم، تۆمۈر بۇيۇم، ئالتۇن بۇيۇم، تاش بۇيۇم، سۆڭەك بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇم ۋە كىگىز پارچىسى دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ، باشقا 20 قەبرىدىن ئاساسەن ھېچقانداق ھەمدەپنە بۇيۇملار تېپىلمىغان. بۇ بىزگە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدە قەشقەردە ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە مېتالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامدىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش

ئىگىلىكىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ماددىي جۇغلانما مەھسۇلاتلار كۆپىيىپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقلىرى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىش ئارقىلىق تەدرىجىي كىشىلەر ئارىسىدا باي، كەمبەغەللىك پەرقلىرى كېلىپ چىقىپ، جەمئىيەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، قېزىلغان M9، M19، M20، M37 نومۇرلۇق تۆت قەبرە ئادەم ھەمدەپنە قىلىنغان (ئادەم قۇربانلىق قىلىنغان) قەبرىلەر بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىدە قەبرە ئىگىسى بىلەن بىللە بىردىن ئۈچكىچە ئادەمنى ياكى تىرىك كۆمۈۋەتكەن، ياكى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەن، ياكى بېشى، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ كۆمۈۋەتكەن ئەھۋاللار بار. بۇنداق ھادىسە ئېنىقكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ بىزگە شۇ دەۋردە قەشقەر رايونىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ قورالى بولغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىنتايىن جانلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياپونىيە ئالىمى چاڭزى خېجۇن ئەپەندى «كروران خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇلاھىزىسىدىمۇ تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئەللەرنى 3000 ـــ 4000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ بىزگە قەدىمكى قەشقەر رايونىدا بىرونزا دەۋرى بىلەن دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدە دەسلەپكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، قەدىمكى قەشقەر خانلىقىنىڭ ئەنە شۇ دەۋرلەردە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① لىن مېيسۈن: «قەشقەرنىڭ بۇددىزم ئارخېئولوگىيەسىدىن

قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1992 ـ يىلى 2 ـ سان 35 ـ بەت.

② چيەن بوچۇەن: «seres ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 1 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ «جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەسى» (خەنزۇچە)نىڭ «ئارخېئولوگىيە قىسمى» 476 ـ بەت.

④ ۋاڭ بو: «تاشقورغان ناھىيەسى جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑤ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 81 ـ جىلد «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» 95 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ «ئوپالدىكى ئىنچىكە تاش قورال ئىزنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑦ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑧ چېن گې: «شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑨ ئەخمەد سۇلايمان: «يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑩ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئاقتالا قاتارلىق ئىزلار» دېگەن ماقالە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا يېڭى تونۇش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى

(خەنزۇچە) 1989 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان، 79 ـ بەت؛ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» 61 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑫ چېن گې: «شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قورالالار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان.

⑬ «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەبرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑭ يۇتەيشەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» 32 ـ بەت، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى

ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئېستېتىك كۆزقاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك شەكىللىنىش جەريانىنى ئېنىقلاشتىمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى، راۋاجى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېستېتىك كۆزقارىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تېخى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بىراق، تارىخىي يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ۋە تارىختىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئېستېتىك ھېس، چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى بار دەپ

قارايدىغان ئانىمىزملىق دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا كېلىپ چىققان ئادەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەردىن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك «ئۇيغۇرلار ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن. ھازىر ئالىملارمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ كەلمەكتە. گەرچە بىز «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ھۇنلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىغا دائىر بىۋاسىتە خاتىرىلەرنى تېخى ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، بىراق ھۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەسەرلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن ھۇنلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «خەننامە»دىكى «لى گۇاڭ — سۇ جيەنىڭ تەرجىمىھالى»دا، ھۇنلارغا ئەسىرگە چۈشكەن، ئەسلىي خەن سۇلالىسى قوماندانلىرىدىن بولغان لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈينىڭ ھۇنچە ياسىنىپ، خەن سۇلالىسىدىن ھۇن خانلىقىغا كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈي كالا گۆشى ۋە هاراق بىلەن خەن ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشتى، لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈي ھەر ئىككىلىسى ھۇنچە كىيىنىپ چېچىنى تۈرۈۋالغانىدى»①. سۇنجى ئەپەندى «چېچىنى تۈرۈۋېلىش» دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ، «چېچىنى تۈرۈۋالماق — چېچىنى ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋېلىشقا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ، چېچىنى دومبىسىگە ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىكتۇر»② دەيدۇ. لىن گەن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «چېچىنى ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىك چېچىنى قويۇۋېتىش (ئۇزۇن ئۆستۈرۈش) دېگەنلىك»③ دەيدۇ. دېمەك، بىز «خەننامە»دىكى يۇقىرىقى خاتىرىلەر ئاساسىدا ھۇنلاردا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش

ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېنىق پەرەز قىلالايمىز. يەنە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا مەلۇم بولغان ھۇنلارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن قارىغاندىمۇ، ھۇنلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

1924 ـــ 1925 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى پ. ك. كوزلوف موڭغۇلىيەدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى نويان تېغى باغرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى ھۇنلار قەبرىستانلىقىنى قازغان. بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالدا «بىر قەبرىدىن 17 تال ئۆرۈمە چاچ، يەنە بىر قەبرىدىن چوڭ بىر تال ئۆرۈمە چاچ تېپىلدى. بۇ ئۆرۈمە چاچنىڭ يۇقىرى قىسمىغا قىزىل يىپ باغلانغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چېچىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ»④ دېيىلگەن. مانا بۇ قەدىمكى ھۇنلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ماددىي يادىكارلىقىدۇر.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە تۈركلەردىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «ئۇلاردا (تۈركلەرنى دېمەكچى) چېچىنى پېشىگىچە چۇشۇرۇۋېلىش ئادىتى بار ئىدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تەيزۇڭنىڭ خانزادىلىرى تەزكىرىسى»دە: «چاڭشىيەن بېگى چىلىڭ چيەن تۈركچىنى راۋان سۆزلىيەلەيتتى، تۈركچە كىيىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ تۈركلەرنىڭ چىراي ـ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلار (تۈركلەر) قوي تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، ئۆرۈمە چاچ قويغان بەش ئادەمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئۆم دەپ ئاتايتتى»⑤ دېيىلگەن. تۈركلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا تېپىلغان بالباللاردىمۇ (تاش ھەيكەل) ئەكس ئېتىدۇ. ئارخېئولوگلارنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە، ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن

نۇرغۇن تۈرك بالبالىرى تېپىلدى[6]. بۇ بالبالار ئارىسىدا موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى ئات قىرمىسىدىن تېپىلغان بالبال تولىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ بالبالنىڭ بېشىدىكى بۆكنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆرۈمە چاچ ئىنچىكە بولۇپ، تاپانغا چۈشۈپ تۇرىدۇ[7]. مانا بۇ قەدىمكى تۈركلەردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ ھۇنلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىق بارلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنى يەنە «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»دىكى «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى ئىدى» دېگەن خاتىرە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلساق تېخىمۇ ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز.

خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغان. «كونا تاڭنامە» 199 ـ جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى»دە: «ئۇيغۇرلار ئۆرۈمە چاچ قوياتتى» دېيىلگەن[8]. «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «قاڭقىللار تەزكىرىسى»دىمۇ قاڭقىللارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ليۇ يىتاڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «.... بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغان»[9] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئېنىقكى، يۇقىرىقى يازما خاتىرىلەر ئۇيغۇرلاردا ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تۈركشۇناس ما چاڭشۇ ئەپەندى: «دى، دىڭلىڭ ۋە تېلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك دېگەن مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە ھەر خىل ئاتىلىشى» دېسە، ئۇيغۇرشۇناس دۈەن لىيەنچىن ئەپەندى: «شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۇنلار (گۈيفاڭلار)، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار، 16 پادىشاھلىق، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئېگىز ھارۋىلىقلار

(قاڭقىللار)، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تىللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل ئاتىلىشىدۇر»[10] دەيدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك يازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۆرۈمە چاچقا دائىر سۆز - ئاتالغۇلار مۇنداق ئىزاھلانغان:

θrgüq — ئۆرۈمە چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى (1 - توم 129 - بەت).

θrmə Saq — ئۆرۈمە چاچ (1 - توم 175 - بەت).

θŋik — چۇپۇر چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى (1 - توم 182 - بەت).

θrqük — ئۆرۈلگەن چاچ (1 - توم 140 - بەت).

θŋkləndi — چاچ سالدى.

uraθut θŋkləndi — خوتۇن چاچ سالدى، يەنى ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى (1 - توم 409 - بەت).

tarθak — تارغاق (1 - توم 611 - بەت).

taraldi — تارالدى.

saq taraldi — چاچ تارالدى (2 - توم 176 - بەت).

tarandi — تاراندى، تارىدى.

ol saqïn tarandi — ئۇ تاراندى. ئۇ (باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز) چېچىنى تارىدى (2 - توم 205 - بەت).

saqtaxdi — چاچلاشتى.

olar ikki saqtaxdï — ئۇلار ئىككىسى چاچلاشتى (2 ـ توم 303 ـ بەت).

saqlaxdï — چاچلاشتى.

ol ikki bilə saqlaxdï — ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن چاچلاشتى (2 ـ توم 308 ـ بەت).

taradï — تارىدى، تاراتتى.

kïz saqïn taradï — قىز چېچىنى تارىدى (3 ـ توم 356 ـ بەت).

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى يۇقىرىقى سۆز ـ ئاتالغۇلار بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ، «θŋik — چۇپۇر چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى؛ θŋikl əndi — چاچ سالدى؛ uraθut θŋikl əndi — خوتۇن چاچ سالدى، يەنى ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى» دېگەن سۆزلەر قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ياسىنىشقا، جۈملىدىن چاچلىق بولۇشقا، چاچ شەكىللىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى، سۇمباتلىق، گۈزەل بولۇش ئۈچۈن چېچى يوق ياكى چېچى ئاز خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ياسالما چاچلارنى سېلىپ، چاچلىق، يەنى بوستان چاچ بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېنىقكى، ئۇزۇن بوستان چاچلىق بولۇش ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ خوتۇن ـ قىزلارنى ئەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى زوق ـ شوق بىلەن تەسۋىرلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

موڭغۇل دالاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغانلىقى يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغىنىغا ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئىسپاتلاندى. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگلار لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن قەدىمكى قەبرىستانلىق — گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىگە دائىر قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تېپىپ چىقتى. بولۇپمۇ، بۇ قەبرىستانلىقتىن بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇن دەپنە قىلىنغان ئايال جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بەش تال ياغاچ قونچاق، بىر تال تاش قونچاق تېپىلدى. «بۇ قونچاقلارنىڭ باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن، چاچلىرى قىسقا ئۆرۈلگەن بولۇپ، مۈرىلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ»[11]. 1976 ـ، 1977 ـ يىللىرى يەنە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىلغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 — 5 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان «بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇلغان»[12]. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان «ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن»[13]. 1985 ـ يىلى ئارخېئولوگلار چەرچەن ناھىيەسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدىن قازغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىنمۇ يۇقىرىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىسىگە

ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى بايقىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 — 3 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق قەبرىگە ($M_2$) تۆت جەسەت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغانلىرى ئايال. بۇ ئەرنىڭ جەسىتى بىلەن بىر ئايالنىڭ جەسىتى ئۆز ئەينى ساقلانغان بولۇپ، تەبىئىي مۇمىياغا ئايلانغان. ئەر جەسەتنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 0.3 مېتىر، چاچنىڭ ئۇچىغا قىزىل يۇڭ يىپ قوشۇپ ئۆرۈلگەن، چاچنىڭ توملۇقى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت تال قىلىپ ئۆرۈلگەن[14].

ئارخېئولوگلار بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، «ئۇنىڭ كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى» مۇئەييەنلەشتۈرگەن. قۇمۇلدىن تېپىلغان، دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلگەن قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى بۇيۇملارغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان «جەسەتلەر ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى سارغۇچ، بۇدۇر، بەزى ئايال جەسەتلەرنىڭ بېلىگىچە چۈشىدىغان ئۆرۈمە چاچلىرى بار»[15].

دېمەك، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار قەدىمكى ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمدە تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئاھالىلەردىكى ئادەت بىلەن ئاساسەن ئوخشايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتتىمۇ ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ، يەنى بۇنىڭدىن 4000 ــ 5000 يىللار بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىكەنلىكى ئېنىق. بىراق، بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى ياكى قانداق دىنىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغانلىقىنى يازما ھۆججەتلەردىن ياكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ تېپىش تەس. گەرچە بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە ھېچقانداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېستېتىك قارىشى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدىن بۇ نۇقتىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئابلىمىت روزىنىڭ «يەنە ئۇيغۇر تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدىكى «باغۇبوستان»، «دەرەخ قىز» دېگەن تارماق ماۋزۇلاردا: «ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە دەل ـ دەرەخلەر قەدىرلىك ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ تارىخىي ئاساسى شۇكى، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە دەل ـ دەرەخلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىدىغان پاناھگاھ ۋە تۇرار جاي بولغاندىن باشقا، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلارغا ئوزۇقلۇق بەرگۈچى سىرلىق شەپقەتچى بولۇپ تۇيۇلغان. ‹ئوغۇزنامە› داستانىدىمۇ: ئوغۇزخاننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرى كۆكتىن چۈشكەن نۇردىن تۆرەلگەن، يەنە بىرى كۆل ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە مانا شۇ ‹دەرەخ قىز›غا مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادى ۋە ئانىمىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولغان.

شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا بەش ياشتىن يۇقىرى قىزلاردا چاچلىرىنى سۆگەت تاللىرىغا ئوخشىتىپ 6، 12، 24، ھەتتا 48 تال قىلىپ ئۆرۈش ئادەتلىرى پەيدا بولغان. بۇ ئۆزىنى «دەرەخ قىز»غا ئوخشاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ»[16] دەپ يېزىلغان. خەلقىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇشىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئانىمىزملىق كۆزقاراشلار بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇئەييەن دىنىي چۈشەنچىسى بىلەن باغلانغان، خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ۋە بەزى يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق مەلۇم بولغان ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك قارىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىنىقلاپ چىقالايمىز.

مەلۇمكى، ھېكايە شەكلىنى ئالغان ھەر خىل ئەپسانىلەر ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئەپسانىۋى شەكىلدە ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپسانىلەر ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، دۇنيا قاراش ۋە روھىي كەچۈرمىشلەردىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئەپسانە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان»[17]. ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، سەزگۈ ئەزالىرى بىۋاسىتە ھېس قىلغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ياكى جىسىملىرى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانلار بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ياكى جىسىملىرىغا ئەمەس، بەلكى

ئۆزلىرىگە نىسبەتەن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر (تۇپراق)، تاغ، دەريا، ئوت، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ياكى جىسىملىرىغا ئېتىقاد قىلغان. مانا بۇلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئوبيېكتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە دەل ـ دەرەخلەر ئىنسانلار ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىدىغان، پاناھلىنىدىغان ماكان ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسايدىغان ماتېرىيال، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالىدىغان مەنبە بولۇپ تۇيۇلغاچقا، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئوبيېكتلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغان.

«ئادەم دەرەختىن تۇغۇلىدۇ» دەيدىغان قاراش قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قارىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئەينى دەۋرلەردە ئەر ـ ئاياللارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە باللارنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، «دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە» دەپ قاراپ، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىنى دەل ـ دەرەخلەرگە باغلاپ، ئۇلارنى ئىلاھىي ئانىلارغا ئوخشاتقان. بۇ خىل قاراشنىڭ ئىزنالىرىنى خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن ۋە خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

رىۋايەت شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە»دە، ئوغۇزخاننىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ئىنتايىن ساھىبجامال، كۆزى ئاسماندەك كۆك، چېچى ئېقىن سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك گۈزەل بىر قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ[18]. ھازىر تۇرمۇشىمىزدا، چىرايلىق چاچلىق، بولۇپمۇ ئۇزۇن چاچلىق قىزلار سۇمبۇل چاچ، بوستان چاچ... دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، دەرەخ سۇ بىلەن ئۆسىدۇ. سۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى، سۇ بويىدىكى دەرەخ

تاللىرى خۇددى تال ـ تال چاچلاردەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، دەرەخلەر تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە ئىلاھىي ئانىلارنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مەنبەسى ۋە گۈزەللىكنىڭ تىمسالى بولۇشىمۇ تەبىئىي. دېمەك، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنى قەدىمكى ئەجدادلار تۇرمۇشىدىكى دەرەخكە چوقۇنىدىغان ئانىمىزملىق قاراش ئاساسىدىكى ئېستېتىك ئاڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن ھەر خىل ئەسەرلەردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەددەس دەرەخلەرگە باغلاپ رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن، 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق پارس تارىخچىسى جۇۋەينى ئۆزىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىككى تۈپ دەرەخكە باغلاپ ھېكايە قىلىدۇ[19]. مەشھۇر تارىخچى راشىددىن: «ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەشھۇر خانى بۆكۈخاننى دەرەختىن تۇغۇلغان دەپ قارىشىدۇ» دەپ يازغان. ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركوپولومۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى خانى دەرەختىن تۇغۇلغان دېگەن رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن ئەسەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. «ئىدىقۇت خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى دەرەخكە باغلاپ رىۋايەت قىلىنغان[20].

يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى ھازىرمۇ خەلقىمىز تۇرمۇشىدىن ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خەلقىمىز ئۆي ـ جاي سالغاندا ئالدى بىلەن كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىدۇ، باغ بەرپا قىلىدۇ. كۆكلەپ تۇرغان دەرەخلەرگە كىر ـ قات يېيىشنى يامان بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ. دەرەخلەرنى سۇندۇرۇش،

شاخلىرىنى قايرىپ ئوشتۇشنى يامان كۆرىدۇ. ئادراسمان، ئارچا ياغاچلىرىدا ئىسرىق سېلىپ كېسەللەرگە شىپالىق تىلەيدۇ. كېسەلگە شىپالىق تىلەش ئۈچۈن ئېتىلىدىغان «ئەرۋاھ ئېشى» چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قويۇلىدۇ. بالا يۈزى كۆرۈش ئارزۇسى بار ئاياللار مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىغا لاتا باغلاپ پەرزەنت تىلەيدۇ. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار قېرى دەرەخنى كەسمەيدۇ. ھەتتا قېرى دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ساۋاب بولىدۇ دەپ ھويلا ياكى ئىشىك ئالدىلىرىغا ئۈجمە دەرىخى تىكىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىغا مەنزىرىسى گۈزەل بولسۇن دەپ سۆگەت قاتارلىق تاللىق دەرەخلەرنى تىكىپ قويىدۇ. كىچىك قىزلار سۆگەت تاللىرىدىن ياسالغان ئۆرۈمە چاچلارنى ئېسىشتۈرۈپ ئوينايدۇ. مانا بۇلار ئۇيغۇرلاردىكى دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىزنالىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئالەم قارىشى، ئېستېتىك ئاڭلىرى سىڭگەن.

شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىلاھىي ئانىلار ۋە گۈزەل قىزلارنىڭ سىمۋولى بولغان دەرەخلەرنىڭ تاللىرىغا تەقلىد قىلىش ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئاساسىدا كېلىپ چىققانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

ئىزاھلار:

① بەن گۇ: «خەننامە» 54 ـ جىلد «لى گۇاڭ، سۇجيەنىڭ تەرجىمىھالى» 352 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)نىڭ 1987 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىكى سۇنجى ئەپەندىنىڭ ماقالىسى.

③ لىن گەن: «ھۇن تارىخى» 157 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق

نەشرىياتى 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ ما چاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» 71 ـ بەت، سەنلىيەن نەشرىياتى 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 80 ـ جىلد «چاڭ شيەن بېگى چىلڭ شيەننىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ ۋ. س. سولوخيېف: «تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىدىن يېڭىدىن تېپىلغان تۈرك تاش ھەيكىلى (بالبال)»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑦ ۋاڭ مىڭجى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بالباللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان 199 ـ بەت.

⑧⑨ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» 213 ـ بەت، جېڭجوڭ كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑩ ما چاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» 3 ـ بەت، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تېلىلار» 553 ـ بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ (گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى) قېزىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» 332 ـ بەت.

⑫⑬⑮ ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑭ ئەخمەت رىشىت، دولقۇن قەمبىرى: «تارىم ئارخېئولوگىيەسىدىكى بىر قېتىملىق زور بايقاش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان، 5 ـ بەت.

⑯ ئابلىمىت روزى: «يەنە ئۇيغۇر تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

⑰ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» 4 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑱ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ‹ئوغۇزنامە›» 44 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑲ جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي» 1 ـ كىتاب 62 ـ، 64 ـ بەتلەر، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑳ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى» 458 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى

دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، تارىختا ئۆلارنىڭ جەسەتنى (مېيىتنى) بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى، يەنى دەپنە ـ مۇراسىم ئادەتلىرىمۇ خىلمۇخىل بولۇپ كەلگەن. ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، ئەنە شۇ دەپنە ـ مۇراسىم ئادەتلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خىل دەپنە قىلىش شەكلىدۇر. يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا ياشىغان ئاھالىلەردە جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىدىن باشقا، يەنە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ بولغان. بىراق، قەدىمكى دەۋرلەردە ھەرقايسى قوۋملارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ پەرقلىقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. بەزى دەۋردە بەزى رايوندىكى قوۋملەر جەسەتنى ئالدى بىلەن ئالاھىدە بىر ئورۇننى تاللاپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن كۈلىنى قەبرىگە دەپنە قىلغان ياكى جەسەتنى بىۋاستە قەبرە ئىچىگە ئەكىرىپ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان؛ بەزى دەۋردە بەزى رايوندىكى قوۋملار جەسەتنى ئالدى بىلەن ئالاھىدە بىر ئورۇننى تاللاپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن كۈلىنى ساپال كومزەكلەرگە قاچىلاپ، ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلغان؛ بەزى رايونلاردا جەسەت

كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن كۈلى مۇنارلارغا دەپنە قىلىنغان ياكى چېچىۋېتىلگەن. جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل دەپنە ئادىتى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بۇددا دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان. بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ خىل دەپنە ئادىتى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن بىللە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان.

### 1. قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىگە دائىر يازما مەلۇماتلار

خەنزۇچە كىلاسسىك ماتېرىياللاردا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا دائىر ئۇچۇر - مەلۇماتلار ئەڭ دەسلەپ چاڭلار (羌) ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. قەدىمكى كىتابلاردا چاڭلار بەزىدە دى - چاڭ (狄羌)، چاڭ رۇڭ (羌戎)، غەربىي چاڭ (西羌)، غەربىي رۇڭ (西戎) دەپ خىلمۇخىل ئاتىلىپ كەلگەن. «تەيپىڭ يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى»نىڭ 7 - جىلدىدا چاڭلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۈستىدە توختىلىپ، «چاڭلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى سورۇۋېتىدىكەن» دېيىلگەن. «زوچۇەن يىلنامىسى»دە: «رۇڭلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرى خۇاشيالارنىڭكىگە ئوخشىمايلا قالماستىن، ھەر خىل مۇراسىم قائىدىلىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن» دېيىلگەن بولسا، «موزى» دېگەن كىتابتا: «چىن بەگلىكىنىڭ غەربىدە يىچۇ ئېلى بار. ئۇ ئەلدىكى كىشىلەر يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسە، ياغاچ - ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن» دېيىلگەن. «شۈنزى» دېگەن كىتابتىمۇ دى - چاڭلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن①.

تارىخچىلارغا مەلۇمكى، چاڭلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 — 7 - ئەسىرلەردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەنشى،

گەنسۇ، چېڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن قوۋم بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە بىر تۈركۈم چاڭلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە تەدرىجىي ھالدا تىبەت، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. «كېيىنكى خەننامە. چاڭلار ھەققىدە قىسسە»دە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى خەنزۇ (خۇاشيا)لاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلاردا غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بار ئىدى، دەپنە مۇراسىم قائىدىلىرىدە «جەڭدە ئۆلۈشنى خەيرلىك، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى شۇملۇق ھېسابلايتتى، ئۆلگەنلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ساپال كوزىغا سېلىپ، قەبرىگە دەپنە قىلاتتى. قەبرىنىڭ ئۈستىنى تاش بىلەن يېپىپ توپا بىلەن كۆمۈۋېتەتتى»[2] دېيىلگەن.

تارىم ۋادىسى ئىنسانلارنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بۇ رايوندىكى ئەل ۋە قوۋملارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئىگىلىكى، ئادەتلىرىگە دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «ۋېينامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە، «ئاگنى بەگلىكىدە ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن دەپنە قىلىدىكەن، يەتتە كۈنگىچە قارىلىق تۇتىدىكەن، ئادەتتە كۆك تەڭرىگە تېۋىنىدىكەن، بۇددا ئەقىدىسىگىمۇ ئېتىقاد قىلىدىكەن[3]» دېيىلگەن. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ خۇي سېڭ يازغان «لوياڭدىكى ساڭرامىلار خاتىرىسى»نىڭ 5 ـ بابىدا، ئۇدۇن بەگلىكىدە «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى ئوتتا

كۆيدۈرۈلۈپ كۆلى يەرگە دەپنە قىلىنىدىكەن، ھازىدارلار ماتەم ھېسابىغا چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلايدىكەن، پەقەت پادىشاھنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلمەي، تاۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالاغا دەپنە قىلىنىدىكەن، ھەمىشە ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن»④ دەپ خاتىرىلەنگەن.

تارىخىي كىتابلاردا غەربىي يۇرتنىكى باشقا بەگلىكلەردە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، بىراق «ئوكيانۇس»تا «راھىبلار تەرجىمىھالى»نىڭ 2 ـ جىلدىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «كۇسەنلىك مەشھۇر بۇددا ئالىمى كومراجىۋا مىلادىيە 413 ـ يىلى چاڭئەندە ۋاپات بولغاندا، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە جەسىتى كۆيدۈرۈلدى»⑤ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «ۋېينامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىمۇ: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، نىكاھ ـ دەپنە ئىشلىرى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى ئاگنى بەگلىكىنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ»⑥ دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كۇسەن بەگلىكىدىمۇ ئادەم ئۆلسە جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بولغانلىقى مۇقەررەر.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قوۋملاردا ئادەم ئۆلسە جەسىتىنى تۇپراققا دەپنە قىلىشتىن سىرت، يەنە كۆيدۈرۈپ قەبرىگە دەپنە قىلىدىغان ئادەتمۇ بولغان.

تۈركلەر مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا، جۇملىدىن غەربىي يۇرتتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلاردىمۇ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولغان. بۇ ھەقتە «جۇنامە . تۈركلەر تەزكىرىسى»دە، ئۇلار «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى چېدىرىنىڭ

ئىچىگە قويۇپ قويىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئات - قوي ئۆلتۈرۈپ چېدىرنىڭ ئالدىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى چېدىرنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە پىچاق بىلەن چېكىسىنى تىلىپ، قان چىقىرىپ ئاھۇ - پەرياد قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا مىنگەن ئات ۋە كىيگەن كىيىم - كېچەكلىرىنى جەسىتى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىدىكەن. كۈلىنى يىغىپ ئېلىۋېلىپ، بىرمەھەل ساقلاپ ئاندىن كۆمىدىكەن. ئەتىياز، ياز مەزگىللىرىدە ئۆلگەنلەرنى ئوت - گىياھ، دەل - دەرەخلەر سارغىيىپ خازان بولغۇچە، كۈز، قىش مەزگىللىرىدە ئۆلگەنلەرنى ئوت - گىياھ، دەل - دەرەخلەر ياشىرىپ باراقسان بولغۇچە ساقلاپ، ئاندىن قەبرە كولاپ كۆمىدىكەن»[7] دېيىلگەن. بىراق، تۈركلەردىكى جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئىلىگ قاغان (باغا چۇرشاد، مىلادىيە 620 — 630 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىغا كەلگەندە ئۆزگەرگەن بولۇپ، جەسەتنى يەرلىك كولاپ كۆمىدىغان ئادەت ئومۇملىشىشقا باشلىغان، بۇ ئەينى دەۋردىكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان. «يېڭى تاڭنامە . تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ تەيزۇڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشكە ھەيران قېلىپ، «ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئەسلىدە جەسەت كۆيدۈرۈلەتتى، ھازىر ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، جەسەتنى يەرگە كۆمۈپ قەبرە قاتۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ روھ - ئەرۋاھلارغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولمامدۇ»[8] دېگەن.

خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولغان. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە.

بۆگۈخۈەيئېننىڭ تەرجىمىھالى»دا: «لۇڭتەي تۈنجى يىلى (765 ـ يىلى) بۆگۈخۈەيئېن ئۇيغۇرلار ۋە شوفاڭ ۋىلايىتىدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى باشلاپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مىڭشا ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەندە، كېسەل تېگىپ ئارقىسىغا قايتىپ كەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇ لىڭۋۇدا ئۆلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆز قائىدىسى بويىچە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلدى»[9] دېيىلگەن. بۆگۈخۈەيئېن (仆固怀恩) ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن بىرى بولغان بۆگۈ (بارغۇت، 仆固) قەبىلىسىدىن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە يېزىلغان تۈركچە، پارسچە ئەسەرلەردىمۇ ئۆلاردا جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، پارسچە يېزىلغان يەتتە توملۇق «رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق ئەسەرنىڭ 1 ـ توم 23 ـ بېتىدە: «تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ يىراق زامانلاردىكى ئەجدادلىرى ۋە قانداشلىرى بولغان خەزەرلەر بۇنىڭدىن 5860 يىللار بۇرۇن جەسەتنى دەپنە قىلىش ئىشىدا مۇنداق ئادەت ـ رەسمىيەتنى قوللىناتتى: كىشىلەر ۋاپات بولسا، جامائەت يىغىلىپ جەسەت ئەتراپىدا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاق زامانلار داۋام قىلدى»[10] دەپ رىۋايەت قىلىنغان.

2. قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىگە دائىر ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار

نۆۋەتتە، شىنجاڭ دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىش ئادىتىدىن باشقا يەنە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىمۇ بولغان.

1976 ـ، 1977 ـ يىللىرى رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگلار

تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان شامبابا قەبرىستانلىقىدىن جەمئىي 40 قەبرىنى قازغان[11]. بۇ قەبرىلەرنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىلغان يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 ـ يىللار ئارىلىقىغا توغرا كەلگەن[12].
بۇ قەبرىنىڭ ئىچىدىكى 19 قەبرىگە جەسەت ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل دەپنە قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىككى خىل بولغان. بىر خىلىدا جەسەت بىۋاسىتە قەبرە ئىچىگە ئەكىرىلىپ كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر خىلىدا جەسەت ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئورۇندا كۆيدۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئاندىن كۆلى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان. ئارخېئولوگلار شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى جەسەت تۇپراققا دەپنە قىلىنغان 21 قەبرە ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، جەسەت ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغان 19 قەبرە چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، مۇھىمى شۇكى، بۇ بايقاش، بۇددا دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرىكى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى تۇپراققا دەپنە قىلىشتىن سىرت، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
1957 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى رايونىمىزغا كېلىپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قاراشەھەردىكى شىكشىن مىڭئۆيى خارابىسى جايلاشقان ئورۇندىن (يەنى جىلغىنىڭ جەنۇبىدىن) جەسەت كۆلى قاچىلانغان ساپال كومزەكنى تاپقان. يەنە كۇچادىكى مازاپتان خارابىسىدىن ئىچىگە جەسەت كۆلى ۋە بىر جۈپ چوكا قاچىلانغان ساپال كومزەكنى (داس شەكلىدە) تاپقان[13].
1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار كەلپىن ناھىيەسىدىنمۇ ئۈچ دانە چېدىر شەكىللىك ساپال كومزەكنى تاپقان. بۇ كومزەكلەر تاغ باغرىدىكى تۇپا

قاتلاملىرىدىن چىققان بولۇپ، ئىچىگە جەسەت كۆلى قاچىلانغان. بۇ كومزەكلەرنىڭ سىرتىدىكى گېئومېتىرىيەلىك سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان نەقىشلەر چوقچىيىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان. «76KP:1» نومۇرلۇق كومزەككە نېلۇپەرگۈلى سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بۇددىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) رايونىدا مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە قېزىلىشقا باشلىغان مىڭئۆيلەرنىڭ شەكلى چېدىر تىپىغا كىرىدۇ. «چېدىر» دېگەن سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. سوغد يېزىقىدا بۇ سۆز «چادار» دەپ يېزىلىپ، «ئاخىرەتلىك پاناھگاھ»، «ئاتا ماكان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. سانسكرىتچە ئەسەرلەردە بولسا «چادرا» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «پاناھ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن[14]. بۇنىڭدىن قەدىمكى كۇسەن، ئاگنى (قاراشەھەر) رايونلىرىدا جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1987 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قوغان يېزىسىدىكى ياۋۇلۇق قەبرىستانلىقىدىنمۇ بىر دانە قەدىمكى جەسەت كۆلى قاچىسى تېپىلغان[15]. نۆۋەتتە، ياۋۇلۇق قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى قەشقەر (سۇلې) بەگلىكىدىمۇ جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمىي قوۋملارنىڭ دەپنە قائىدىلىرىدە جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. بۇ خىل دەپنە ئادىتى بۇددىزم دەۋرىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان. بۇددىزم دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ خىل دەپنە ئادىتى بۇددىزم تۈسىنى ئالغان ھەم

تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان، يەنى جەسەتلەر كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، جەسەت كۈلى «چېدىر» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ساپال كومزەكلەرگە قاچىلىنىپ، ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلىنىدىغان بولغان.

3. قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ مەنبەسى

كىلاسسىك ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمىي قوۋملاردىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مۇئەييەن ئېتىقادنىڭ نەتىجىسىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن ھەم مۇئەييەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. بەزى تەتقىقاتچىلار جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلاپ، «بۇنداق ئادەت كېيىنرەك، يەنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن»[16] دەپ قارايدۇ. بىراق، شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار ئۇ خىل قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ قەدىمكى زارا ئاستىر دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، دىن تارىخچىلىرى ئۇلارنىڭ قارىشىنى رەت قىلىپ، «زارا ئاستىر دىنى مۇرىتلىرى سۇ، ئوت، تۇپراقنى مۇقەددەس نەرسە دەپ قارايتتى. شۇڭا، جەسەتنى سۇغا، ئوتقا، تۇپراققا دەپنە قىلمايتتى، ئەكسىچە كۆككە دەپنە قىلاتتى»[17] دەيدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، «ھەرقانداق بىر ئەنئەنىۋى بايرام ۋە مۇراسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇئەييەن بىر ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس»[18]. قەدىمكى قوۋملاردىكى جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ

كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى، ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى تەبىئىي مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى، تۇرمۇش شەكلى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى يەنە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى ۋە ساددا ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمىي قوۋملارنىڭ «ئالەم ـــ تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ماددىدىن تەركىب تاپقان» دېگەن كۆزقارىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە بىلىش فورماتسىيەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى ئەڭ ساددا قاراشلىرىنى بىلدۈرەتتى[19]. شۇڭا، ئۇلاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا كۆك ئىلاھى (تەڭرى)، سۇ ئىلاھى، يەر ئىلاھى (ئۇماي)، ئوت ئىلاھى قاتارلىق ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى كېلىپ چىققان. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئەنە شۇ ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان دەپنە ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى. كىلاسسىك ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوتنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش، ئېتىقاد قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئوتنى بارلىق گۇناھلارنى تازىلىغۇچى «مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ» دەپ قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ يىراقلا جەننەت (ئۇ ئالەم)كە ئۇزىتىپ قويۇش (دەپنە قىلىش) ئادىتى قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭمۇ قەدىمكى ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. خۇددى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي خەلقلەردىكىگە ئوخشاش «ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئىسرىق سېلىش، ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، يېڭى

كىلىنى ئوتتىن ئاتلىتىش، يېڭى قەبرىگە چىراغ يېقىش قاتارلىق ئادەتلەر بىر قىسىم ئارىيانلاردا شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن چاغدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ «رىگاۋېدا» ناملىق قەدىمكى دەستۇرىدا ئىپادىلەنگەن»[20]، يەنە شۇ «رىگاۋېدا»دا جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىش بىلەن بىللە، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش مۇراسىمى مەدھىيەلەنگەن[21].

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارىيانلارغا مۇناسىۋەتلىك خاراپپا مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2350 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1750 ـ يىللارغىچە) بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىغا تارقالغان كۈل رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 ـ يىللارغىچە) ۋە تاشقورغاندىكى ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك شامبابا قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 ـ يىللارغىچە) بىلەن بۈگۈردىكى چۇمباغ قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 955 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 680 ـ يىللارغىچە)دا، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن ئورالغىچە بولغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان، ساك ۋە دىڭلىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاندىرونوف مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغىچە) بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيەگە تارقالغان، دىڭلىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك تاغار مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىرگىچە)، تاشتىك مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگىچە)دە ۋە شەرقتە توبۇل دەرياسىدىن غەربتە دون دەرياسىغىچە بولغان كەڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە تارقالغان ساك ـ سارماتلار مەدەنىيىتى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگىچە)دىمۇ، جەسەتنى ئالدى بىلەن مەلۇم ئورۇندا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن كۆلىنى بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىللە ساپال كومزەكلەرگە قاچىلاپ دەپنە قىلغان ياكى جەسەت كۆلىنىلا ساپال كومزەككە قاچىلاپ دەپنە قىلغان ئەھۋاللار بار[22]. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئوتقا چوقۇنۇش، جەسەتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۆلىنى دەپنە قىلىش ئادىتى بىرونزا ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇنى قانداقتۇر بۇددا دىنى ۋە زارائاستىر دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەندە، مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ.

كىلاسسىك ماتېرىياللارنى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغاندا، ئوتنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش، شۇنىڭ بىلەن ئوتنى بارلىق گۇناھلارنى تازىلىغۇچى مۇقەددەس سېھىرلىك كۈچ دەپ قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ بىراقلا جەننەتكە (ئۇ ئالەمگە) ئۇزىتىپ قويۇش (دەپنە قىلىش) ئادىتىنى قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، قۇياش ئېتىقادچىلىقى يالغۇز قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس ھادىسە ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە بېقىنغان ھالدا ئۆزىگە خاس ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

گەرچە بارلىق ئوت ئېتىقادچىلىقى قۇياش ئېتىقادچىلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ شەكىللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، ئوت دائىم قۇياشنىڭ سىمۋولى قىلىناتتى[23]. كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدىن

بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندىمۇ، قۇياش ئېتىقادچىلىقى قەدىمكى قوۋملارنىڭ يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق، ئاسمان - زېمىن، ماكان - زامان، هايات - مامات توغرىسىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلغان ئالەمنىڭ بىنا بولۇش قارىشىغا مۇجەسسەملىشىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. موڭغۇلىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭغار ۋادىلىرىدىكى هېلىهەم ساقلىنىپ كەلگەن قىيا تاش رەسىملىرى، قەبرىستانلىقلار، ئۆڭكۈر - غارلاردىن قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش - ئوت ئېتىقادچىلىقىغا دائىر جانلىق تەسۋىرلەرنى خېلىلا كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، چوغاي قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بىر رەسىمدە قۇياشنىڭ ئاستىدا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ جۇپلەپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى بار. مىچۈەن ناھىيەسىدىكى دۇشەنزى قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بىر رەسىمدە بىر ئاتنىڭ قۇياش چەمبىرىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى بار. كۆكتوقاي ناهىيەسىدىكى تاڭبالى تاس ئۆڭكۈرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ رەڭلىك رەسىملەر بولۇپ، ئۆڭكۈر تورۇسىنىڭ مەركىزىگە ئىككى يۇملاق قۇياش سىزىلغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى تامامەن ئەرلەرنىڭ قەبرىسى دەپ قارالغان قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە نۇر چېچىۋاتقان قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان چەمبەرسىمان يەتتە قات قوزۇق قېقىلغان. مانا بۇلار قەدىمقى دەۋرلەردىكى قوۋملارنىڭ قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا دائىر جانلىق، ئوبرازلىق ياللداملار بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

يەنە موڭغۇلىيەدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ هەرقايسى رايونلىرىغا تارقالغان تاغلىق، ئېدىرلىقلاردىكى بەزىلىرى تاش قورال دەۋرىگە، بەزىلىرى مېتال قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قىيا تاشلارنىڭ رەسىم چېكىلگەن،

ئويۇلغان ياكى سىزىلغان يۈزى، شۇنداقلا قەدىمكى تۈرك بالباللىرىنىڭ رەسىم چېكىلگەن يۈزىمۇ كۈنچىقىش تەرەپ ياكى جەنۇب تەرەپكە قارىغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇنى «قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك»[24] دەپ قارايدۇ.

كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ قەدىمكى قوۋملارنىڭ قۇياش ـ ئوت ئېتىقادچىلىقىغا دائىر مەلۇماتلار خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن. يۇنان كىلاسسىك تارىخچىسى ھېرودوت «پارسلار بارلىق سىكىفلارنى ساكلار دەپ ئاتايتتى»، «بەزىلەر ماسساگېتلارنى سىكىفلارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ»، «ماسساگېتلار ھەرقايسى ئىلاھلاردىن پەقەت قۇياشقىلا چوقۇنغان، ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئات ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلغان، چۈنكى ئۇلار ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ھايۋان ئاتلا ئىلاھلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يۈگۈرۈك ئىلاھ قۇياشقا ھەمراھ بولالايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئاتنى قۇربانلىق قىلغان»[25] دەپ خاتىرىلىگەن بولسا، ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك تارىخچىسى سىماچيەن: «ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر تاڭدا قارارگاھتىن چىقىپ، كۈنگە قاراپ تەزىم قىلاتتى، ئاخشىمى ئايغا قاراپ تەزىم قىلاتتى»[26] دەپ خاتىرىلىگەن. تۈركشۇناس شۆ زۇڭجېڭ ئەپەندى تۈركلەرنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدا توختىلىپ، «تۈركلەرنىڭ يادرو قەبىلىسى بولغان ئاشىنا ئۇرۇقى ئەسلىدە قۇياش ئىلاھىغا چوقۇناتتى، يەنە بىر يادرو قەبىلىسى بولغان ئاشىد ئۇرۇقى بولسا تەڭرىگە چوقۇناتتى. بۇ ئىككى قەبىلە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا بىللە ياشاش جەريانىدا تۈركلەرنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل ئېتىقاد ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تەڭرى بىلەن قۇياش بىرلىشىپ كەتتى، قۇياش بولسا ئىلاھنىڭ شەكلەن كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى، تەڭرى بولسا ئىلاھنىڭ نامى بولۇپ قالدى»[27] دەيدۇ.

يەنە كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە»دە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ كۈنچىقىشقا يۈزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلىقى، تاڭ

قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسا، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە قاغانلارنىڭ ھۆرمەت ناملىرى كۆپىنچە «كۈن تەڭرىدە بولمىش» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ مەنبەسى بولغان قۇياش ئېتىقادى قەدىمكى قوۋملاردا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان بارلىق ئېتىقادلار ئىچىدىكى مەركىزىي ئېتىقاد ئىدى. قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا — غەربىي يۇرتتا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بولسۇن ياكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانغان بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بولسۇن، قۇياش بىلەن ئوت ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدە ئۇلارغا ھاياتبەخش ئېتىدىغان، ئۇلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى قوغدايدىغان، كۆك - زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرىدىغان، قەبىلە - ئۇرۇقىنى ئاۋۇتىدىغان، كىشىلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ ۋەسۋەسىنى يوقىتىدىغان، قاراڭغۇ - زۇلمەتنى قوغلاپ يورۇق - ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغان، پاكلاش ۋە تازىلاش قۇدرىتىگە ئىگە مۇقەددەس ئىلاھىي كۈچ دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار قۇياشقا ئېتىقاد قىلىش بىلەن ئوتقا چوقۇنۇشنى، قۇياش ئىلاھى بىلەن ئوت ئىلاھىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ كەلگەن. قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا دائىر بەلگە - شەكىللەر، ئوت ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولغان سېۋاستىكا («卐») بەلگىسى، مىس، بىرونزا ۋە تۆمۈردىن ئىشلەنگەن زىبۇ - زىننەتلەردىكى قۇياش ئىلاھى ۋە ئوت ئىلاھى نەقىشلىرى، «خارەزىم» دېگەن يەر نامىنىڭ «قۇياشنىڭ زېمىنى» («خارە» — قۇياش، «زىم» — زېمىن دېگەن مەنىدە) دېگەن مەنىگە، «سوغدىيانا» دېگەن يەر نامىنىڭ «ئوت زېمىن» دېگەن مەنىگە، «كۈنەس» دېگەن يەر نامىنىڭ «كۈن» دېگەن مەنىگە، «ئاگنى» دېگەن يەر نامىنىڭ «ئوت ئىلاھى» دېگەن مەنىگە ئىگە

ئىكەنلىكى، غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ ئۇتنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ، شەھەر ـ كەنتلەردە مەخسۇس ئوت ساقلاش ئۆيلىرىنى ياساپ، ئوتنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆچۈرمەيدىغانلىقى بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىنكاسىدۇر.

ئىزاھلار:

① گو فۇئەن، چېن شۇجۇڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «گەنسۇنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» 92 ـ بەت، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② چيەن بوچۈەن: «غەربىي يۇرتتىكى چاڭلار»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان، 40 ـ بەت.

③⑥ ۋېي شۇ: «ۋېينامە» 102 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 4 ـ كىتاب 2265 ـ، 2266 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى .

④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان 156 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑤ «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخا) 1553 ـ بەت.

⑦ لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 910 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ ئوۋياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە I » 6034 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑨ ليۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 121 ـ جىلد «بۈگۇخۇەيئېننىڭ تەرجىمىھالى» 3489 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑩⑱ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» 387 ـ ، 413 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑪ «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑫ چېن گې: «شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قورالـلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان.

⑬ خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات» 36 ـ، 57 ـ بەتلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑭ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 242 ـــ 255 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑮ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1994 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانى.

⑯ ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان 49 ـ بەت.

⑰ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى دىنلار» 16 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑲ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑳ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دىن»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان 33 ـ، 36 ـ بەتلەر.

㉑ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 3 ـــ 4 ـ توپلام 34 ـ بەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉒ «جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەسى» (خەنزۇچە)نىڭ «ئارخېئولوگىيە قىسمى» 15 ـ، 155 ـ، 510 ـ، 511 ـ، 647 ـ بەتلەر؛ «بۇگۇردىكى چۇمباغ قەبرىستانلىقىنى 1 ـ قېتىملىق قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉓ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1998 ـ يىللىق

1 ـ سان 81 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉔ جۇ چىڭباۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «يىپەك يولى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى» 323 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉕ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 ـ قىسىم 47 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉖ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى» 402 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉗ شۆ زۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى» 724 ـ، 727 ـ، 728 ـ بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان پاختىچىلىقى

شىنجاڭ ــ مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كېۋەز تېرىقچىلىقى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىلا غەربىي يۇرتتا كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا خوتەن ــ نىيە بوستانلىقى بىلەن لوپنۇر رايونى غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى بولغان. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، مىلادىيە 1 ــ 2 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بىر قەدىمكى قەبرىنى قازغان، بۇ قەبرىدىن ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە پاختا يىپتىن توقۇلغان بىر دانە ئەرەنچە ئىشتان، بىر دانە قول ياغلىق، بىر دانە يۇز ياپقۇ (مېيىتنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇلغان)، ئىككى دانە سالفىتكا (غىزا يېگەندە ئىشلىتىلىدىغان ياغلىق) ۋە پاختىدىن ياسالغان ئەگلەك بۆيۈمى چىققان①.

1979 ـ يىلى ۋە 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگلار لوپنۇر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ يەردىكى مىلادىيە 1 ــ 2 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ توققۇز قەدىمكى قەبرىنى قازغاندا، ئۇ قەبرىلەردىنمۇ پاختا ۋە پاختىدىن ئىشلەنگەن رەخت قاتارلىقلار تېپىلغان②.

1980 ـ يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇر رايونىدىكى كروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ـ قېزىش ئېلىپ بارغاندا، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە يەنە پاختا يىپ ۋە پاختا رەختتىن ئىشلەنگەن ئالتە دانە بۇيۇمنى تاپقان[3].

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار لوپ ناھىيەسىدىكى سانپۇل قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ 19 قەبرىنى قازغان بولۇپ، ئۇ قەبرىلەردىن نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇم تېپىلغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە يىپەك توقۇلما بۇيۇملار 10%نى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار 85%نى، پاختا توقۇلما بۇيۇملار 5%نى ئىگىلىگەن[4]. مانا بۇلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋردىلا غەربىي يۇرتتا كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنى، ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ، رەخت توقۇپ، كىيىم ـ كېچەك تىكىپ كىيگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 3 ــ 4 ـ ئەسىرلەردە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتتا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ، خوتەن بوستانلىقى، لوپنۇر ۋادىسى، تۇرپان ئويمانلىقىدا كېۋەز تېرىش، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. «لياڭنامە» 54 ـ جىلد «قۇچۇ تەزكىرىسى»دە: «قۇچۇنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى مول بولۇپ، بۇ يەردە بىر خىل ئۆسۈملۈك بار. ئۇنىڭ غوزىكى پىلە غوزىكىگە ئوخشايدۇ. غوزەكتىن ئىنچىكە، يۇمشاق، ئاق رەڭلىك يىپ تالالىرى چىقىدۇ، كىشىلەر بۇ تالالاردىن رەخت توقۇپ، كىيىم كىيىشىدۇ. بۇنى بەيدىيزى (白叠子) دەپ ئاتايدۇ»[5] دەپ خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش

جەريانىدا، زور مىقداردىكى يازما ماتېرىياللار بىلەن بىللە پاختىدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل بۇيۇملار تېپىلىپ، تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرنى ماددىي ئىسپاتلار بىلەن دەلىللەپ بەردى. 1960 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قۇچۇ خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 443 ــ 640 ـ يىللار)گە مەنسۇپ M309 نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە گېئومېتىرىيەلىك شەكىل چىقىرىلىپ توقۇلغان رەخت تېپىلدى، ئۇنىڭ يىپەك ۋە پاختا ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغانلىقى ئېنىقلاندى. يەنە بىر قەبرىدىنمۇ ساپ پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەخت تېپىلدى.

1964 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى مىلادىيە 3 ــ 5 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ M13 نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇستىگە پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيدۈرۈلگەن بىر لاتا قونچاق تېپىلدى⑥.

1964 ـ يىلى ئاستانە ــ قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىكى مىلادىيە 7 ــ 9 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ M2 نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇزۇنلۇقى 48 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر كېلىدىغان، پاختا يىپتىن توقۇلغان تاغار تېپىلدى. دەۋرى ئوخشاش يەنە بىر قەبرىدىنمۇ بىر دانە جىنچىراغ تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پىلىكى پاختا يىپتىن ئىشلەنگەن. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، 1966 ـ يىلى ئاستانىدىكى M44 نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر پاي قەغەز كەش تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە پارچە كەمتۈك ھۆججەت ئاجرىتىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ھۆججەتتە (تولۇق ئەمەس): «... پاختا يىپتىن ئىشلەنگەن 270 دانە تاغار...»، «... 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خۇەيجۇ مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى...»، «9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پاختا يىپ تاغاردىن ئۈچ دانە...»، «... ئەللىكبېشى ياۋ شىتۇڭنىڭ باشچىلىقىدا...»⑦ دېگەندەك مەزمۇنلار بار. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان خۇەيجۇ مەھكىمىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي

مەھكىملەردىن بىرى بولۇپ، يۇڭجۇ ئايمىقىغا قارىغان. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان پاختا يىپتىن توقۇلغان تاغارلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۇرپاندىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجۇ ئايمىقىدىكى خۇەيجۇ مەھكىمىسىگە توشۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سانىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولغان. «يېڭى تاڭنامە» 40 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە، غەربىي يۇرتتىكى قوچو (تۇرپان)دىن كەلگەن بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە دىبىماۋبۇ (叠毛布) دەپ ئاتىلىدىغان پاختا رەختنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ھۆججەتلەردىكى مەزمۇنلارنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 7 — 9 ـ ئەسىرلەردە تۇرپان ئويمانلىقىدىلا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەر بوستانلىقىدىمۇ كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارغاندا، يەر ئاستىدىن مىلادىيە 7 — 9 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان پاختىدىن توقۇلغان ئاق رەخت ۋە تېگى كۆك، گۈلى ئاق لاتا تېپىلىپلا قالماي، يەنە ئاز مىقداردا چىگىتمۇ تېپىلغان. گۈللۈك لاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، تېگى قېلىن بولۇپ، كۆك رەڭلىك ئارقاق يىپقا ئاق رەڭلىك ئۆرۈش يىپ كىرىشتۈرۈلۈپ گۈل چىقىرىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ باھالىشىچە، بۇ يەردىن تېپىلغان پاختا يىپتىن توقۇلغان بۇيۇملار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، بۇنداق باپكارلىق تېخنىكىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە[8].

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ئىسسىق، سۈيى كۆپ، بايلىقى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى تەرەققىي قىلغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى «قوچۇ تەزكىرىسى»دە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې مىلادىيە 981 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە يازغان «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»دە، قوچۇدىن پاختا (白叠) چىقىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. گېرمانىيەلىك تۈركولوگ گابائىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن ئەسىرىدە «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كېۋەزنى käpäz، توقۇلمىغان پاختىنى batatu ياكى bitatu دەپ، پاختىنى سۈپىتىگە قاراپ taz (يىرىك)، yum ŝaq (يۇمشاق) دەپ ئاتايدۇ»[9] دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ھەم پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەسپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قوچۇنىڭ پاختىسى ئەزەلدىنلا داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان ماتا، سەرگەز يۇمشاق ھەم چىدامىلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇنى بازاردا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇراتتى. 19 ـ ئەسىردە قوچۇ (تۇرپان) رايونىدىن تېپىلغان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پاختا رەخت سودىسىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە 8 — 9 پارچە توختامنامە بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەشھۇر تۈركولوگ رادلوفنىڭ «ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىگە مۇنداق توختامنامىلەردىن ئىككى پارچىسى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ بىرىدە: «يۇڭ بېجى ئۈچۈن بۆز لازىم بولۇپ قالدى. بۆز قەرز ئېلىش ئۈچۈن، بورلۇقتىكى (تەكلىكتىكى) باغۇەننى گۆرۈ سۈپىتىدە ئېل خوجا ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى خالايدۇ. ئۇ خوجا ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ، خوجىنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، يەردىن چىققان ھوسۇلنى خوجىغا تەقدىم قىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىرىدە: «ئۇيغۇر سۇچى بىلەن كۆرە دېگەن ئىككى كىشىگە بۆز لازىم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوكۇيدىن ئۈچ توپتىن بۆز

قەرز ئالماقچى، ئەتىيازدا قەرز ئېلىپ كۈزدە قايتۇرۇشنى، ئۆسۈمنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تۆلەشنى كېلىشتى، سۇرۇكى توشقاندا ھەربىرى ئالتە توپتىن بۆز بېرىدۇ، سۇرۇكى توشقاندا قايتۇرالمىسا، ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە ئۇستىگە يەنە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ»[10] دېيىلگەن. بۇ ئىككى پارچە ۋەسىقىنىڭ مەزمۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە پاختا ۋە پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خانلىقنىڭ ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشى خانلىقنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئايلانغاچقا، ئىدىقۇت تاۋار سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئۆز تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇل تارقاتقان. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قامدۇ ـــ بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ بۆز كونىرىسا ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ»[11] دېيىلگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پاختا ۋە پاختا رەخت ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىرتقا ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ئىدى. «كىتابلار جەۋھىرى. يات ئەللەر تەزكىرىسى»دە: «كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقى (مىلادىيە 951 ـــ 960 ـ يىللار)نىڭ پادىشاھى جۇ تەيزۇنىڭ گۇاڭشۇن 1 ـ يىلى (مىلادىيە 951 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى (يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى) ئەۋەتكەن تۇتۇقبەگ ئوردىغا كېلىپ 1329 توپ چەكمەن (پاختا رەخت) قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى»، «ئۇيغۇر ئەلچىسى مانى 350 توپ چەكمەن قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى»[12] دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈركشۇناس رادلوف تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر

خانلىقىغا دائىر بەزى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغلاردا پاختا ۋە پاختا رەخت ھەتتا پۇلنىڭ رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇلارغا چۆرە ـ دېدەكلەرنى، يەرلەرنى، ئۈزۈملۈك باغلارنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى رايونلاردا كېۋەز تېرىش ئومۇملاشقان، پاختا ئىشلەپچىقىرىش خانلىق ئىگىلىكىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان، پاختا توقۇمىچىلىقى گۈللىنىپ، پاختا مەھسۇلاتلىرى بازارلاردا ئالماشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى سىرتلارغىمۇ كۆپلەپ چىقىرىلغان.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە يەنىلا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق تەرەققىي تاپقان جايلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە بۇغداي، كېۋەز، ئارپا، كۆممىقوناق... قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. بولۇپمۇ بۇ جايلاردا كېۋەز تېرىش ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ جايلاردىن چىقىدىغان پاختىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بۇ پاختىنى «پاكىز ھەم يۇمشاق، ئۇنىڭدىن يىپ ئېشىپ، ئېسىل رەختلەرنى توقۇغىلى بولىدۇ» دەپ ماختىشاتتى[13]. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كېۋەزچىلىك كەسىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، «كېۋەز تېرىغۇچى»، «كېۋەزلىك» دېگەندەك خاس ناملار مەيدانغا كەلگەن. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە پاختا توقۇمىچىلىقى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى، تارىم ۋادىسىدىن چىقىدىغان ئاساسلىق پاختا رەخت ــ «ماتا»، «سەرگەز» قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا مەشھۇر ئىدى. پاختا رەختكە گۈل چىقىرىش، رەڭ بېرىش تېخنىكىلىرىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يىپ چاق بىلەن ياكى قول بىلەن ئېگىرىلەتتى. رەخت توقۇشتا ياغاچتىن ياسالغان دەستىگاھ ئىشلىتىلەتتى. كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئاساسلىقى پاختا رەختتىن تىكىلەتتى. مانا بۇلار، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى رايونلاردا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قاراقىتان خانلىقى (مىلادىيە 1125 — 1218 - يىللار) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، گەرچە تارىم ئويمانلىقىدىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى بىر مەزگىل ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى بوستانلىقلاردا كېۋەز تېرىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا راۋاجلانغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە توقۇمىچىلىق يەنىلا تەرەققىي قىلىپ، «ئالدى بىلەن يەرلىك ئەنئەنىۋى پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ سانى كۆپەيگەن، ھۈنەر - تېخنىكىسىمۇ ئۆسكەن».[14]

چاغاتاي خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 1225 — 1514 - يىللار)دە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا، ھەرقايسى خانلار ئوتتۇرىسىدا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى يەنىلا ئەسلىدىكى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا تەرەققىي قىلغان. 13 - ئەسىردە ئېلىمىزگە ساياھەتكە كەلگەن ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»دە: «قەشقەر دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان شەھەر - كەنتلەر بولۇپ، ئاھالىسى سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرى بار

ئىكەن، بۇ يەردە پاختا ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن، سودىگەرلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىكەن»، «يەكەن ھەيۋەتلىك، كاتتا شەھەر بولۇپ، بايلىق ۋە مەھسۇلاتى ناھايىتى مول، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن، پاختا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن»، «خوتەن دائىرىسىدە نۇرغۇنلىغان شەھەر ۋە قورغانلار بولۇپ، كېۋەز، كەندىر قاتارلىق ھەر خىل زىرائەتلىرى بار ئىكەن»، «فېيىن (چىرا ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا)دىن ھەر خىل ـ ھەر تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى تاپقىلى بولىدىكەن، بولۇپمۇ پاختا كۆپ چىقىدىكەن»[15] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. بۇ ئەينى دەۋردىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان بىلەن ئالمالىقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۇرپان بىلەن ئالمالىقتا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەن چېن چېڭ بىلەن لى شيەن «غەربىي يۇرتتىكى ۋاسساللار تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «قۇچۇ، تۇرپان، لۈكچۈن ئۈچ جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ»، «لۈكچۈن شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ ـ تۆت يول كېلىدىكەن، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپى ئېكىنزارلىق بولۇپ، بۇ يەردە كىشىلەر كېۋەز تېرىپ، پاختىدىن سىلىق، نېپىز رەخت توقۇيدىكەن»[16] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دېگەن ئەسەردە: «ئەۋلىيا چيۇ چۇجى ئالمالىقنىڭ پاختىسىنى مەدھىيەلەپ: پاكىز ـ ئىنچىكە، يۇمشاق كېلىدىكەن، يىپ ئېگىرىسىمۇ، ئارغامچا ئەششىمۇ، رەخت توقۇسىمۇ بولىدىكەن،

دېگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن[17]. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە گەرچە يېغىلىق ـ ئۇرۇشلار ئەۋج ئېلىپ، شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىرمەھەل ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرىكى ئاساسىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلغان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە (1514 — 1680 ـ يىللار)، بولۇپمۇ سۇلتان سەئىدخان (مىلادىيە 1514 — 1533 ـ يىللار) بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1533 — 1570 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ تەرەققىي قىلغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ دەۋردە تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا كېۋەز تېرىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، پاختا توقۇمىچىلىقى ھەممە جايدا ئومۇملاشقان ھەم تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. «قول بىلەن رەخت توقۇش — تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھۈنەرۋەنچىلىككە ئايلانغان»، «بۇ دەۋردە قول بىلەن توقۇلغان پاختا رەخت تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدىكىسى چەكمەن، ئىككىنچى دەرىجىدىكىسى تولىما، ئۈچىنچى دەرىجىدىكىسى ماتا، تۆتىنچى دەرىجىدىكىسى بۆز ـ خام دەپ ئاتالغان. بۆز ـ خام يەنە قول بىلەن توقۇلغان رەختىنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى»[18]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى

خېلىلا تەرەققىي قىلغان ۋە ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ ئومۇملاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ئومۇميۈزلۈك كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان، نەتىجىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئەينى دەۋر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن، پاختىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، يەنە زور مىقداردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغىمۇ توشۇلۇپ سېتىلغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە خوتەن، چىرا، قاراقاش، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا پاختا يىپتىن توقۇلغان كۆركەم ھەم چىداملىق بولغان ماتا، چوتا، سەرگەز، ھەمىرەك، چەكمەن قاتارلىق رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلغان. «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىگەن ئەسەردە، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ رايوندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭلا باج ـ سېلىق نامىدا ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە 110 مىڭ 673 توپ پاختا رەخت، 28 مىڭ 630 كىلوگىرام پاختا تاپشۇرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[19] بولسا، تارىخشۇناس ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا، قەشقەرنىڭ باج ـ سېلىق نامىدا ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە 11 مىڭ 110 توپ پاختا رەخت، يېڭىسارنىڭ 1985 توپ پاختا رەخت، يەكەننىڭ 49 مىڭ 142 توپ پاختا رەخت، خوتەننىڭ 77 مىڭ 663 توپ پاختا رەخت، ئاقسۇنىڭ 4003 توپ پاختا رەخت تاپشۇرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[20]. بۇ سان ـ سىپىرلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا كېۋەز تېرىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىنتايىن

تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپلاتاتسىيەسىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەينى يىللاردا شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن زېشۈيمۇ «جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدىغان پاختىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى» ئېيتقان بولسا، رۇسىيەلىك كوروپاتكىنمۇ «قەشقەرىيە» دېگەن ئەسىرىدە: «قەشقەرىيەنىڭ ھەممە جايلىرىدا كېۋەز تېرىلىدۇ. خوتەن، قەشقەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلىرى ئىنتايىن كەڭرى»[21] دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مانا بۇلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا كېۋەز تېرىشنىڭ ئاساسەن ئومۇملىشىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ نۇقتىلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمدىمۇ ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان، پاختا توقۇمىچىلىق تەرەققىي قىلغان رايون بولغان. شۇڭا، كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ جۇڭگونىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قوشقان زور تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① لى يۈچۈن: «نىيە خارابىسى ۋە شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت ھەمدەپنە قەبرە»، «نىيە ئارخېئولوگىيەسىگە دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە) 35 ـ بەت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1988 ـ يىلى باستۇرغان.

② تۇرسۇن ئەيسا: «لوپنۇر رايونىدىكى شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي

پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1983 ـ يىللىق 1 ـ سان.

③ خۇ سەن: «كروران شەھىرى خارابىسىنى تەكشۈرۈش ۋە دەسلەپكى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1988 ـ يىللىق 7 ـ سان.

④ ۋاڭ بۇ قاتارلىقلار: «لوپ ناھىيەسىدىكى سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑤ ياۋ سىليەن: «لياڭنامە» 54 ـ جىلد «غەربىي شىمالدىكى رۇڭلار تەزكىرىسى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1973 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥⑦⑧ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى» 590 ـ، 591 ـ، 592 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑨⑫ شۆ زۇڭجېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى» 330 ـ، 532 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑩⑬⑯ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 128 ـ، 187 ـ، 281 ـ، 282 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 546 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑫⑭⑰ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 1 ـ قىسىم 247 ـ، 275 ـ، 291 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑮ «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» 41 ـ، 45 ـ بەتلەر، فۇجيەن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑱⑳ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 378 ـ، 523 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑲ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 532 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉑ كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە» 72 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# غەربىي يۇرت تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى

ھازىرقى دەۋردە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەر، سۇ ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئورمانچىلىق قانۇن ـ نىزاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەيران قالمايدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋردە تەبىئىي مۇھىتى ناچار، كىلىماتى قۇرغاق بولغان غەربىي يۇرتتا ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر قانۇننىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغانلىقىغا كىشىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ بىر ھەقىقەت. تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ھازىرقى لوپنۇر رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كروران بەگلىكىدە غەربىي يۇرت تارىخىدىكى تۇنجى ئورمانچىلىق قانۇنى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان.

قەدىمكى كروران بەگلىكى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مەلۇمات بېرىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئەسلىي نامى كروران بولۇپ، بۇ يەردىن ياڭگۇەن قورۇلىغا 1600 چاقىرىم، چاڭئەنگە 6100 چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14 مىڭ 100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2912 نەپەر، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1785 چاقىرىم، قۇرۇقتاغ خانلىقىغا 1365 چاقىرىم، قۇس خانلىقىغا 1890

چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى قۇملۇق ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ. خانلىقتىن قاشتېشى چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ، ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ، ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتە چاقىلىققا ئوخشايدۇ»[1] دېيىلگەن. مىلادىيە 1 — 2 - ئەسىرلەردىن باشلاپ كروران بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى، مەدەنىيىتى يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، قانۇن - تۈزۈملىرى، دۆلەت ئاپپاراتى ۋە ھەربىي كۈچى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە كۈچەيگەن، نەتىجىدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆز ئەتراپىدىكى چەرچەن، ئەندىر، نىيە قاتارلىق بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىپ، زېمىن دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك يەتتە بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ قالغان[2]. بىراق، تارىخىي ماتېرىياللاردىن ۋە لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرت تارىخىدا ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان بۇ كروران بەگلىكى مىلادىيە 5 — 6 - ئەسىرلەردە يات قوۋملارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى، دەريا - ئېقىن سۇلىرىنىڭ ئازلاپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە يىپەك يولى لىنىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان. لېكىن، 1901 - يىلى شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى سېۋىن ھېدىن (1865 — 1952 - يىللار) لوپنۇر رايونىغا كېلىپ، قەدىمكى كروران شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە قەدىمكى

كروران بەگلىكىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياغا ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمى قايتىدىن نامايان بولدى.

نۆۋەتتە، كروران بەگلىكىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان، قارۇشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن 482 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنىغا دائىر ھۆججەت بولۇپ، ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن كروران بەگلىكىدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئورمانچىلىق قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ساكانىڭ ئەرزىگە ئاساسلانغاندا، مولەينايا ئۇنىڭ مۈلكىي يېرىگە ئېرىشكەن، ئەمما Sadavidas بىلەن Karasenavas مەزكۇر يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول قويماپتۇ، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىشى قانۇنسىزلىقتۇر. سىلەر يەر خېتى ۋە مۆھۈرلۈك خەتكە ئاساسەن ئەھدىنامە ۋە شاھىتلارنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ ـ تەكشۈرۈپ، چوقۇم بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار. Sadavidas بىلەن Karasenavas نىڭ ئۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئۇلارنىڭ ساكاغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. بۇرۇن قانۇندا دەل ـ دەرەخ ياشىرىپلا تۇرىدىكەن، ھەرقانداق شەخسنىڭ دەل ـ دەرەخنى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، مۇبادا كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر شەخس دەل ـ دەرەخنىڭ شېخىنى كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، قانۇن بويىچە بىر

تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى...»[3] دېيىلگەن. مانا بۇ قىسقىغىنا، ئەمما ئىنتايىن مەزمۇنلۇق يېزىلغان ھۆججەت بىزگە تارىم ئويمانلىقىدەك مۇھىتى ناچار، كلىماتى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان قەدىمكى كروران بەگلىكىدە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا بىر قەدەر مۇكەممەل، جازا تەدبىرلىرى خېلىلا ئېنىق بولغان ئورمانچىلىق قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئورمان ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئۇ سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش، قوغداش، كلىماتنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان كرورانلىقلارنىڭ شۇ زامانىدىلا سۇ ۋە تۇپراقنى قوغداپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ئەھمىيەت بەرگەندە ئاندىن ھاياتلىقنى، جۈملىدىن بوستانلىقلارنى ساقلاپ قالغىلى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكى، بۈگۈنكى دەۋردە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئىزاھلار:

① بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I» 854 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ بورروۋ (ئەنگلىيە): «شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى»، 482 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1988 ـ يىلى باستۇرغان «نىيە ئارخېئولوگىيەسىگە دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن).

# قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ باج تۈزۈمى

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىختا ھازىرقى كۇچا ناھىيەسىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە بۇگۇر، غەرب ۋە جەنۇبتا شايار، توقسۇ، باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى بەگلىك ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، كۇسەن بەگلىكى قەدىمكى «يىپەك يولى» مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ نامى بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «جىننامە»، «ۋېينامە»، «لياڭنامە»، «جۇنامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخنامىلەردە ۋە «راھىبلار تەرجىمىھالى»، «راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى»، «سۇڭ دەۋرىدىكى راھىبلار تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «چيۇسى» (龟兹) دېيىلگەن بولسا، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دېگەن ئەسەردە «چۇسى» (屈茨)، «ئۈچ يۇرۇش نوملار توپلىمى» دېگەن ئەسەردە «جۇيى» (拘夷)، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسەردە «چۇجى» (屈支)، «يېڭى تاڭنامە»دە «چيۇسى» (丘兹) ياكى «چۇسى» (屈兹)، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دېگەن ئەسەردە «كۇشيەن» (苦先)، «چۇشيەن» (曲先)، «كۇچا» (苦叉) دېيىلگەن[1]. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بولسا «كۇسەن ـــ كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى»[2] دېيىلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە ئالىملار خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن

«چۈسى، چۈسى، جۈيى، چۈجى، كۈشيەن، چۈشيەن، كۈچا» دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك خەلق تىلىدىكى «كۈسەن»، «كۈچا» دېگەن ناملارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، كۈسەن رايونىدا بۇنىڭدىن 7 ــ 8 مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ پائالىيىتى جانلانغان[3]. بۇنىڭدىن 3 ــ 4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە كەلگەندە بۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەر مىس كانلىرىنى قېزىپ، مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا تاش، ياغاچ ۋە ساپال قوراللار بىلەن بىللە يەنە مىس قوراللارنىمۇ ئىشلىتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە كۈسەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىق، سودا ـ سېتىق كەسىپلىرى راۋاجلانغان بولۇپ، ئاھالىلىرى بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان.

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن تاكى مىلادىيە 850 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 1000 يىللىق تارىخ جەريانىدا كۈسەن رايونىدا مۇنتىزىم دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئىگە كۈسەن بەگلىكى ۋۇجۇدقا كەلگەن[4]. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «غەربىي يۇرتتا ئەسلىي 36 بەگلىك بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتتى»، «غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ»، «كۈسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى، ئاھالىسى 6970 تۈتۈن، 81

مىڭ 317 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 21 مىڭ 76 نەپەر. جەنۇبى نىيە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەن، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇن تېتىر (هازىرقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا)، شىمالى ئاسىۇ (تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا)، غەربى ئاقسۇ بىلەن تۇتىشىدۇ. كىشىلىرى مېتال قۇيمىچىلىقنى بىلىدۇ، يېرىدىن قوغۇشۇن چىقىدۇ»[5] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باشقا بەگلىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا، كۇسەن بەگلىكىنىڭ بىرقەدەر چوڭ ھەم كۈچلۈك، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە گۈللەنگەن بەگلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كۇسەن بەگلىكىنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، بۇ دەۋردە كۇسەن بەگلىكىدە بۇددا دىنى راسا گۈللىنىپ، ئىدېئولوگىيەدە زور يۈكسىلىش بولغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سىرتقى رايونلار بىلەن بولغان سودا ـ ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەگلىكنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە ھەربىي كۈچى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى قۇم (ئاقسۇ)، ئۇنسۇ (ئۇچتۇرپان)، ئۇرۇياپ (بۈگۈرنىڭ شەرقىدە) قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى قۇدرەتلىك بەگلىككە ئايلانغان[6]. نەتىجىدە، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق ھاكىمىيەت مۇكەممەللىشىپ، قارۇشتى يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ھۆكۈمەت مەخسۇس مىس، كۈمۈش، ئالتۇندىن تۆت چاسا تۆشۈكى بار، يۈزىگە قارۇشتى يېزىقىدا خەت چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى قۇيۇپ تارقىتىپ، بازاردا ئوبوروت قىلغان. سودا ـ ئىقتىساد پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەگلىك دائىرىسىدە چوڭ ـ

كىچىك شەھەرلەر ۋە سودا مەركەزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، كۇسەن بەگلىكىنىڭ ھەر خىل قانۇن ـ تۈزۈملىرىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، باج قانۇنىدىن ئىبارەت ئالاھىدە قانۇنمۇ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، كۇسەن بەگلىكىدە پادىشاھ بەگلىكنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، بەگلىك تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق يەرلەر بەگلىكنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان، يەنى پادىشاھلىق يەرلەر ھېسابلانغان. پادىشاھتىن ئاددىي پۇقرالارغىچە ئىنتايىن ئېنىق ھەم قاتتىق بولغان دەرىجە تۈزۈمى بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بەگلىكتىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي ۋە قورۇقلاردا تۇرغان. «لياڭنامە» 54 ـ جىلدتا: «كۇسەن خانى بو (ياكى بەي) شاھانە تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ئوچۇق ـ ئاشكارا شەھەر ئايلىناتتى. شەھەر ئۈچ قات بولۇپ، تاشقى شەھەرنىڭ كۆلىمى چاڭئەن شەھىرى بىلەن تەڭ كېلەتتى. ئۆي ـ ئىمارەتلىرى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى»[7] دېيىلگەن بولسا، «جىننامە» 97 ـ جىلدتا: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ شەھىرى ئۈچ قات سېپىل بىلەن ئورالغان، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇددا مۇنارىدىن مىڭدەك بار، ئادەملىرى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پادىشاھ ئوردىسى ئىنتايىن كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك»[8] دېيىلگەن. بەگلىك تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق يەرلەر پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا، پادىشاھ ئۇ يەرلەرنى يەنە يەر ئىجارىسى ئېلىش شەكلى بىلەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا، ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە ئاددىي خەلقلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. بۇنداق يەرلەر «ئۈلۈش يەر» دەپ ئاتالغان. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئۈلۈش يەر»گە ئېرىشكەن، نوپۇس رويخېتىگە ئېلىنغان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن

شۇغۇللانغان. يەر تېرىمايدىغان ياكى چارۋىچىلىق قىلمايدىغانلار سودا ـ سېتىق بىلەن ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئۆز كەسىپلىرى بويىچە ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇپ، پادىشاھ ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى باقىدۇ. بەگلىكنىڭ باج تۈزۈمىدە يېرى بارلار يېرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن باج تاپشۇرۇش كېرەكلىكى، يېرى يوق، يەر تېرىماي باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار نەق پۇل ئارقىلىق جان بېجى تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن بولۇپ، باج ئۈچۈن ئادەتتە ماددىي نەرسىلەر تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ماددىي نەرسىلەرنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كۆپىنچە ئاشلىق، مۇسەللەس (ئۈزۈم ھارىقى)، يۇڭ ـ تېرە قاتارلىقلار بولاتتى. بۇ ھەقتە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى، پادىشاھنىڭ فامىلىسى بەي (ئاق)، ئۇ بېشىغا گۈلدار لېنتا ئوراپ، شىر شەكىللىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قول ياكى پۇتى كېسىلىدۇ، باج ـ سېلىق يەرگە ئاساسەن ئېلىنىدۇ. يېرى يوق، يەر تېرىمايدىغانلار باج ـ سېلىق ئۈچۈن پۇل تاپشۇرىدۇ»[9] دېيىلگەن بولسا، «ۋېينامە» 102 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ پايتەختى يام شەھىرىدە باج ـ سېلىق يەرگە ئاساسەن ئېلىنىدۇ. يېرى يوق، يەر تېرىمايدىغانلار باج ـ سېلىق ئۈچۈن كۈمۈش پۇل تاپشۇرىدۇ»[10] دېيىلگەن.

بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، كۇسەن بەگلىكىنىڭ باج تۈزۈمى بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، مەيلى بەگلىك تەرىپىدىن «ئۆلۈش يەر»گە ئېرىشىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولسۇن ياكى يېرى يوق، يەر تېرىماي سودا ـ سېتىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ياكى باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى

ھۆكۈمەتكە قەرەللىك ھالدا باج تاپشۇرغان. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار باج ئۈچۈن يەرنىڭ مو سانىغا ئاساسەن ماددىي نەرسىلەرنى تاپشۇرسا، سودا ـ سېتىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر باج ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان. شۇڭا، تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا كۈسەن بەگلىكىدىكى باج تۈرلىرىنى دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، سودا ـ تىجارەت بېجى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بېجى، باغۋەنچىلىك بېجى، كانچىلىق بېجى، جان بېجى... قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. كۈسەن بەگلىكىدە يەرلەر ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاندىن باشقا، يەنە بىرمۇنچە مېۋىلىك باغلار، كۆكتاتلىق باغلار بىر قىسىم فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كۈسەن بەگلىكىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆز باغلىرىنى، كۆكتاتلىقلىرىنى باشقىلارغا ئىجارە بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى بولاتتى. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ باج قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يەنىلا ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى لازىم ئىدى.

ئىزاھلار:

① فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 55 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 526 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلات» 4 ـ باب «كۇچا رايونى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ ليۇ شىگەن: «قەدىمكى كۈسەن ئېلى تارىخى» 4 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى II»

917 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑥ چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى» 57 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑦ ياۋ سىليەن: «لياڭنامە» 54 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» 813 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1973 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑧ فاڭ شۈەنلىڭ: «جىننامە» 97 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» 2543 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑨ لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 3217 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑩ ۋېي شۇ: «ۋېينامە» 102 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 2266 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى

ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا» سۆزى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپ، تىل ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى سۆزلەرنىڭ بىرى.

«قارا» سۆزى مەيلى ھازىرقى ئەسەرلەردە ۋە قەدىمكى ئەسەرلەردە بولسۇن تۈپ سۆز شەكلىدە ياكى سۆز بىرىكمىسى، بىرىككەن سۆز، ئىدىيوم شەكلىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ.

«قارا» سۆزى قارىماققا پەقەت رەڭنى بىلدۈرىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىز بۇ سۆزنىڭ ئوخشىمىغان كونتېكستتىكى مەنىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان تۈركىي سۆز ئىكەنلىكىنى، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانلاردا ئوخشاش بولمىغان مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھازىر «قارا» سۆزى كۆپ خىل مەنىلىرى بىلەن تىلىمىزدا كەڭ قوللىنىلماقتا. تۆۋەندە «قارا» سۆزىنىڭ مەنىلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. «قارا» سۆزى بىر خىل رەڭنى، يەنى قارا رەڭنى بىلدۈرىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىملارنىڭ سۈپىتىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قارا سىياھ، قارا رەخت، قارا قەغەز، قارا رەڭ... دېگەندەك. بۇ «قارا» سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆز سۈپىتىدە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

2. «قارا» سۆزى «بۈيۈك، مۇقەددەس، ئۇلۇغ» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى دەۋرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شىمالىي تەرەپنى مۇقەددەس زېمىن، ئۇلۇغ زېمىن دەپ قاراپ، شۇ خىل قارىشى بويىچە شىمالنى «قارا» دەپ ئاتىغان[1]. موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋە توغلا دەرياسى بويىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھرىنى (پايتەختىنى) كېيىن كىشىلەر قارا بالغاسۇن دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ مەنىسى مۇقەددەس بالغاسۇن شەھىرى، بۈيۈك بالغاسۇن شەھىرى دېگەندىن ئىبارەت. تۈرك خانلىقى (551 — 744 - يىللار) دەۋرىدە ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئوردىدىكى قاغان تۇرۇشلۇق ئۆي «قارا ئۆي» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ئۇ دەۋرلەردىكى كىشىلەر قاغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى ھەم ھىمايىچىسى، يەر يۈزىدىكى تەڭرى دەپ قاراپ، ئۇلار تۇرىدىغان ئۆينى ئۇلۇغ ئۆي، مۇقەددەس ئۆي دەپ ھېسابلاپ «قارا ئۆي» دەپ ئاتاشقان. 840 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى يەتتىسۇ ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئۆز خانلىقىنى قۇرۇپ، خانلىق نامىنى قاراخان (ئۇلۇغ خان، بۈيۈك خان) دەپ، خانلىقنىڭ مەركىزىنى قارا ئوردا (بۈيۈك ئوردا) دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر بۆلىكى تۇرپان ۋادىسىدا شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بىلەن بىللە ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرغاندا، خانلىق مەركىزىنى قۇچۇ شەھىرى قىلغان ۋە ئۇنىمۇ «قارا قۇچۇ» (بۈيۈك قۇچۇ) دەپ ئاتىغان. بەزى تارىخىي ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بايراقلىرىمۇ قارا رەڭدە بولغانلىقى مەلۇم. ئەرەب سەيياھى ئىبن مۇفالىل ئىدىقۇت ئېلىگە ساياھەتكە كەلگەندە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «ئۇلار... ئاسماندا ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنگەندە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، غەربكە قاراپ ئىبادەت قىلىدىكەن... خانلىق تۇغى قارا رەڭدە ئىكەن»[2]. بىر يۈقىرىقىلاردىن قەدىمكى دەۋرلەردە «قارا» سۆزىنىڭ رەڭنى

بىلدۈرۈشتىن سىرت بۈيۈك، مۇقەددەس، ئۇلۇغ دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرۈپ، ئۇلۇغلۇقتا سىمۋول قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

3. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «قاتتىق، ئىنتايىن، دەھشەتلىك، چوڭ، كەڭ» دېگەندەك مەنىلىرى بىلەن شۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قارا سوغۇق (قاتتىق سوغۇق)
قارا يامغۇر (قاتتىق ياغقان يامغۇر)
قارا تەر (ناھايىتى قاتتىق تەرلەشنى بىلدۈرىدۇ)
قارا بوران (دەھشەتلىك، كۈچلۈك بوران)
قارا سۇ ئېقىنى (ئۇلۇغ سۇ ئېقىنى)③
قارا قىش (قىشنىڭ ئىنتايىن يامان پەيتى)
قارا جۇدۇن (دەھشەتلىك جۇدۇن)
قارا قۇيۇن (دەھشەتلىك قۇيۇن)
قارا يار (چوڭ، چوڭقۇر يار)④
قارا بۇلاق (چوڭقۇر بۇلاق)⑤
قارا دالا (كەڭ دالا)⑥
قارا جىلغا (چوڭ ھەم چوڭقۇر جىلغا)⑦
قارا قۇش (چوڭ قۇش)
قارا ساي (كەكساي)⑧
قارا ساز (چوڭ سازلىق)⑨

4. «قارا» سۆزى ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ئاددىي، تۆۋەن ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا خەلق (پۇقرالار، بولۇپمۇ دېھقانلارنى كۆرسىتىدۇ)
قارا ئىشچى (ئېغىر ئىشلارنى ياكى تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىشلارنى قىلىدىغان ئىشچى)
قارا خىزمەتچى (ئېغىر خىزمەتلەرنى ياكى تۆۋەن

دەرىجىدىكى خىزمەتلەرنى قىلىدىغان كىشى)
قارا خىزمەت (تۆۋەن دەرىجىدىكى ياكى ئېغىر خىزمەت)
قارا ئىش (تۆۋەن دەرىجىدىكى ياكى ئېغىر ئىش)
قارا تىل (پۇقرالار، بولۇپمۇ دېھقانلار تىلى)
قارا سۆز (پۇقرالار ياكى دېھقانلار تىلى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆز)
قارا ئاشلىق (قوناق قاتارلىق يېرىك ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ)
5. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ يوقلۇقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
قارا قورساق (بىلىمى يوق)
قارا نوپۇس (نوپۇسسىز، نوپۇسى يوق)
قارا يۈز (يۈزسىز، يۈزى يوق)
6. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «يامان» دېگەندەك مەنىلىرى بىلەن شۇ ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
قارا كۆڭۈل (يامان كۆڭۈل ياكى يامان نىيەت)
قارا نىيەت (يامان نىيەت)
قارا يۈرەك (يۈرىكىنىڭ قارا رەڭدە ئەمەس، بەلكى ئىچىنىڭ يامانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)
قارا كېزىك (يامان كېزىك ياكى كېزىكنىڭ يامىنى)
قارا بەزگەك (يامان بەزگەك ياكى بەزگەكنىڭ يامىنى)
قارا كۈن (يامان كۈنلەر، ئېغىر كۈنلەر)
قارا بولماق ( يامان بولماق، مەسىلەن، قارا بولدۇم ئاقارمايمەن...)
7. «قارا» سۆزى سۈپەتتىن ئىسىم، ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىق» ئۇلانغاندىن كېيىن، بەزى پېئىل ياكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندا، «ھازا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
قارىلىق تۇتماق (ھازا تۇتماق)

قارىلىق باغلىماق (ھازىدارلىقنى بىلدۈرىدىغان ئاق بەلباغ باغلىماق)

قارىلىق كىيىم (ھازىلىق كىيىم)

قارىلىق بولماق (ھازىدار بولماق)

8. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنى ئىنىقلاپ كېلىپ، «ئەكسىيەتچىل، بۇزغۇنچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا گۇرۇھ (ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ)

قارا لۇشيەن (ئەكسىيەتچىل لۇشيەن)

قارا قول (بۇزغۇنچىلارنىڭ قولى)

9. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلگەندە «ساپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا گۆش (ساپ، ماي ئارىلاشمىغان گۆش)

قارا يەر (ئەت يەر، يەر ئاستى...)

10. «قارا» سۆزى پېئىل بىلەن باغلىنىپ كېلىپ ياكى پېئىللىشىپ كېلىپ «بەتنام چاپلىماق، ئەيىبلىمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا چاپلىماق (بەتنام چاپلىماق)

قارا سۈركىمەك (بەتنام چاپلىماق)

قارىلىماق (ئەيىبلىمەك)

11. «قارا» سۆزى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «چوڭ، ئۇزۇن، ئاددىي، قوپال» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا مىلتىق (كىشىلەر ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىۋالغان ئۇزۇن مىلتىق)

قارا چىراغ (ئاددىي، قوپال ئۇسۇلدا ياسالغان، كىرسىن ياكى سۇماي قۇيۇپ ياقىدىغان يەرلىك چىراغ)

قارا سۇۋاق (دەسلەپكى قوپال سۇۋاق)

قارا لاي (سامان ئارىلاشتۇرماي ئاددىيلا ئەتكەن لاي)

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قارا» سۆزى

قانداق مەنىلەردە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسەن سۇپەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماي، ئادەم ياكى شەيئىلەرنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

شۇڭا، بىز تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا «قارا» سۆزىنى پەقەتلا رەڭنى بىلدۈرىدىغان «قارا» مەنىسىدە چۈشىنىۋالماسلىقىمىز، ئوخشاش بولمىغان مەنىلەردىكى «قارا» سۆزىنى كونتېكىستتىكى مەنىسىگە قاراپ توغرا چۈشىنىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 52 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② ھېنرى يۇلى: «قەدىمكى جۇڭگو توغرىسىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» 247 ـ بەت، 1942 ـ يىلى بېيجىڭدا بېسىلغان فاكسىمىل نۇسخىسى.

③ باي ناھىيەسىدىكى بىر ئېقىننىڭ نامى.

④ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

⑤ توقسۇن ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

⑥ تېكەس ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

⑦ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

⑧ يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

⑨ گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى بىر سازلىقنىڭ نامى.

# ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان
# ئانا ـ بالا سىياسىيونلار

مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن مەشھۇر سىياسىيونلار، ھەربىي ئالىملار مەيدانغا كەلگەن. بۇسات بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇن 7 ـ ئەسىردە شەرقىي ئۇيغۇرلار، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر سىياسىيونلاردۇر.

«كونا تاڭنامە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە»دىكى «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سۈي سۇلالىسىنىڭ دايى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 605 ـ يىلى) ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان تېگىن ئېركىن (605 ــ 616 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ شىمالىدىكى تۇغلا دەرياسى بويىدا ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. بۇسات ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇن تۇغلا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى تىكلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

بۇساتنىڭ ئانىسى ئۇرقۇن خاتۇننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار

تەزكىرىسى»دە: «بۇساتنىڭ ئانىسى ئورقۇن خاتۇن ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرلىك ئايال ئىدى، قوۋملار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تىنچىتقانىدى. ئۇيغۇرلار شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەت تاپقانىدى»① دېيىلگەن. يەنە «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «بۇساتنىڭ ئانىسى ئورقۇن خاتۇن تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئەگەر ئىچكى قىسىمدا توپىلاڭ يۈز بېرىپ قالسا، دانىشمەنلەرچە قەتئىيلىك بىلەن بېسىقتۇراتتى، قوۋملارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنىمۇ قەتئىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى»② دېيىلگەن.

بۇساتنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق خاتىرىلەر يوق، لېكىن ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا خېلىلا ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇ مىلادىيە 616 ـ يىلى دادىسى تېگىن ئېركىننىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، مىلادىيە 626 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇسات باتۇرلۇق ھەم پاراسەتتە تەڭ يېتىلگەن قابىلىيەتلىك سىياسىيون ئىدى. «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «بۇسات كۈچلۈك، باتۇر، يىراقنى كۆرەر، جاسارەتلىك كىشى بولۇپ، ناھايىتى تەدبىرلىك ئىدى. ئۇ ھەر دائىم دۈشمەن سېپىگە يېقىنلاشقاندا، ئۆزى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى»③ دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «بۇسات قابىلىيەتلىك، باتۇر ھەم تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇرۇشلاردا دائىم ئۆزى ئالدىدا يۈرەتتى. جەڭدە دائىم يەڭمەي قالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى»④ دېيىلگەن.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇسات دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز ئورۇقى ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىسى ئۇيۇشۇش يولىغا قاراپ ماڭغان. «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇسات

تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، «ئۆزىنى ئالىپ ئېلتەبىر دەپ ئاتاپ، توغلا دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرغان»⑤.

ئۇ توغلا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىدىن پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر قاتار زور پائالىيەتلەرنى قىلغان. بۇ توغرىسىدا «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (627 ـ يىلى) بۇسات بىلەن سىر ـ تاردۇشلار تۈركلەرنىڭ شىمالىي چېگراسىغا ھۇجۇم قىلدى، تۈركلەرنىڭ ئىلىك قاغانى ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى يۇقۇق شاد باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماڭدۇرۇپ ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، بۇسات 5000 كىشىلىك چەۋەنداز بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ ئات يايلى تېغىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتاغقىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوۋمىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار كۈچىيىپ كەتتى»⑥ دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن موڭغۇلىيە دالاسى بويىچە سۇ، ئوت ـ چۆپى مول، جۇغراپىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغان سېلېنگا، ئورخۇن ۋە توغلا دەرياسى ۋادىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز قولىغا ئېلىپ، قوشۇنىنى 150 مىڭ كىشىگە يەتكۈزگەن. بولۇپمۇ، 630 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ يوقاتقاندىن كېيىن تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان، بۇنىڭ بىلەن بۇسات موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغان. توغلا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بۇسات 636 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئومۇمەن، ئۇرقۇن خاتۇن بىلەن بۇسات ئۇيغۇرلارنىڭ 7 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەردۇر.

ئىزاھلار:

①④⑤ ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 19 ـ كىتاب 6111 ــ 6112 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

②③⑥ ليۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 16 ـ كىتاب 5195 ــ 5196 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر سانغۇنى ــ چۇبە ئالىپ

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان.

ئۇيغۇر سانغۇنى چۇبە ئالىپ ئەنە شۇ دەۋردە ئۆتكەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن قابىلىيەتلىك ھەربىي قوماندانىدۇر. «يېڭى تاڭنامە. يات سانغۇنلار تەزكىرىسى»دە: «چۇبە ئالىپ تۇرالارنىڭ چۇبە ئىتمىش باغا قاغانىنىڭ نەۋرىسى ئىدى» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، تۇرالار ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى ئىدى. چۇبە ئىتمىش باغا قاغان بولسا قۇمۇلنىڭ غەربىدىن كىنگىتنىڭ (ھازىرقى قاراشەھەر) شىمالىغىچە بولغان تەڭرىتاغ بويلىرىغا جايلاشقان تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ بىرى بولغان چۇبە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى چۇبە قالىن ئىدى. چۇبە قالىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (تۇرالار) تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقان مەزگىلدە ئۆز قەبىلىسىگە ۋە سىر ـ تاردۇش قەبىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، مىلادىيە 605 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بوغدا تېغىدا (تۇرپاننىڭ شىمالىدا) ئوردا قۇرۇپ، تۇرپاندىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان.

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ رايونلاردا كېسەل تارقاپ كېتىپ، چۇبە قالىن ئۆز خەلقىنى باشلاپ ئىسسىقكۆل بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن ھەم ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ خەلقىگە چۇبە ئالىپ باشچىلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئىلتەبىر دەپ ئاتىغان.

چۇبە ئالىپنىڭ ئىسمىدىكى چۇبە — ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ نامى، ئالىپ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ نامى ئۇنىڭ فامىلىسى قىلىپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بىزگە چۇبە ئالىپنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 6 - يىلى (632 - يىلى) چۇبە ئالىپ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ شاجۇ (بۇگۈنكى دۇنخۇاڭ)غا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. كېيىن يەنە كۆچۈپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى — كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا ۋە گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ئۆمۈر تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. مىلادىيە 635 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چۇبە ئالىپنى سول قانات سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى لى دالياڭ بىلەن بىللە چىڭخەي ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى ئىگىلىۋالغانلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. مىلادىيە 640 - يىلىدىن 647 - يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چۇبە ئالىپنى يەنە پامىر رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورۇنباسار ئەمەلدارلىققا تەيىنلەپ، زور قوشۇن بىلەن قوچۇ ۋە كۇسەنگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە چۇبە ئالىپ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئارقىلىق، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي

يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىنى باغلايدۇ. مىلادىيە 651 ـ يىلى غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشىنا ئالىپ ھازىرقى بورتالادا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بەشبالىق (جىمسار) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چۇبە ئالىپ بىلەن لياڭ جەنفاڭنى گوڭيۆ (كۇنەس) ئايمىقىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا تەيىنلەپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ، ئاشىنا ئالىپنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. چۇبە ئالىپ، لياڭ جەنفاڭلار 30 مىڭ كىشىلىك تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، 50 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئاشىنا ئالىپنىڭ توپىلاڭىنى تىنچىتىپ، ئۇنى بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا چۇبە ئالىپ ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كاتتا مەنسەپ بىلەن تارتۇقلىنىدۇ. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ يىللىرى (656 ـــ 661 ـ يىللار) چۇبە ئالىپ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لياۋدۇڭ رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان باش ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىپ، شەرقىي شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە يۇرۇش قىلىدۇ. تاڭ گاۋزۇڭنىڭ زۇڭجاڭ يىللىرى (668 ـــ 670 ـ يىللار) ۋە يىپېڭ يىللىرى (676 ـــ 679 ـ يىللار) تىبەتلەر (زاڭزۇلار) خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالغاندا، چۇبە ئالىپ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىرنەچچە قېتىم تىبەتلەرگە قارشى يۇرۇش قىلىپ، تىبەتلەرنى خېشى كارىدورىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، غەربىي يۇرت بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان خېشى كارىدورىنىڭ قاتنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرى

ئۇچۇن ئۇنىڭغا كاتتا ھەربىي مەنسەپ بېرىدۇ. چۇبە ئالىپ بىر ئۆمۈر تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگراسىنى مۇستەھكەملەش، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوغداش ئۇچۇن ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلارغا، ھەربىي يۇرۇشلەرگە قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلۇغ سانغۇن مىلادىيە 716 ـ يىلى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئۇچۇن، ئۇنى بۇگۇنكى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لىچۈەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جاۋلىڭ دېگەن جايغا دەپنە قىلىدۇ.

# مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رەسسام ۋايىچىرا ۋىچىر

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618 ـــ 907 ـ يىللار) جۇڭگودا فېئوداللىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەنگەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش راۋاجلانغان دەۋر ئىدى، مۇشۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، بولۇپمۇ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسىدا يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى رەسساملىق سەنئىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى، بولۇپمۇ «قەندىھار سەنئىتى»نىڭ خۇسۇسىيىتى بىرقەدەر روشەن ئىپادىلەنگەنىدى. بۇ سەنئەتتە بۇددا دىنىنىڭ قىسسەلىرى، رىۋايەت ياكى ئەپسانىلەر، جۇملىدىن تاغ، دەريا، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر مەزمۇن قىلىناتتى. ھازىر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى «مىڭئۆي»لەردە ساقلىنىۋاتقان رەسىملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەنە شۇ دەۋرگە مەنسۇپ. گۈزەل سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ھۆنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر تۈركۈم رەسساملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مۇشۇنداق يۇكسەك ماھارەتنى ئىگىلىگەن رەسساملار ئەينى مەزگىللەردە غەربىي يۇرتتا خېلى كۆپ ئىدى. يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەشەمەتلىك ئوردا ـ سارايلار، ھەيۋەتلىك

ئىبادەتخانىلاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. مانا مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان غەربىي يۇرت رەسساملىقى ئەينى ۋاقىتتا ئىچكى رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. غەربىي يۇرتتىكى رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار سىرتقى جايلارغىمۇ بېرىپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغانىدى. بۇ پىكرىمىزگە دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي رەسىملىرى گۇۋاھتۇر. مەشھۇر راھىب ۋايجىرا ۋىچىر غەربىي يۇرتتىكى خوتەندىن ئىچكى رايونلارغا بېرىپ نام قازانغان مەشھۇر رەسساملارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

ئۇ توغرۇلۇق «ئوكيانۇس»تا: «راھىب ۋايجىرا ۋىچىر ئۇدۇنلۇق (خوتەنلىك) ئاقسۆڭەك بولۇپ، جېنگۈەن يىللىرىنىڭ (مىلادىيە 627 — 649 - يىللىرى) دەسلىپىدە چاڭئەنگە كېلىپ، قورۇقچى ئەمەلدارلىققا (宿卫官) تەيىنلەنگەن، ۋىلايەت بېگى (郡公) بولغان، بۇت، ئادەم، گۈل، قۇشلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا ماھىر ئىدى» دېيىلگەن. يەنە «ئۆتكەن دەۋرلەردىكى مەشھۇر رەسساملار ھەققىدە خاتىرە» (历代名画记) دېگەن كىتابتا: «راھىب ۋايجىرا ۋىچىر ئۇدۇن دۆلىتىدىن بولۇپ، چەت دۆلەت كىشىلىرىنى ۋە بۇتلارنى سىزىشقا ماھىر ئىدى، ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك بولۇپ، ئىشنى پۇختا قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، راھىب ۋايجىرا ۋىچىر خوتەندىكى ۋاقتىدىلا يېتىشكەن رەسسام بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن شەھىرى)گە بارغاندا، 20 نەچچە ياشلاردا ئىدى. ئۇ چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتلەنگەن ھەم چاڭئەندە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە رەسساملىق بىلەن شۇغۇللىنىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا بولۇپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىقىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. راھىب ۋايجىرا ۋىچىرنىڭ رەسىملىرى ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق

بولۇپ، ئاساسلىقى دىنىي رىۋايەت، ھېكايە، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق رەسىملەرنى سىزىش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى رېئال دۇنيانى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ چاڭئەندىكى مەشھۇر مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى(慈恩寺)غا سىزىپ بەرگەن «ساۋاب»(功德)، «پېتىنغۇ ۋە كۆپۈنگۈ شەكىللىك گۈل» (凹凸花) قاتارلىق رەسىملىرى زور داڭ قازانغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر رەسساملار تەرىپىدىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنىدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىمۇ راھىب ۋايجىرا ۋىچىر سىزغان رەسىملەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن. ئۇ پادىشاھ ۋۇ زېتيەن (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال پادىشاھى، مىلادىيە 690 — 705 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ يۇيۇنۇش - تارىنىش ئۆيىنىڭ تاملىرىغا گۈزەل رەسىملەرنى سىزىپ بەرگەن. چاڭئەندە تۇرغان مەزگىللىرىدە يەنە تەكلىپكە بىنائەن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردىن شىڭتاڭ ئىبادەتخانىسى (兴唐寺)، گۇاڭجەي ئىبادەتخانىسى (光宅寺)، فېڭئېن ئىبادەتخانىسى (奉恩寺)، ئەنگو ئىبادەتخانىسى (安国寺)غا زور ھەجىملىك رەسىملەرنى سىزىپ بېرىپ، شۆھرەت قازانغان. بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ «تەڭرىخانىنىڭ سۈرىتى» (天王图) قاتارلىق بىر قىسىم رەسىملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ۋايجىرا ۋىچىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىدا «پىر ئۇستازنىڭ ئىجادىيىتى» دەپ ئەزىزلىنىپ ئالدىنقى قاتارغا قويۇلغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ چاڭئەندىكى مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇنارىغا سىزغان «مىڭلىغان كۆز ۋە قولنىڭ ھەسرەت - نادامىتى» دېگەن رەسىمى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغانكى، كۆرۈنۈشلەرنىڭ نەپىسلىكىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق

قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۈچ جادۇگەر، تۆت ئۇلۇغ ئىلاھ» رەسمى ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى شىمالىي ئىلاھ ئوبرازىدۇر. ئۇنىڭ رەساملىق ئۇسلۇبى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر رەسسامى ۋۇ داۋزىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

راھىب ۋايجىرا ۋىچىر 90 ياشتىن ھالقىغاندا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئۇسلۇبى جۇڭگو رەساملىقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالغان.

# بايانچۇر قاغان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

بايانچۇر قاغان — ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىلادىيە 747 — 759 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان مەشھۇر قاغانى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتىكە ۋارىسلىق قىلغاندىكى نامى قارا قاغاندۇر. ئۇ «كونا تاڭنامە» دە «بىلگە كۆل قاغان» دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 759 - يىلى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان «قارا بالغاسۇن مەڭگۇ تېشى» دا ئۇ «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» دېيىلگەن. «قارا بالغاسۇن مەڭگۇ تېشى» (يەنە «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بايانچۇر قاغان تەخمىنەن مىلادىيە 713 - يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان①. ئۇ چاغلاردا بايانچۇر قاغان تەۋە بولغان ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 680 - يىللاردىن باشلانغان قۇتلۇق قاغان (ئېلتېرىش قاغان) ۋە تونيوقۇق رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدە جەنۇب ۋە شىمالغا بۆلۈنۈپ، ياغلاقار ئۇرۇقى خېشى ۋادىسىغا كېلىپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈۋاتقانىدى.

مىلادىيە 727 - يىلى خېشى ۋادىسىدىكى ياغلاقارلار رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت، ئۇيغۇرلارنى ئۆز تەقدىرىنى باشقىچە ھەل

قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، نەتىجىدە شۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى قۇشۇ قاغان ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغان (716 ــ 734 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خېشى ۋادىسىدىن موڭغۇلىيە ۋادىسىغا ــ كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قايتىپ كەلدى ھەم بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 742 ـ يىلغىچە ئۇيغۇرلار كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىدە، تۈرك دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا ئۆز كۈچىنى تەدرىجىي كۈچەيتىپ، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، قايتىدىن مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە كونا، يېڭى «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەردىن باشقا، «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈرك ئېلىگە 26 يېشىمدا (مىلادىيە 739 ـ يىلى)... بەردى، بويلا (ئۇ يەرلەردىن) قايتىپ كەلدى، توققۇز ئوغۇز خەلقىنى تىرىپ، يىغىپ ئالدىم، ئاتام كۆل بىلگە قاغان...»② دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەزگىلدە كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىر مەزگىللىك گۈللىنىشتىن كېيىن ئىچكى قىسىمدىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بىر دەۋرگە قەدەم قويدى، بولۇپمۇ مىلادىيە 731 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندانى ۋە دۆلەت ئەربابى كۆل تېگىننىڭ ۋاپاتى، مىلادىيە 734 ـ يىلى بىلگە قاغاننىڭ ئۆز بۇيرۇقى (ۋەزىرى) بۇيرۇق چۇر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ شەۋكەتلىك تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىش سىگنالى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، كېيىنكى تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى، قەبىلىلەر ئىچىدىكى زىددىيەت، بولۇپمۇ ياغلاقارلار رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق

كۆرەشلىرى جەريانىدا ھالاك بولدى. مىلادىيە 744 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى رەھبەرلىكىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەندى.

مانا مۇشۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇستەھكەملەش، جۇملىدىن ئالدى بىلەن موڭغۇلىيە ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يايلاق يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، غەربىي يۇرتنى ئېچىش، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قۇشۇ قاغانىنىڭ نەۋرىسى، قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان (744 — 747 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ئوغلى بايانچۇر قاغانىنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى.

بايانچۇر قاغانىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى مىلادىيە 753 ـ يىلى ئورنىتىلغان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (يەنە «تارىيات مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مىلادىيە 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» (يەنە بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە كونا، يېڭى «تاڭنامە» لەردە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دە بىرقەدەر ئېنىق ھەم تولۇقراق خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ يەردە ئاساسلىقى مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەر ئاساسىدا، بايانچۇر قاغانىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى تارىخىي تۆھپىسىنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. بايانچۇر قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان (كۆل بويلا) بىلەن بىللە موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى موڭغۇلىيە ۋادىسىدا تىكلەشتە ھەم خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگىچە

كېڭەيتىشتە زور تۆھپە كۆرسەتكەن. مەسىلەن: «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا:

«(6) قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى، ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ، كەيرەنىڭ شەرقىدىن يانغۇچى...

(7) بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم، كەيرە بېشىدا ۋە ئۈچ بەركۈ دېگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر...

(8) قوغلىدىم، قاراقۇمدىن ئۆتۈپ، كوگۈردە، كۆمۈر تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى...

(9) ئۇزمىش تېگىن خان بولۇپتۇ، قوي يىلىدا (مىلادىيە 743 ـ يىلى) يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى (كۈنى) قىلدىم... ئۇزمىش تېگىننى...

(10) تۇتتۇم. خاتۇنىنى (خانىشىنى) ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى، شۇنىڭدىن كېيىن توخۇ يىلىدا (مىلادىيە 745 ـ يىلى)... خەلق... تۈيۈپ...

(11) ئۈچ قارلۇقلار كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەربتىكى ئون ئوق خەلقىگە (يەنى غەربىي تۈركلەرگە) قوشۇلدى. توڭگۇز يىلىدا (مىلادىيە 747 ـ يىلى) تارمار قىلدىم... تاي بىلگە تۇتۇقنى

(12) يابغۇ دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاتام قاغان قازا تاپتى»③ دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بايانچۇرنىڭ مىڭبېشى بولۇپ تەيىنلىنىپ تۈركلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا «يىلان يىلى» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ مىلادىيە 741 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. فىرانسىيەلىك لۇيىس بازىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۆگۈر، كۆمۈر تاغ، يار دېگەن ئۈچ يەر قاراقۇمنىڭ (شەرقىي جەنۇبى گوبى) جەنۇبىدا بولۇپ، كۆگۈر خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى داچىڭشەن

تېغىغا توغرا كېلىدۇ. كۆمۈر تاغ خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى خېيشەن تېغىغا توغرا كېلىدۇ. يار دەرياسى بولسا لاڭشەن تېغى باغرىدىكى خۇاڭگې دەرياسىنىڭ شىمالىي تارمىقى بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن شىمالىي كەڭلىك ° 41، شەرقىي ئۇزۇنلۇق ° 107 نىڭ سەل شەرقىگە توغرا كېلىدۇ④. «ئۇزمىش قاغان» بولسا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ 8 ـ قاغانى بولۇپ، مىلادىيە 742 ـ يىلى قاغانلىق تەختىگە چىققان. 744 ـ يىلى بايانچۇر ۋە ئۇنىڭ دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە تەرىپىدىن يوقىتىلغان. قارلۇقلار بولسا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى توققۇز ئوغۇز (يەنى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى تاشقى توققۇز ئۇيغۇر)لارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىچىدىن يەنە بۇلاگ، چىگىل، تاشلىك قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇققا بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ قارلۇق دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ئاساسەن ھازىرقى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ۋادىسى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى يەتتىسۇ ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان، كېيىن ئوڭ، سول ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، سول تارمىقى موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن ئالتاي تېغىغىچە ماكانلىشىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ تەدرىجىي ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ئۇنتۇشقا قاراپ ماڭغان. ئوڭ تارمىقى ئالتاي تېغىنىڭ غەربى، جۇڭغار ۋادىسى، يەتتىسۇ ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي بىرلىكىنى ساقلاپ كەلگەن. «تاي بىلگە تۇتۇق» توغرىسىدا مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرنى كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇ مىلادىيە 756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن 4000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئۆڭلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئۇيغۇر قوماندانى بولۇپ، ئەسلىدە بايانچۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى، كېيىن ئورخۇن ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن دادىسى بايانچۇرغا قارشى

چىققانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن. بايانچۇرنىڭ «ئاتام قاغان» دەپ ئاتىغىنى، مىلادىيە 744 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان كۆل بويلا، يەنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان بولۇپ، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى «توڭگۇز يىلى» (مىلادىيە 747 ـ يىلى) دېيىلگەن. تارىخنامىلەردە مىلادىيە 747 ـ يىلى بايانچۇر دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان يىل دېيىلىدۇ.

دېمەك، بايانچۇر قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان بىلەن بىللە شەرق ۋە غەربتىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقى ۋە بىر قىسىم ئىسيانكار قەبىلىلەرنى يوقىتىپ، موڭغۇلىيە ۋادىسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە زور رول ئوينىغان.

بايانچۇرنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىقىشى توغرىسىدا «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا:

«(1) مەن، تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن، قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ (تەخت ئۆيى) قۇرغۇزدۇم...

(2) ئەجدىها يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سوڭۇز باشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم، شۇ يەردە بارگاھ (تەخت ئۆيى) قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم، مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى، تامغامنى شۇ يەردە

(3) سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم، يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم، تۇزۇملىرىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى

خەلقلەر
(4) دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر (ئۆزلىرىنىڭ) كۆچلىرىنى ماڭا بېرۇر...»⑤
دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، بايانچۇر دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان قازا قىلغاندىن كېيىن تاي بىلگە تۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانىنى ئوڭۇشلۇق تىنچىتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە قاغانلىق تەختىگە چىققان، ئۆزىنى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەپ، خانىشىنى ئەل بىلگە قاتۇن دەپ جاكارلىغان، ئۆزى ۋە خانىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئوردا، قەسىرلەرنى سالدۇرغان. بايانچۇر قاغانلىق تەختىگە چىققان ۋاقىت موڭغۇلىيە ۋادىسى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئاساسىدا قاغانلىقنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سالغان.

2. بايانچۇر قاغانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى شۇ جايلارغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆز زېھنىنى قاغانلىقنىڭ غەربىي زېمىنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇملىدىن يەتتىسۇ رايونى) ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىشقا قاراتقان، بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى تەدرىجىي غەربكە سىلجىتىشقا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساس سېلىپ بەرگەن.

بايانچۇر قاغانىنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا:

«(19)... ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. (ئۇلارنى) تاردۇش (خاندانلىقنىڭ غەربىي قىسمى)، تۆلەس

(خانىدانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى) خەلقىگە (باش) قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (مىلادىيە 750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تارمار قىلدىم.

(20)... شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلدىم. تاتارلارنى سوراققا تارتتىم (جازالىدىم). توشقان يىلى (مىلادىيە 751 ـ يىلى)

(25)... قارلۇق... كەم دەرياسى... ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقار باشى (دېگەن يېرى) نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقامىشنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۈم. ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە (ئۇلارغا) ئۇچرىدىم. بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى

(26) تارمار قىلدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى... تەز (دەرياسى) بېشىدىكى پاسىلىم ئىچىدە يايلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم. چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم، ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم...

(40) ... قارلۇق خەلقى... شۇنداق قىلىپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىدە يۈرۈش قىلدىم... قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركەشلەرگە كەلدى. قايتىپ كېلىپ

(41) ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم... زەربە بەردىم... (قايتىپ) كەلدىم، شۇنىڭدىن تارتىپ، باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى (مىلادىيە 755 ـ يىلى)»[6] دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «كەم دەرياسى» يېنىسەي دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. «چىكلار» تۇۋالارنىڭ كىچىك بىر قەبىلىسى بولۇپ، يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلاردا ياشىغان، «تاتارلار» سىبىرلارنىڭ مەڭگۇ تاشلاردىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى جايلاشقان ئورنى ھەققىدە نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

سىبىرلارنىڭ 20 نەچچە قەبىلىسى خولۇنبىر كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىغا، ئىرغۇنا دەرياسى ۋە ئامۇر (خېيلۇڭجياڭ) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا، نېنجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا ۋە خۇلىنخې دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ياشىغان» دەيدۇ. «بولچۇ» بولسا يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى، «تۈركەش» لەر بولسا غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولۇپ، بەش تۇغلۇقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ياشىغان. كېيىن كۆچىيىپ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز سەردارى ئۇگىل باشچىلىقىدا تۈركەش خانلىقىنى قۇرۇپ، باش ئوردىسىنى سۇياب شەھىرىدە، كىچىك ئوردىسىنى ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا تەسىس قىلغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قارلۇقلار يەتتىسۇدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن⑦. بۇ يەردە بايانچۇر قاغاننىڭ يەتتەسۇدىكى قارلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشى ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى جايلارغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈشى تەسۋىرلەنگەن.

«باسمىللار» توغرىسىدا تۈركشۇناس بارتولد: ئۇلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنلەر بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى، كېيىن «ئىدىقۇت» دېگەن نام باسمىللاردىن ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ قالغان، دەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىلىنىشىچە بولىدۇكى، بايانچۇر قاغان ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم يەتتىسۇ ۋادىسى، يېنسەي دەرياسى ۋادىسىغا ۋە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە بەشبالىق قاتارلىق جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، غەربىي رايونلاردىكى تەسىرىنى كۈچەيتكەن.

3. بايانچۇر قاغان بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن

قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا چېگرا سودىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆزئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بايانچۇر قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تاڭ سۇلالىسىدە ئۆڭلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭى (مىلادىيە 755 ـ يىلى) يۈز بېرىپ، توپىلاڭچىلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي پايتەختى لوياڭ ۋە غەربىي پايتەختى چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئورخۇنغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە، بايانچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان ھەم ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا «ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرۇش سودىسى يولغا قويۇلىدۇ، ھەربىر ئاتنىڭ نەرخى 40 توپ يىپەك شايى بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا كېلىشىم تۈزۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى يەنە ئۇيغۇر قاغانىغا ئۆز مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشكىمۇ ماقۇل بولغان. نەتىجىدە، مىلادىيە 757 ـ يىلى بايانچۇر قاغان ئوغلى يابغۇ ۋە چوڭ سانغۇن دىدي باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يابغۇ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا كېلىپلا، فۇفېڭ ۋە شۇفاڭلاردا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، 757 ـ يىلى چاڭئەننىڭ غەربىدىكى شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا ۋە فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە توپىلاڭچىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 60 مىڭ توپىلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپ چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغان. ئارقىدىنلا شىنديەن قەلئەسىدە توپىلاڭچىلارغا يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىپ، لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن، زور تۆھپىسىدىن رازى بولغان

تاڭ سۇلالىسى يابغۇ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى ئېسىل سوۋغىلار بىلەن تارتۇقلىغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى سۇزۇڭ بايانچۇر قاغانغا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىيە 758 ـ يىلى ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە» (يەنى دۆلەتنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېرىپ، بايانچۇر قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن، يەنە ئۆزىنىڭ جيەن قىزىنىمۇ بايانچۇر قاغانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن، بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىش ۋە ئۇنىڭ جەريانى ھەققىدە «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خېلى ئېنىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىش ھەققىدە:

«(43) ... توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) دا... بېرىپتۇ... يوقىتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ... كەلدى. ئىككى قىزىنى (سوۋغا قىلىپ)

(44) بەردى... سۆزىڭىزنى يىرماي، دېدى. خاتا ئىش قىلماي دېدى... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا باي بالىقنى سالدۇردۇم» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى مەزمۇنلار بىلەن بىردەك.

مانا بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە رەسمىي قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ تىكلىنىشى بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئەلۋەتتە بايانچۇر قاغانىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەنگە قەدەر ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت، ھەربىي ياردەم مۇناسىۋىتى، ئات ـ يىپەك سودىسى ئاساسەن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن، بۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت

ئالماشتۇرۇشنى تېزلەتكەن.

ئىزاھلار:

① «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 4 ـ قۇرى، «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»نىڭ شەرقىي يۈزى 20 ـ قۇرى.

② «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 4 ـ، 5 ـ قۇرلىرى.

③ «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 6 ــ 12 ـ قۇرلىرى.

④ گېڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈركچە ئابىدىلەر ھەققىدە تەتقىقات» 217 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»نىڭ غەربىي يۈزى 1 ــ 4 ـ قۇرلىرى.

⑥ س. گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» 283 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑦ ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېرىكلىرى» 25 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

# ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانى ــ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە ئوخشاش ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي دىن بولغان شامان دىنىغا، ئاندىن كېيىن مانى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىدى.

قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 870 ــ 1212 - يىللار) مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇننى (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) مەركەز قىلغان، ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان فېئودال خانلىق بولۇپ، بۇ خانلىق 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 11 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە بولغان تارىخىي جەرياندا ئۆز تېررىتورىيەسىنى تارىمنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتەسۇ ــ ئىلى ۋادىسى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە كېڭەيتىپ، ئىسلام دىنىنى تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە تارقىتىپ، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ مۇھىم بىر دەۋرىنى يارىتىپ بەرگەن. 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى

دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن. ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى جايلار، يەتتەسۇ ۋادىسى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە پەرغانىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان؛ ماۋرائۇننەھر رايونى، پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمى غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. دەسلەپ ئۆزكەند، كېيىن سەمەرقەنت غەربىي قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان. مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتى، سالجۇقىيلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم شاھلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ھەم شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاڭلى ۋە قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى تەدرىجىي يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. مىلادىيە 1133 ـ يىلى شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن قاراقىتانلار يەتتەسۇ رايونىغا كىرىپ بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان. نەتىجىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىيە 1211 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان نايمان شاھزادىسى كۇچلۇك قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ تارىم ۋادىسىنى ئىشغال قىلغان. نەتىجىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك بولغان①. غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى بولسا، دەسلەپتە 1141 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالغان. كېيىن 1212 ـ يىلىغا كەلگەندە، خارەزىم شاھلىقى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مۇنقەرز قىلىنغان②. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قاراخانىيلار خانلىقى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان.

مانا مۇشۇ ئۈچ ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇش بولغان بىر دەۋر بولغان. يەنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق رايونلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمى تەدرىجىي ھالدا شەھەرلەرگە ۋە بوستانلىقلارغا كىرىپ ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەن. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بۇ دەۋردە يەتتىسۇ، ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدا قاڭقىل خانلىقى دەۋرىدە باشلىنىپ، كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن تۈركلىشىش، يەنى ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلىشىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملانغان. نەتىجىدە ھەرقايسى قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئاجىزلاپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يادرو قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيتى بىلەن يۇغۇرۇلغان يېڭى بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى، يەنى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ چىققان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان — قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەم تۇنجى سۇلتانى بىلگە كۆل قىدىرخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 2 ـ سۇلتانى بازىرنىڭ 2 ـ ئوغلى ئىدى. سۇتۇق تېگىن زېرەك، قەيسەر، باتۇر كىشى بولۇپ، تاغىسى ئوغۇلچاق قاراخانىيلار خانلىقىدا سۇلتان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە «خان جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان»، قاراخانىيلار خانلىقىدا ئوغۇلچاق تەختتىكى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۈچلۈك سامانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 874 —

999 ـ يىللار) بار بولۇپ، بۇ خانلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلامنى كېڭەيتكۈچى كۈچ ئىدى. شۇڭا، بۇ خانلىق بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي زىددىيەت ۋە زېمىن تالىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىككى خانلىق دائىم دېگۈدەك بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى. بۇ كۈرەش خاراكتېر جەھەتتىن يېڭى ئېتىقاد بىلەن كونا ئېتىقادنىڭ كۈرىشى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىسىگە كىرگۈزەلمىگەن سامانىيلار خانلىقى سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش يولىنى تۇتقان. شۇ چاغلاردا سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تۈپەيلى بىر قىسىم ئىسلام ئۆلىمالىرى قاراخانىيلار خانلىقىغا قېچىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىماسى ۋە تەرغىباتچىسى بولغان ئابدۇل ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد كارامەت باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار قاراخانىيلار خانلىقىدا دىن تارقاتقان. بۇلارغا مىلادىيە 904 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قاراخانىيلار خانلىقى تەرەپكە قېچىپ كەلگەن سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىي يېقىندىن ھەمكارلاشقان. بۇلارنىڭ دىن تەشۋىقاتى بىرىنچى بولۇپ سۇتۇق تېگىنگە تەسىر قىلغان. نەتىجىدە، سۇتۇق تېگىن ئابدۇل ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد كارامەتنىڭ ۋە ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ دەۋىتى بىلەن ئاتۇشتا بىرىنچى بولۇپ ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان. بۇ توغرىسىدا تارىخنامىلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئەبۇ ناسىر سامانىي ئاتۇشتا پاناھلىنىپ يۈرگەندە، سۇتۇق تېگىن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئەبۇ ناسىر سامانىي سۇتۇق تېگىنگە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تونۇشتۇرىدۇ ھەم سۇتۇق تېگىنگە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى

تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتىپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاخىر سۇتۇق تېگىن ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىدۇ. 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ئابدۇل جاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، سۇتۇق تېگىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىدا 12 ياش ئىدى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا 20 ياشتا ئىدى دېيىلىدۇ). سۇتۇق تېگىن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆز يېقىنلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىگە كۈچ توپلايدۇ. ئىسلام دىنى ئاشۇ مەزگىلدە ئىلغار ئېتىقاد سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن تېزلا قوبۇل قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوردىسى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى كۈچ بارلىققا كېلىدۇ. ئاخىر مىلادىيە 920 ـ يىلى سۇتۇق تېگىن سامانىيلار خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ بۇتپەرەس تاغىسى ئوغۇلچاقنى خانلىق تەختىدىن ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئىسلامچە ئىسمى ئابدۇلكەرىم) دەپ جاكارلايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان خانلىق تەختىگە چىققان ۋاقتىدا 25 ياشتا ئىدى، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى سىياسىي يول بىلەن ئەمەس، بەلكى قورال كۈچى ئارقىلىق ئەتراپقا تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر ۋە ئاتۇشتا ئىسلام دىنىنى تارقىتىدۇ. ئاندىن كېيىن يەكەن، ئاقسۇ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلاردىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان يەنە مىلادىيە 942 ـــ 943 ـ يىللىرى بالاساغۇن، سوياب ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلاردىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

مىلادىيە 955 ـ يىلى ئاتۇشتا ۋاپات بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە 37 مىڭ مۇسۇلمان يىغىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مېيىتى ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان ھەم شۇ يىلى مازىرى ياسالغان. بۇ مازار تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مىلادىيە 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەپ، بۇددىستلارغا نىسبەتەن قوراللىق بويسۇندۇرۇش سىياستىنى يۈرگۈزگەن. ئاخىر 24 يىللىق ئۇرۇش (987 — 1021 ـ يىللار) ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى بۇددىزمنىڭ جاھىل قورغىنى بولغان خوتەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورناتقان. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى ئاستا ـ ئاستا ئىسلاملىشىش دەۋرىگە، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر ئىسلام ئېتىقادىغا قاراپ ماڭغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ قەشقەردىكى تاغىسى ئوغۇلچاقنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ قولىدىن تالاسنى قايتۇرۇۋېلىپ ھەمدە ئىسلام دىنىنى تېخىچە قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇندىكى چوڭ خان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مىلادىيە 942 — 943 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا بالاساغۇننى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتكەن، شۇ ۋەجىدىن ئىسلام ۋەسىقىلىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ سۇلتانى دەپ قارىلىدۇ.

ئىزاھلار:

① گېيڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما ھۆججەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 42 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② چېن جياخۇا قاتارلىقلار: «سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەتلەر تارىخى» 370 ــ 371 ـ بەتلەر، سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى
# ئۇيغۇر تارىخچىلار

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن فېئودالىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن، لېكىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان، شۇنداقلا ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول قويغان. مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان زىيالىيلارنى ئوردىغا توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغان چاغدا، موڭغۇللارنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى يوق ئىدى. 1204 - يىلى چىڭگىزخان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان نايمان خانلىقىنى يوقاتقاندا، نايمان خانلىقىنىڭ دۆلەت ئۇستازى، باش مۆھۈرچىسى، ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان تاتاتۇڭا ئەسىرگە ئالغان. تاتاتۇڭا ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئەدىب، ئابرۇيلۇق ئۆلىما، پىشقان دۆلەت ئەربابى بولغاچقا، چىڭگىزخان تاتاتۇڭانى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان ھەم دۆلەت ئۇستازى قىلىپ، شاھزادىلىرىگە خەت - ئالاقە توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن

كېيىن تاتانۇڭانىڭ ئەجرى بىلەن موڭغۇللار ئۆز تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەشنى ئۆگىنىۋالغان، نەتىجىدە نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدە «موڭغۇلچە ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىق مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، موڭغۇللار يېزىقتا ئىگە بولۇپ، خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى ئارتقۇزغان. چىڭگىزخاننىڭ «بۈيۈك جاساق» (قانۇن ـ تۈزۈم، پەرمان) ۋە «بىلىك» (پەند ـ نەسىھەت) لىرى مۇشۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇلچە خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئەينى دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش، ئۇلارنىڭ تارىخىنى يېزىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ھەم بىر قىسىم تارىخچىلارنى ئوردىغا جەلپ قىلىپ، مەخسۇس تارىخ يېزىش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ئىلگىرىكى سۇلالىلەر تارىخىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئورگانلاردا ئۇيغۇر تارىخچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى يۆجۇ، ليەن خۈيشيەن قايا، سارابان قاتارلىقلاردۇر.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 130 ـ جىلددىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا①، يۆجۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئارغۇن سالى، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئاتا سالى ئىدى. ئاتا سالى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ ئەمەلدار بولغان. كېيىن موڭغۇل قوشۇنىغا ئەگىشىپ يەنجىڭ (بېيجىڭ)گە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ بۇددا ئىلمىنى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى دىنىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئارغۇن سالىمۇ

بۇددا ئىلمىنى، شۇنداقلا يەنە تارىخنامىلەرنى پىششىق بىلگەچكە، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، يېزىش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىن قۇبلايخان ئۇنى دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتتى دەپ قاراپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرگەن. يۆجۇ يەنجىڭ (بېيجىڭ)دا تۇغۇلغان بولۇپ، خەنزۇچىنى پىششىق بىلەتتى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇچە نوم، تارىخي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدى. 1308 ـ يىلى ئۇ دانىشمەن ئۆلىما مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. 1320 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، يېزىش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1279 ـ يىلىدىن باشلاپ، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، شۇنداقلا مۇشۇ سۇلالىلەر تارىخىنى يېزىشقا ئۆزى باشتىن ـ ئاخىر قاتناشقان. بولۇپمۇ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»نىڭ 155 ـ جىلدىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ليەن خۇيشيەن قايانىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بولۇقايا بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدى. بولۇقايا غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىزخان قوشۇنىغا قاتناشقان ۋە ئەمەلدار بولغان. ليەن خۇيشيەن قايانىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ليەن شىشيەن بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن «تەكشۈرگۈچى ئەلچى»لىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ فامىلىسى ليەن دەپ ئاتالغان. كېيىن بالىلىرىمۇ مۇشۇ فامىلە بويىچە ئاتالغان. ئۇ يەنە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. ليەن خۇيشيەن قايا 1321 ـ يىلىدىن

باشلاپ ئوردا تارىخ مەھكىمىسىگە ئەمەلدار بولغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قۇبلايخان، شۇەنزۇڭ خان، يىنزۇڭ خاننىڭ «ھەقىقىي خاتىرىلىرى»نى يېزىشقا باشلىغان. كېيىن جىبدۇڭ، خېنەن، جياڭشى قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار بولغان. كېيىن يەنە ئوردا تارىخ مەھكىمىسىگە قايتىپ كېلىپ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان②، شۇنداقلا يېزىشقا بىۋاسىتە قاتناشقان.

«يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»نىڭ 136 ـ جىلدىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، سارابانىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. سارابان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى قارايىغاچ بۇيرۇقىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئارغۇن تېمۇر ئىدى. ئارغۇن تېمۇر ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە باش مىرزا، پەرمانبەردار بولغان. 1329 ـ يىلى ئىناۋەتلىك تۆرە، سۇرۇنجى بەگلىككە كۆتۈرۈلگەن، خۇيزوڭ خاننىڭ ئۇستازى بولغان. ئۇ جان ـ دىلى بىلەن دۆلەت ئۈچۈن ئىشلەپ، باش مىرزا، دىۋان مۇئەككىلى، ۋەزىر، پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۆتىگەن. سارابانىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ناھايىتى بىلىملىك، خەنزۇچىغا پىششىق كىشىلەردىن بولغاچقا، سارابانمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر خىل بىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۇ پۈتۈن دۆلەتنىڭ يەر ۋە يۇقىرا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دىۋان مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارى بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرىنى، بولۇپمۇ تارىخ بىلىملىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقتىن ئوردا تارىخ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، شۇنداقلا «جىن سۇلالىسى» تارىخىنى

يېزىشتا باشتىن ـ ئاخىر ئاساسلىق رول ئوينىغان③.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە چىچېدۇ، چۈەنپۇئەنسالى قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقتا زور تۆھپە قوشقان شەخسلەردۇر.

ئىزاھلار:

① سۇڭ لىەن، ۋاڭ ۋېي: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 130 ـ جىلد «يۆجۇنىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1976 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② سۇڭ لىەن، ۋاڭ ۋېي: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 145 ـ جىلد «لىەن خۈيشيەنىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1976 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ كې شاۋمىن: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 136 ـ جىلد «سارابانىڭ تەرجىمىھالى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى1989– يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىستىپداتلىق خانى — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان — يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئادالەتپەرۋەر، خەلقچىل خانى ھەم مۇزىكانتى، شائىرىدۇر.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1510 — 1560 - يىللار) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى بولۇپ، ئۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ھەم تۇنجى سۇلتانى سەئىدخاننىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى. ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە 1510 - يىلى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ھەم ياشلىق چاغلىرىنى پەرغانە ۋە كابولدا ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇ تاغىسى، كابول خانى بابۇر شاھنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ۋە ھەربىي ئىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىلاسسىك ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، خەلق سەنئىتىگە قىزىققان. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە دادىسى سەئىدخان تەرىپىدىن خانلىق تەۋەلىكىدىكى يەتتىسۇ (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى) رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپلا قالماي يەنە پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا جەھەتلەردە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «ئۆزبېك، قازاق، چاغاتاي ۋە باشقا موغۇل ئۇلۇسى

ئىچىدە مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن ئوقنى ئابدۇرەشىدخاندەك ياخشى ئاتىدىغان كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى ھەرگىز خاتا كەتمەيتتى. ھەربىر ئىشتا تەڭداشسىز ئىدى.» مىلادىيە 1533 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ قايتىش سەپىرىدە، ئىس ئېلىپ كېتىپ، يول ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

ئابدۇرەشىدخان سۇلتان بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئادىل سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى ئوردا ئىچىدە مۇھىم خىزمەتلەرگە قويىدۇ. خانلىقنىڭ مەركىزى يەكەندە ھەمدە قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى قۇرۇپ، خانلىق ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. سۇ ئىنشائاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلايدۇ. دېھقانلار ئۈستىدىكى ئارتۇقچە باج ـ سېلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى قىسقارتىدۇ. نامرات دېھقانلارغا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا خەزىنىدىن نەپىقە بېرىدۇ. قوشنا ئەللەر بىلەن بېرىش ـ كېلىشنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، خانلىق شۇ مەزگىللەردە مىڭ سۇلالىسى بىلەنمۇ ھەر خىل ئالاقىلەردە بولغان.

ئابدۇرەشىدخان يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى، مۇزىكانتى ۋە خەتتاتى ئىدى. «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، «ئابدۇرەشىدخان خۇش تەبىئەتلىك، شېرىن سۆزلۈك، شائىر ۋە مەردانە پادىشاھ ئىدى. مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازى ئىدى»، «جۈملىدىن ئۇ ‹ئىشرەت ئەنگىز› (خۇشاللىق قوزغاش) دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلدى. بۇ مۇقام ئالدىدا بارلىق ساز تەسلىم بولدى. ئۇ چاھارتار، دۇتار،

ساتار، قالۇن، راۋاب، ئۇد، غېجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ساز چالغاندا ھەرقانداق زوقى يوق كىشىمۇ تەسىرلىنەتتى.» سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە 1545 ـ يىلى (35 يېشىدا) مۇقامچى ئامانىساخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئامانىساخانىڭ تەكلىپى بىلەن خانلىق تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچى، شائىر، مۇزىكانتلارنى ئوردىغا يىغىپ مەخسۇس مۇقام توپلاش، رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئورگىنى تەسىس قىلغان. بۇ خىزمەتكە ئامانىساخان بىلەن شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر سازەندىسى يەكەنلىك قېدىرخاننى مەسئۇل قىلغان. بەزى مۇقام تېكىستلىرىنى ئۆزى يېزىپ بەرگەن ھەم تۈزەتكەن. «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» دېگەن كىتابقا ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىمۇ ياخشى شېئىرلارنى يازاتتى. ئۇنىڭ «سىلاتىننامە»، «مەشۇقنامە»، «غەزەلىيات رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. بەزى مۇقام تېكىستلىرى مۇشۇ ئەسەرلەردىن تاللانغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇقىرىقى ئەسەرلەردىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى بەكمۇ ئاز.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە 1560 ـ يىلى تىبەت ۋە پامىردا ئۇرۇش قىلىپ پايتەخت يەكەنگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇ 59 يىل ياشاپ 27 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

# 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخىي شەخس
# رەخمىتۇللا بەگ

چىڭ سۇلالىسى (1644 ــ 1911 ـ يىللار) مىلادىيە 1759 ـ يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن، 1762 ـ يىلى ئىلىدا «ئىلى سانغۇن مەھكىمىسى»نى قۇردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەسلىدە بار بولغان بەگلىك تۈزۈمى بىلەن ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەر مىللەت خەلقىگە دەھشەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم سالدى.

چىڭ سۇلالىسى ئىلىدا يۇتكۇل شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان ئورگان قۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال، مەسلىھەتچى ئامبال، چېرىكچى ئامبال قويدى. ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مائاشى بار بولۇپ، بۇ مائاش ئوردىدىن بېرىلەتتى. بىراق، شىنجاڭغا كەلگەن بۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن خەلقتىن كۆپلەپ بايلىق شىلىۋالاتتى. يەرلىك فېئودال بەگلەرمۇ ئۇلارغا يۆلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوردىدىن بېرىلىدىغان تۇراقلىق مائاشىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ باج ـ سېلىقلىرىغا يەنە ھەر خىل ئالۋان ـ ياساقلارنى قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى باقاتتى ۋە

خوجايىنلىرىغا سوۋغا ـ سالام تارتۇق قىلاتتى. شۇ چاغدىكى بەلگىلىمە بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگ 150 پاتمان تېرىلغۇ يەر ئىگىلىسە، 80 ئىجارىكەش ياللىسا بولاتتى[1]. ئەمەلىيەتتە بولسا بەگلەر بۇ بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇۋېتەتتى. كەڭ خەلق ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيەسى ئاستىدا ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ بۇنداق ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، ئىستىقبالىنى ئويلايدىغان قەيسەر، باتۇر ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. رەخمىتۇللا بەگ ئەنە شۇنداق شارائىتتا يېتىشىپ چىققان خەلق سۆيەر كىشى بولۇپ، 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسىدۇر.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، مانجۇلاردىن بولغان سۇچېڭنى ئۇچتۇرپاننىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئامباللىقىغا، قۇمۇل ۋاڭ ئەۋلادىدىن بولغان بەگ ئابدۇللانى ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. سۇچېڭ قەبىھ جاللات ھەم نەپسى تويماس ئاچ كۆز بولۇپ، ئۇچتۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشلاپ، ئۇچتۇرپان خەلقىگە سالمىغان زۇلمى قالمىغانىدى[2] ئۇنىڭ ئوغلىمۇ خۇددى دادىسىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئاتا ـ بالا ئۇچتۇرپان خەلقىنى زار ـ زار قاقشىتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار خەلققە ھەر خىل باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق سالغاندىن سىرت، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ياكى قول ئاستىدىكىلەردىن تەرىپىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئامبال مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ ئەكېلىپ، مەجبۇرىي ئاياغ ئاستى قىلاتتى. ھاكىمبەگ ئابدۇللامۇ ئامبال سۇچېڭغا يانتاياق بولۇپ، ئۆزىنىڭ قۇمۇلدىن ئەكەلگەن ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلققە خالىغانچە زۇلۇم قىلىشىغا يول قوياتتى. ئومۇمەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئۇچتۇرپاندا ئەڭ

گەۋدىلىك ئىدى. ئاخىر بۇنداق قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇچتۇرپاندىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقى 1765 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى رەخمىتۇللا بەگنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقتى.

رەخمىتۇللا بەگ گەرچە تۆۋەن دەرىجىلىك بەگ بولسىمۇ، ناھايىتى جىگەرلىك، باتۇر، خەلقچىل كىشى ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ چىرىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن داۋاملىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالماي، ھەر دائىم خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. دەل مۇشۇنداق چاغدا، 1765 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇچتۇرپان خەلقىگە جىگدە كۆچىتى يۆتكەش ئالۋىنى چۈشۈرىدۇ. ئامبال سۇ چىڭ 240 نەپەر دېھقاننى ھاشارغا تۇتۇپ، جىگدە كۆچىتىنى ئوردىغا ئاپىرىشقا رەخمىتۇللا بەگنى مەسئۇل قىلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. رەخمىتۇللا بەگ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېچىسى 240 نەپەر ھاشارچىنى يىغىپ، مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ 240 نەپەر قوزغىلاڭچى رەخمىتۇللا بەگنىڭ باشچىلىقىدا ئوق مىلتىقى، قىلىچ، تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىپ، شۇ كېچىسىلا ئۇچتۇرپان ئامبال مەھكىمىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىگىلەيدۇ. ئامبال سۇچىڭ ۋە ھاكىمبەگ ئابدۇللا قاتارلىق ئەمەلدارلار ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. ئەتىسى پۈتۈن ئۇچتۇرپان خەلقى بۇ قوزغىلاڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار رەخمىتۇللا بەگنىڭ قوماندانلىقىدا سۇچىڭ، ئابدۇللالار قېچىپ بېرىۋالغان تاغنى قورشاپ، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاخىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئامبال سۇچىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ھاكىمبەگ ئابدۇللا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، جاجىسىنى يەيدۇ. نەتىجىدە،

ئۈچتۇرپان خەلقى قىسقا ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈردى. رەخمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۈچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى ھۆكۈمرانلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى دەرھال ئاقسۇنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىلى بيەن تاخەينى خىللانغان 450 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بيەن تاخەي 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەركەردە رەخمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇپ، جېنىنى ئېلىپ تىكىۋېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يېتىپ كەلگەن كۇچانىڭ ئامبىلى ئې باۋ باشچىلىقىدىكى قوشۇنىنىمۇ تارمار قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ھەرقايسى جايلارغا تارقاپ، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچتۇرپان خەلقىگە ئاۋاز قوشۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە جىددىي تەييارلىق قىلىدۇ، لېكىن جايلاردىكى قوزغىلاڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوڭۇشلۇق ھالدا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ.

ئالاقزادىلىككە چۈشكەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى دەرھال قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى نا شىتۇڭنى بيەن تاخەيگە ھەمكارلىشىپ، ئۈچتۇرپاننى شەرق، غەرب ئىككى تەرەپتىن قورشاپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىمقى باستۇرۇشمۇ رەخمىتۇللا بەگنىڭ چېۋەر قوماندانلىقى بىلەن بىتچىت قىلىنىدۇ③. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىلى سانغۇنى مىڭرۇي قوماندانلىقىدا خىللانغان 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىدۇ. يەنە ئوردىدىن ئاگۇينى نازارەتچىلىككە ماڭدۇرىدۇ. مىڭرۇينىڭ قوشۇنى ئۈچتۇرپاننى قورشاپ، شىددەت بىلەن توپقا تۇتىدۇ. ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقى رەخمىتۇللا بەگنىڭ قوماندانلىقىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. رەخمىتۇللا بەگ جەڭگاھتا

تۇرۇپ قوزغىلاڭچىلارغا قوماندانلىق قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى شەھەرنى ئاخىرغىچە قوغداشقا، بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئېلىشىشقا ئىلھاملاندۇردى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ باتۇر سەركەردىسى بىر قېتىملىق جەڭدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ توپ ئوقىدا قۇربان بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇردى. ئۇنىڭ ۋاپاتى قوزغىلاڭ ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭغا رەخمىتۇللا بەگنىڭ ئىنىسى ئەسمىتۇللا بەگ باشچىلىق قىلىپ، شەھەرنى قاتتىق ساقلاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ باتۇر قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھىيلىسىنى قوللىنىدۇ. نەتىجىدە، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، بىر قىسىم مۇناپىقلار بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەسمىتۇللا بەگ قاتارلىق 42 نەپەر كىشىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن رەخمىتۇللا بەگ رەھبەرلىكىدىكى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولىدۇ④.

گەرچە بۇ قېتىمقى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا رەخمىتۇللا بەگ قوزغىلاڭنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، رەھبىرى ۋە قوماندانى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە بېغىشلايدۇ. شۇڭا، ئۇ خەلق قەلبىدە ھازىرغىچە يادلىنىپ كېلىنمەكتە.

ئىزاھلار:

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 369 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 394 ـ بەت.

③ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 1102 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ فىڭ جياشىڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 2 ـ قىسىم 316 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى تارىختا ھازىرقى كۇچا ناھىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا بۇگۇر، شايار، توقسۇ، باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى ھەققىدىكى مەلۇمات تۇنجى بولۇپ «خەننامە»دە ئۇچرايدىغان بولۇپ، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «غەربىي يۇرتتا ئەسلىي 36 بەگلىك بار ئىدى، كېيىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنلارنىڭ غەربىگە، ئاسىيۇلارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى، بۇ يەر بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 7480 چاقىرىم. ئاھالىسى 6970 تۇتۇن، 81 مىڭ 317 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 21 مىڭ 76 نەپەر... جەنۇبى نىيە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەن، غەربىي جەنۇبى ئۇزۇن تېتىر، شىمالى ئاسىيۇ، غەربى ئاقسۇ بىلەن تۇتىشىدۇ»① دېيىلگەن. «جىننامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ كۇسەن بەگلىكى ھەققىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەلۇمات بېرىلگەن. بىراق، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن تەتقىقاتچىلار قەدىمكى كۇسەن

بەگلىكنىڭ مەركىزي شەھىرىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىش ناھايىتى مۇھىم.

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزي شەھىرى ھەققىدە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوخشاشلا «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى» دېيىلگەن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «قانۇنلار قامۇسى» دېگەن ئەسەردىلا «كۇسەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى يام شەھىرىدە تۇراتتى، ھازىر يىلولۇ شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. بىراق، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» ناملىق ئەسەردە «كۇسەن دەرياسىنىڭ ئىككى مەنبەسى بار، غەربىي ئېقىنىنىڭ مەنبەسى شىمالدىكى چوڭ تاغنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ... بۇ ئېقىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قۇمتاغدىن ئۆتىدۇ، تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، بۇ سول تارمىقىدۇر. شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان ئېقىن يەنە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئېقىن ئۇدۇل شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، شىمالىي ئېقىنغا قويۇلىدۇ. شەرقىي ئېقىن كۇسەنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن چىقىپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، بىر تارماق ئېقىن ئوڭ تەرەپتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، كۇسەن شەھىرىگە، يەنى بۇرۇنقى يام شەھىرىگە كىرىدۇ»② دېيىلگەن. بۇ بىزنىڭ قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يام شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېقىنقى دەۋرلەردىكى كۇچا رايونىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندىمۇ، كۇچادا ئىككى چوڭ دەريا بولۇپ، غەرب تەرەپتىكىسى مۇزات دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قىزىل مىڭئۆيگە كەلگەندە قىزىل دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. قىزىل دەرياسى كۇچانىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قىزىلنىڭ غەربىدە مۇزات دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، چۆلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ قۇمتۇراغا كەلگەندە، ئۆگەن دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، سۇيى ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىر تارمىقى سول تەرەپتىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، ئۆگەن دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئۆزىمۇ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ بىر تارمىقى جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، شايارنىڭ غەربىدە تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، غول تارمىقى شەرققە قاراپ ئېقىپ، شايار ناھىيەسىنىڭ شىمالىدىن يەنە شەرققە قاراپ ئېقىپ، بوگۇر سازلىقلىرىغا قۇيۇلىدۇ. دېمەك، «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى»دا تەسۋىرلەنگەن غەربىي ئېقىن ھازىرقى مۇزات دەرياسى (يەنى ئۆگەن دەرياسى)نى كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شەرقىي ئېقىن كۇچا دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى كۇچانىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغدىن باشلىنىدۇ. جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، چۆلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، سۇ بېشىغا كەلگەندە ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. بىر تارمىقى سۇبېشى دەرياسى بولۇپ، شەرقىي تەرەپتە؛ يەنە بىرى ئوچا دەرياسى بولۇپ، شەرقتىن كۇچا شەھىرىگە ئېقىپ كىرىپ، جەنۇبتا چىن دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. چىن دەرياسى ئوچا دەرياسىنىڭ غەربىدىن كۇچا بازىرىغا ئېقىپ كىرىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئوچا دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئوچا دەرياسى ئېھتىمال قەدىمىي دەريا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قەدىمىي خارابە ـ ئىزلار كۆپ ساقلانغان،

بۇنى «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى»دىكى مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، «شەرقىي ئېقىن» دېيىلگەن ئېقىننىڭ ئاساسلىق مەنبەسى سۇبېشى دەرياسى بولۇپ، ئوچا دەرياسى بولسا شەرقىي ئېقىننىڭ ئوڭ تەرەپتىكى بىر تارماق ئېقىنىدۇر. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى»دا ئېيتىلغان كۇسەن شەھىرىگە، يەنى يام شەھىرىگە كىرىدىغان ئېقىنمۇ دەل مۇشۇ ئوچا دەرياسىدۇر③. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى كۇسەن شەھىرى (يەنى يام شەھىرى) مۇشۇ ئوچا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. گەرچە سۇبېشى دەرياسى ھازىر قۇرۇق دەريا بولسىمۇ، بىراق سۇبېشى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ ھازىرقى كەڭلىكىنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن، قەدىمدە سۇبېشى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بولغان ئوچا دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

1958 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يام شەھىرىنىڭ كۇچا دەرياسى بويىغا جايلاشقانلىقى دەلىللەندى④. تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كۇچادىكى يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئارىلىقىغا جايلاشقان پىلاڭ كەنتىگە بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ مازاپتان قەدىمىي شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تۆت چاسا كەلگەن، شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2075 مېتىر، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1608 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1809 مېتىر، شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوچا دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا قەدىمىي توپا دۆۋىلىرى ۋە ئىزلار بولۇپ، بۇ توپا دۆۋىلىرى ۋە ئىزلارنىڭ ھەممىسى

ئوچا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە خاڭداپ سېلىنغان قورۇلۇش ئىزلىرى بار. شەرقىي سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، يەنى ئوچا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا پىلاڭ تورا، قارادۆڭ ۋە قارادۆڭنىڭ غەربىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايىدا ساقساق تورا بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارادۆڭ خارابىسى بىرقەدەر چوڭراق، بۇ يەرنى قېزىش جەريانىدا ھەر خىل ساپال بۇيۇملار، تاش قوراللار، سۆڭەك بۇيۇملار ۋە ئاز مىقداردا مىس، تۆمۈر قوراللار تېپىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ خارابىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ «بەش جۇلۇق» يارمىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ «دالى يۈەنباۋ»، «جيەنجۇڭ تۇڭباۋ» پۇللىرى، شۇنىڭدەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت يېزىلغان ساپاللار تېپىلدى.

تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن مىلادىيە 7 ــ 9 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى كۇسەنلىكلەر ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ ئوچا دەرياسىنىڭ بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن ھەم ئوچا دەرياسىنىڭ سۈيىشى دەرياسىنىڭ (يەنى كۇچا دەرياسىنىڭ) بىر تارماق ئېقىنى ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يام شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «جۇنامە» بىلەن «سۈينامە»دە: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى (دائىرىسى) 5 ـ 6 چاقىرىم كېلەتتى»[5]دېيىلگەن. شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ دائىرىسى 17 ـ 18 چاقىرىم كېلەتتى»[6] دېيىلگەن. ھازىر

ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ دائىرىسى يەتتە كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بىز خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى چاقىرىم مۇساپىسىنىڭ ھازىرقى مۇساپىدىن كىچىك بولىدىغانلىقىغا، يەنى «ھازىرقى بىر كىلومېتىر خەن ـ تاڭ دەۋرلىرىدىكى 2.558 چاقىرىمغا تەڭ» دېگەن⑦يەكۇنگە ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ چىقساق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن بەگلىكى مەركىزىي شەھىرىنىڭ دائىرىسى بىلەن ھازىرقى قەدىمكى شەھەر خارابىسى دائىرىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بۇ شەھەر خارابىسىدىكى شىمالىي سېپىل شەرقىي سېپىلدىن بۇرۇن ياسالغان، شەرقىي سېپىلمۇ ئەسلىدىكى سېپىلنىڭ ئورنىغا قايتا ياسالغان. باشقا نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشلارمۇ ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش ئاساسىدا قايتا كېڭەيتىلىپ ياسالغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى يام شەھىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن بۇرۇن دائىرىسى كىچىكرەك، نوپۇسى ئازراق بولغانلىقى، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دائىرىسى كېڭىيىپ، نوپۇسىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، سودا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دائىرىسى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كېڭىيىپ، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقى ئېنىق.

بەزى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغان كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇگۇنكى كۇچادا ئىدى، ۋېي، جىن، سۈي سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇگۇنكى شايارغا كۆچۈرۈلگەن، دېگەن قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان يام شەھىرى ۋە كېيىن يىلولۇ شەھىرى دەپ ئاتالغان يېڭى يام شەھىرى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئىزچىل

هالدا بوگۈنكى كۇچادىكى پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە بولغان. بەزىلەر تىلغا ئالغان يانتاق قەدىمكى شەھىرى ئېھتىمال كۇسەن بەگلىكىنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرى ئىچىدىكى بىر چوڭ شەھىرى، يەنى تارىم دەرياسى بويىدىكى يەنە بىر چوڭ شەھىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

① بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I» 848 ـ، 917 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② لى داۋيۈەن: «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» 1 ـ جىلد 11 ـ، 12 ـ بەتلەر، ۋەسىقە نەشرىياتى 1955 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى» 226 ـ، 227 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن دوكلات» 4 ـ باب «كۇچا رايونى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە» 50 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» 13 ـ كىتاب 917 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ شۈەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 19 ـ بەت، شەنشى خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑦ جۇ ليەنكۇن: ««بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى، توغرىسىدىكى تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ماقالىلىرى» 102 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قەدىمكى شەھەر بەشبالىق

بەشبالىق — تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىر جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 12 كىلومېتىر كېلىدىغان خۇباۋزى دېگەن جايدا بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «كونىشەھەر» دەپ ئاتايدۇ. بەشبالىق شەھىرى قەدىمدە جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى رايونلارنى، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار بىلەن شىمالىدىكى رايونلارنى ھەم جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى جايلارنى بىر — بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. بولۇپمۇ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 — ئەسىردىن مىلادىيە 15 — ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە، بەشبالىق شەھىرى قاڭقىللار، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قاتناش مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

قەدىمكى شەھەر بەشبالىق ھەققىدە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن

سالدۇرغان. قۇچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭى بالىق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى «بەشبالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى «ياڭى بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «يېڭىشەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ مەلۇمات بەرگەن①. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرقىي يۈزىنىڭ 28 ـ قۇرىدا: «30 يېشىمدا بەشبالىققا يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم. قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەم يوقىتىلاتتى، (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بەشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى»② دېگەن خاتىرىلەر بار. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، زۇلقەرنەيىن (يەنى ئالېكساندىر ماكدونىسكى، قەدىمكى ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 336 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 323 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلغاندا، يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان. بىلگە قاغان (مىلادىيە 685 ـ يىلىدىن مىلادىيە 734 ـ يىلىغىچە ياشىغان) بولسا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مەشھۇر قاغانلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادىيە 716 ـ يىلىدىن 734 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇچۇن مىلادىيە 735 ـ يىلى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ئورنىتىلغان. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، بەشبالىق شەھىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئىنتايىن زىچ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بەشبالىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھازىرقى جىمسار، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان قۇسلار پائالىيەت ئېلىپ

بارغان. كېيىن ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇس دەپ ئاتالغان. ئالدى قۇسلار تۇرپان ئويمانلىقىدا، ئارقا قۇسلار بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ھالدا بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدا ياشىغان. شۇ دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بەشبالىق شەھىرىنىڭ نامى جىنمەن شەھىرى (金满城) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئارقا قۇس ھەققىدە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئارقا قۇس بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئۇتۇ قورغىنى (务涂沟)، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8950 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 595 تۈتۈن، 4774 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1890 نەپەر، غەربىي جەنۇبتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1237 چاقىرىم كېلىدۇ»③ دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئارقا قۇس بەگلىكىنىڭ بېگى ئۇتۇ قورغىنىدا تۇرىدۇ. بۇ يەردىن دورغاپ تۇرغان يەرگە 500 چاقىرىم، لوياڭغا 9620 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 4000 تۈتۈندىن ئاشىدۇ، نوپۇسى 15 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 3000دىن ئاشىدۇ. ئارقا قۇستىن غەربكە قاراپ ماڭسا ئاسيۇ (ئۇيسۇن) ئېلىگە بارغىلى بولىدۇ»، «ئېۋىرغولدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا ئالدى قۇستىكى قۇتچۇر قورغىنى (يەنى قۇچۇ)غا 1200 چاقىرىم كېلىدۇ، قۇتچۇر قورغىنىدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، ئارقا قۇستىكى جىنمەن شەھىرىگە (金满城) 500 چاقىرىم كېلىدۇ. مانا بۇ غەربىي يۇرتنىڭ قاپقىسى ھېسابلىنىدۇ»④ دەپ خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايونىمىز ئارخېئولوگلىرىمۇ قۇسلار ياشىغان يۇقىرىقى رايونلاردىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دەپ قارالغان بىر تۈركۈم قەبرىلەرنى قېزىپ، ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ چىقتى. ئۇلارغا ئاساسلانغاندا، قۇسلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردىن باشلاپلا بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار مىلادىيەدىن

ئىلگىرىكى 8 ــ 3 ـ ئەسىرلەردە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا مىس ۋە تۆمۈر قوراللارنى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە كۈلالچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۇندىلىك تۇرمۇشتا ئاساسلىقى ساپال، ياغاچ، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلەتكەن، زىرائەتلەردىن بۇغداي، كەندىر قاتارلىقلارنى تېرىغان، كېيىن سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان.

مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن كېيىن غەربىي يۇرت تارىخىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر قىسىم كىچىك بەگلىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ بەگلىكلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. بۇ دەۋردە ئارقا قۇس بەگلىكمۇ تەدرىجىي كۈچلىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى شەرقىي چۇمۇل بەگلىكى، غەربىي چۇمۇل بەگلىكى، تۇرپامى بەگلىكى، بارىكۆل بەگلىكى، ئوتانزىل بەگلىكى قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك بەگلىككە ئايلانغان. نەتىجىدە، ئۆز زېمىنى دائىرىسىدىكى بىردىنبىر چوڭ شەھەر بولغان بەشبالىق شەھىرىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزى قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، بەشبالىق شەھىرى بىر مەزگىل تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق بىرمۇنچە خەلقلەرنىڭ تارىخىدا زور رول ئوينىغان.

تۈرك خانلىقى (مىلادىيە 552 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان) قۇرۇلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە بەشبالىق شەھىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر مەزگىل يابغۇ قاغان (610 ــ 618 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)، تۇن يابغۇ قاغان (634 ــ 639 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشىدىكى مۇھىم

قورغىنىنى بولۇپ قالغان. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى بەشبالىق شەھىرىنىڭ نامى «تاڭنامە»دە «قاغان بۇد شەھىرى» (可汗浮图城، بۇد ــ قەدىمكى تۈركچىدە تەخت دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىشتىن سىرت، يەنە «شىمالىي ئوردا» (北庭) دەپمۇ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ دەۋردە بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان قاڭقىل خەلقى تۈرك خانلىقى تەركىبىگە كىرىپ، بەشبالىق شەھىرىنى گۈللەندۈرۈپ، بەشبالىق شەھىرىنىڭ ئەينى دەۋردە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك قورغان ھەم يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولۇپ قېلىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 640 ـ يىلى قوچۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ بەشبالىق شەھىرىدە تۇرۇشلۇق يابغۇسى ئاشنا ئالىپ ئۆز قوۋمىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بۇ يەردە بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئاشنا ئالىپنى بەشبالىق تۇتۇقبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. بىراق، مىلادىيە 649 ـ يىلى پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئۆلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلانغان ئاشنا ئالىپ قوشۇن تارتىپ چىقىپ، غەربىي تۈركلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ جاكارلاپ، شەرقتە ئۈرۈمتاي (ئۈرۈمچى)، بارىكۆل قاتارلىق جايلارغىچە بېسىپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەرھال ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قوللىنىپ، مىلادىيە 651 ـ يىلى ۋە 656 ـ يىلى ئىككى قېتىم زور كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قىلىش ئارقىلىق ئاشنا ئالىپنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىپ، بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى تارتىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەشبالىق شەھىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، ھەقىقىي گۈللىنىش دەۋرىگە

قەدەم قويغان. 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ بەشبالىق شەھىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي شەھىرىگە ئايلىنىپ، تېز تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ مىلادىيە 760 ـ يىلىدىن كېيىن تۇبۇتلەر خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋېلىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويغاندا، «يىپەك يولى» بەشبالىقتىن ئۆتۈپ، بەشبالىق شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم شەھەر ۋە ئەڭ چوڭ سودا شەھىرى بولۇپ قالغان. كېيىن مىلادىيە 790 ـ يىلى تۇبۇتلەر بەشبالىقنى بېسىۋالغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۇيرۇق ئىل ئۈگەسى باشچىلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتىپ، تۇبۇتلەر بىلەن بەشبالىقتا قاتتىق ئۇرۇش قىلغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى زور بولۇپلا قالماي، ۋاقتىمۇ بىر نەچچە يىلغىچە سوزۇلغان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇتلۇق قاغان (795 — 805 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) سەلتەنەت سۈرگەندە تۇبۇتلەرگە زور كۆلەمدە جازا يۇرۇشى قىلىپ، ئالدى بىلەن بەشبالىق، ئۇنىڭدىن كېيىن قاراشەھەر، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سىر دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرنى بويسۇندۇرغان⑤. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچكۈچە بەشبالىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربتىكى زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلىشىدىكى مۇھىم سىياسىي مەركىزى ۋە يىپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ سودا بازىرىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغان.

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەندە، بەشبالىق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق رايونى بولۇپ

قالغان. 13 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچى جۇۋەينى ئۆزىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى بىر رىۋايەتنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى دەسلەپتە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا كۆپەيگەن دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ دەريا ئۇلار قاراقۇرۇم دەپ ئاتايدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ... ئۇلار ئاھالىسى كۆپەيگەن چاغدا باشقا قەبىلىلەرنى دوراپ، قوۋمى ئىچىدىن بىر كىشىنى ئاتامان سايلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار 500 يىلنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىن بۆكۈخان ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ... بۆكۈخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرىدىن بىرى خانلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ زامانىدا ئۇيغۇر ئېلىدە پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ، ھەتتا بوۋاق باللارنىڭ كۆچ ـ كۆچ دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇنىڭ بىلەن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ، ئۇلار قەيەرگىلا بارسا كۆچ ـ كۆچ دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق كۆچۈپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە كۆچ ـ كۆچ دېگەن ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ يەردە بەش شەھەر بىنا قىلىپ ئۇنى بەشبالىق دەپ ئاتاپتۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشىنىڭ ئاساسلىقى بەشبالىق شەھىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى پان تېگىن باشچىلىقىدا بەشبالىققا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بۇ رايوندىكى ئاساسىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى تېزلا كۈسەن، قاراشەھەر، قۇچۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، مىلادىيە 870 ـ يىلى بەشبالىق ۋە قۇچۇنى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بەشبالىق شەھىرى راسا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، ھەتتا بىر مەزگىل ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

ئاساسلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. مىلادىيە 981 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ئارسلانخان يازدا بەشبالىقتا تۇرۇپ، قىشتا قۇچۇدا تۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ بەشبالىقلىق كىشىلەر ئىچىدىن چىققان. مەسىلەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم، تەرجىمان سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ بەشبالىقلىق كىشى بولۇپ، ئۇ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بەشبالىق شەھىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم سىياسىي شەھىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر مەرىپەت شەھىرى بولۇپ قالغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەشبالىق شەھىرى گەرچە بىر مەزگىل مۇھىم سىياسىي شەھەر بولۇش رولىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە مۇھىم ھەربىي قورغانلىق ۋە مەدەنىيەت مەركىزىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى بەشبالىقتا 1280 ـ يىلى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، 1283 ـ يىلى ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان، بۇ بەشبالىق شەھىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ مۇھىم سىياسىي رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا بەشبالىقلىق كىشىلەر بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چاغاتاي خانلىقى

دەۋرىدە بەشبالىق شەھىرى بىر مەزگىل شەرقىي چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان خىزىر خوجىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ ھاكىمىيەت «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا «بەشبالىق ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتالغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 332 ـ جىلدىدا: «بەشبالىق غەربىي دىياردىكى بىر چوڭ ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبى ئۇدۇن، شىمالى ئۇيرات، غەربى سەمەرقەنت، شەرقى قاراغوجا بىلەن تۇتىشىدۇ. جىايۇگۇەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 3700 چاقىرىم كېلىدۇ»[6] دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بەشبالىق شەھىرىنىڭ بۇ دەۋرگە كەلگەندە قايتىدىن مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بەشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىش ـ كېلىش ۋە سودا ـ ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن قويۇق بولغان. خىزىر خوجىنىڭ ئەۋلادى ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، 1418 ـ يىلى پايتەختنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالغان. بەشبالىق شەھىرى بولسا ئۇزۇلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مەيلى ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، داۋاملىق ھالدا ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇش شارائىتىدىن مەھرۇم قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت تارىخىدا مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلگەن بۇ قەدىمكى شەھەر تەدرىجىي ھالدا خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 153 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 101 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ

يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I » 931 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ فەن يې، سىمابىياۋ: «كېيىنكى خەننامە» 88 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 552 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑤ خۇا تونىڭ «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى(8 ـــ 10 ـ ئەسىرلەر)» دېگەن ئەسىرىنىڭ 17 ـ، 18 ـ بەتلىرىدە بېرىلگەن «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى»نىڭ تېكىستى، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 1 ـ قىسىم 123 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## يىپەك يولىدىكى قەدىمي شەھەر ــ يەكەن

قەدىمىي شەھەر يەكەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىگە، «دۇنيا ئۆگزىسى» دەپ نام ئالغان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، هاۋاسى ياخشى، تۇپرىقى مۇنبەت جاي.

يەكەن شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە يىپەك يولى يەكەننى كېسىپ ئۆتكەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەن غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان. ئۇ دەۋردە يەكەننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سودا ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 25 ــ 220 ـ يىللار) دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە يەكەننىڭ غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە سودا جەھەتتە ھەرقايسى بەگلىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، بۇ جايغا ئىچكى رايونلاردىن سودىگەرلەر كېلىپ سودا قىلىپ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 ــ 907 ـ يىللار) دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، يەكەن بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ سودا ئالاقىسى خېلى راۋاجلانغان. بۇ مەزگىللەردە يەكەننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى غەربىي يۇرتنىڭ باشقا مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىللە ھەرقايسى ئەللەرگە چىقىرىلغان. بولۇپمۇ، قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە

870 ـــ 1121 ـ يىللار) دەۋرىدە يەكەن ئىنتايىن روناق تېپىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت شەھىرىگە ئايلانغان. 13 ـ ئەسىردە ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركوپولو جۇڭگوغا كېلىشىدە يەكەندىن ئۆتكەن ھەم بۇ جاينىڭ ئاۋات جاي ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندا، يەكەننىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىغا ھەم مول بايلىق مەنبەسىگە (بولۇپمۇ ئاشلىق مەنبەسىگە) ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «يەكەن شەھىرىنى قايتا ياساتقانىكەن». بىراق، بۇ شەھەر 1239 ـ يىلى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زېمىن ھەم خەزىنە بۆلۈشۈۋېلىش ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. يەرلىك تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، شۇ ۋەيرانچىلىقتىن كېيىن «مىلادىيە 1446 ـ يىلى چاغاتاي خان ئەۋلادىدىن بولغان مۇھەممەد فىزالىدىن دېگەن كىشى يەكەن شەھىرىنى قايتىدىن ياساتتىپ چىققان».

يەكەن شەھىرى سەئىدىيە خانلىقى (مىلادىيە 1514 ـــ 1678 ـ يىللار) دەۋرىدە ئىنتايىن گۈللەنگەن. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يەكەنگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر 12 مۇقامىمۇ شۇ دەۋردە ئامانىسا خان، قېدىرخان يەركەندى قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن. يەكەندىكى مەشھۇر يادىكارلىقلاردىن مىلادىيە 1025 ـ يىللىرى كېسەك بىلەن ياسالغان «سۇلتانۇم مازىرى»، 1470 ـ يىللىرى ياسالغان «چىلتەنىم مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئازنا مەسچىتى (بۇ مەسچىت خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، پۇختا، كۆركەم قۇرۇلۇشتۇر)، 1533 ـ يىللىرى ياسالغان داڭلىق «ئالتۇنلۇق مازىرى» ۋە

«ھەزرىتى پىر مازارلىقى»، «مۇھەممىدان مازىرى» قاتارلىقلار قۇرۇلۇش سەنئىتى جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى كۆركەملىكىنى ئەينەن ساقلاپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ زامانىدا يەكەن چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان، گۇاڭشۇنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا، يەكەن ۋىلايەت بولغان. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە، 1913 ـ يىلى يەكەن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى يېڭىلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1955 ـ يىلى يەكەن رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، يەكەن شەھىرى ناھىيە مەركىزى بولدى.

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «خۇيخې» (回纥)نىڭ «خۇيخۇ» (回鹘)غا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بېرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ـ مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار خېلىلا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ، فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» (1 ـ قىسىم)، گېڭ شىمىن يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە يازما هۆججەتلىرى هەققىدە بايان»، ليۇ مېيسۇڭ يازغان «ئىككى تاڭنامىدىكى خۇيخېلار تەزكىرىسى، خۇيخۇلار تەزكىرىسىگە شەرھ»، ياڭ شېڭمىن يازغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەردىكى تۈرك ـ ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئىزاهلاش»، فېڭ جۇۋېن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخى يىلنامىسى»، ليۇ جىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ياڭ شېڭمىن يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، لىن گەن قاتارلىقلار يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار هەققىدە تەتقىقات»، ئاۋسترىيەلىك ماككارىس يازغان «ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ـ مەدەنىيىتىگە دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئېنىق يورۇتۇپ بەردى. لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر

خانلىقىنىڭ تارىخى ـ مەدەنىيىتىگە دائىر قەدىمكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ بىر قەدەر كەمچىل ھەم كەمتۈك بولۇشى، تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىدا بۇ ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگىلا تايىنىۋېلىپ، قەدىمكى تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارغا، ئەرەبچە ـ پارسچە ماتېرىياللارغا ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئېتىبارسىز قارىشى سەۋەبىدىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ـ مەدەنىيىتىگە دائىر بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر يەنىلا كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلمەيۋاتىدۇ. مىلادىيە 7 ـــ 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «خۇيخې» (回纥) ۋە «خۇيخۇ» (回鹘) ھەم بۇ ناملارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى، بۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ۋاقتى مەسىلىسى ئەنە شۇ مەسىلىلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «خۇيخې»نىڭ «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرگەن ۋاقتى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئېنىقكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تارىخىي مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى، غەربىي يۇرت، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «خۇيخې» دېگەن نامنىڭ «خۇيخۇ» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن ۋاقتى مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت.

بىرىنچى خىل قاراش: فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار «ئۇيغۇرلارنىڭ نامى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە 6 ـ ئەسىرنىڭ

دەسلىپىدە خۇيخې دەپ ئاتىلاتتى، 788 ـ يىلى خۇيخۇ دەپ ئۆزگەرتىلگەن»[1] دەپ ھېسابلىسا، فەن ۋېنلەن «788 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى خۇيخېنى خۇيخۇغا ئۆزگەرتتى»[2] دەپ يازىدۇ. لىن گەن بىلەن گاۋ زىخۇ بولسا «تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۇەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 788 ـ يىلى) خۇيخې دېگەن نام شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغانلار دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەن»[3] دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. ياڭ شېڭمىنمۇ «خۇيخې»نىڭ «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتىنى 788 ـ يىلى دەپ بېكىتىشكە قوشۇلىدۇ[4]. ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دىمۇ «كېيىنكى يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۇەن 4 ـ يىلى) دېزۇڭ خان ئۆزىنىڭ قىزى شيەنئەن مەلىكىنى تۈن باغاغا ياتلىق قىلدى، تۈن باغا تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا ئوخشاش جەسۇر ھەم چېۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خۇيخېنى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، تاڭ ئوردىسى بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆردى ھەمدە ئۇنىڭغا تەڭرىگە يېقىن، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قاغان دەپ نام بەردى»[5] دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراش: لىيۇ مېيسۇڭ، سۇڭ سۇيياڭ، ياپونىيەلىك ئابى تاكىئو قاتارلىق تەتقىقاتچىلار «خۇيخې دېگەن نام مىلادىيە 809 ـ يىلى خۇيخۇ دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن» دەپ ھېسابلايدۇ. سۇڭ سۇيياڭ: «بۇ ئىش يۈەنخې 4 ـ يىلى (809 ـ يىلى) ئادالەت قۇچقان قاغان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان، 808 ــ 821 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا يۈز بەرگەن»[6] دېسە، لىيۇ مېيسۇڭ: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قارا بالغاسۇندىن (ئۇيغۇرلارنىڭ كونا پايتەختى) تېپىلغان ‹توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى›نى ۋاڭ گوۋېي قاتارلىق ئالىملار ئادالەت قۇچقان قاغاننىڭ تىكلىگەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى، مەڭگۈ تاشتىكى

توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ نامى بىلەن ‹كونا تاڭنامە›دە خاتىرىلەنگەنلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئادالەت قۇتچىقان قاغاننىڭ خۇيخېنى خۇيخۇغا ئۆزگەرتكەن ۋاقتىنى چوقۇم ‹كونا تاڭنامە›دە خاتىرىلەنگىنى بويىچە يۈەنخې 4 ـ يىلى (809 ـ يىلى) دەپ قاراش كېرەك»⑦ دەيدۇ. ئابى تاكېئۇ بولسا: «يۈەنخې 3 ـ يىلى (808 ـ يىلى) تەڭرى قاغان ئۆلگەن، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان قاغان تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئادالەت قۇتچىقان قاغان دەپ ئاتالغان، يېڭى قاغان كېيىنكى يىلى (809 ـ يىلى)نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەلچى ماڭدۇرۇپ، نامىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان»⑧ دەپ، «خۇيخې»نىڭ «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتىنى مىلادىيە 809 ـ يىلى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە قاڭقىللار (高车)نىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 ــ 534 ـ يىللار) دەۋرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئۇلارنىڭ ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىكى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ياشىغانلىرى «يۈەنخې» (袁纥)، ئالتاي تېغىنىڭ غەربى ۋە تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ياشىغانلىرى «ۋۇخۇ» (乌护) دەپ ئاتالغان. ئۇلار سۈي سۇلالىسى (581 ــ 618 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە «ۋېيخې» (韦纥)، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «خۇيخې» (回纥) دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ئۇيغۇرلار (袁纥) يەنە ۋۇخۇ (乌护)، ۋۇخې (乌纥) دەپمۇ ئاتىلاتتى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يەنە ۋېيخې (韦纥) دەپمۇ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى باتۇر ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ سەردارى يوق ئىدى، ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشەتتى، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ھەۋەس قىلاتتى، تۈركلەرگە قارام ئىدى. تۈركلەر

ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە بايلىقىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي جەزىرىدە قۇدرەت تاپقانىدى. دايىي يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (605 — 616 ـ يىللار) قاراقاغان (处罗可汗) تېلى قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىدى، شۇنداقلا يەنە ئۇلاردا نارازىلىق پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ سەردار ـ سەرۋازلىرىدىن نەچچە يۈز ئادەمنى يىغىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇيغۇرلار (袁纥) بۆگۈ، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىدى ھەم خۇيخې (回纥) دەپ ئاتالدى»[9] دەپ خاتىرىلەنگەن، مانا بۇ «خۇيخې» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «خۇيخې»نىڭ «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرتىلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، مىلادىيە 941 ـ يىلى كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى دەۋرىدە جاۋ يىڭ، ليۇ شۇ قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «يۈەنخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 809 ـ يىلى) ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، نامىنى شۇڭقاردەك چەسۇر ھەم چېۋەر دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇغا ئۆزگەرتتى»[10] دېيىلگەن بولسا، مىلادىيە 973 — 1026 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «كونا بەش دەۋر تارىخى»نىڭ «يات ئەللەر تەزكىرىسى»دە: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 4 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى خانىدانلىقتا ئەلچى ئەۋەتىپ، نامىنى شۇڭقاردەك چەبدەس دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى»[11]دېيىلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، مىلادىيە 1044 — 1060 ـ يىللىرى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇڭ چى، ئوۋياڭ شيۇلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ئىككىنچى يىلى (جېنيۈەن 4 ـ يىلى) قاغان ۋەزىرى ئەدىز تۇتۇق قاتارلىق

1000دىن ئارتۇق كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەمدە سىڭلىسى قۇتلۇق بىلگە مەلىكە باشچىلىقىدىكى 50 ئايالنى قىز مېلى بىلەن بىللە مەلىكىنى يۆتكەپ ئەكېلىشكە ئەۋەتتى، ئەدىز جىنۇۋغا يېتىپ كەلگەندە سىبىرلار (سىيانپىيلار)نىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ ئۆلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قالغان 700 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئوردىغا يېتىپ كېلىپ، ھۆدەيچى مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى، خان يەنشى قوۋۇقىغا بېرىپ ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى، قاغان مەكتۇپىدا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن: ‹بۇرۇن ئاغا ـ ئىنى ئىدۇق، ئەمدى كۈيئو ئوغۇل بولۇپ قالدىم، كۈيئو ئوغۇل يېرىم ئوغۇل دېمەكتۇر، ئالىيلىرى ئۆزلىرى غەربىي رۇڭلار (تۇبۇتلەرنى دېمەكچى ــ ئاپتوردىن)دىن تەشۋىشلەنمىگەيلا، ئۇلارنى ئۆزۈم قوشۇنۇمنى ئاتلاندۇرۇپ تارمار قىلىمەن، دەپ خۇيخې دېگەن نامنى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى»[12] دېيىلگەن بولسا، مىلادىيە 1084 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىما گۇاڭ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە: «جېنيۈەن 4 ـ يىلى (788 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ئۇيغۇر قاغانى چاڭئەنگە ئەلچى ماڭدۇرۇپ، خۇيخې دېگەن نامنى خۇيخۇ دېگەن نامغا ئۆزگەرتىشنى ئۆتۈندى»[13] دېيىلگەن.

يۇقىرىقى خاتىرىلەر تەتقىقاتچىلاردا «خۇيخې» دېگەن نامنىڭ «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراشنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ماتېرىيال ئاساسى بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بىز يۇقىرىقى خاتىرىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلساق، «كونا تاڭنامە» بىلەن «كونا بەش دەۋر تارىخى»دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەردە مەلۇم خاتالىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

بىرىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسى (618 ـــ 907 ـ يىللار) دەۋرى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىدىكى فېئوداللىق سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەنگەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرقەدەر راۋاجلانغان دەۋر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تارىخشۇناسلىق تەرەققىي قىلغان، ئوردا تارىخ تۈزۈش ئىشىغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە مەخسۇس تارىخ تۈزۈش ئورگىنىنى قۇرغان، تارىخ تۈزۈش ئۇسلۇبى كۆپ خىللاشقان، بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق ئىدېئولوگىيە جەھەتتە دەستۇرشۇناسلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىققان، تارىخچىلار باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى «رەسمىي تارىخ» سۈپىتىدە تونۇپ، شۇنداق تارىخلارنى يازغان دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ كېيىنكى دەۋرلەرگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

«كونا تاڭنامە» تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ ئەمدىلا 30 نەچچە يىل بولغان ۋاقىتتا، يەنى كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى (936 ـــ 946 ـ يىللار)⑭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەچچە ئەۋلاد پۈتۈكچى (تارىخچى)لەر تەرىپىدىن يېزىلىپ جۇغلانغان «خانلىق تارىخى» بىلەن تاڭ ۋۇزۇڭ (840 ـــ 846 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)دىن ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىنى ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان⑮. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پادىشاھلار ئۆلگەندىن كېيىن يېزىلاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە باش ۋەزىر تەرىپىدىن يېزىلغان سىياسىي ئىشلار خاتىرىسىمۇ بولاتتى، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى پادىشاھلار بىلەن ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى خانىدانلىققا مۇناسىۋەتلىك بايانلار خاتىرىلىنەتتى، يەنە پادىشاھلارنىڭ ئىش ـ

ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنى خاتىرىلەيدىغان شاھانە دەپتەرمۇ بار ئىدى، مانا مۇشۇلار ئاساسىدا خانلىق تارىخى تۈزۈپ چىقىلاتتى. مەسىلەن، تاڭ تەيزۇڭنىڭ (626 ــ 649 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە ياۋ سىلىيەن 30 جىلدلىق خانلىق تارىخىنى يازغان، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ (649 ــ 683 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) شيەنچىڭ يىللىرىدا چاڭسۇن ۋۇجى قاتارلىقلار 50 جىلدلىق خانلىق تارىخىنى تۈزگەن. «كونا تاڭنامە»نىڭ ئاپتورلىرى جاۋيىڭ، ليۇ شۇ قاتارلىقلار قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ، «كونا تاڭنامە»نى يېزىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىپ، ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش ۋە يېزىش خىزمىتىنىڭ مۇكەممەل پىلانىنى تۈزۈپ، ئوردىغا ماقۇللاتقاندىن كېيىن، «كونا تاڭنامە»نى رەسمىي يېزىشقا كىرىشكەن[16]. شۇڭا، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتچىلىرى: «‹كونا تاڭنامە› تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى بىرقەدەر تولۇق ساقلاپ قالغان، بۇ جەھەتتە ‹يېڭى تاڭنامە› ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ»[17] دەپ باھا بېرىشىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە» تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ 130 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (960 ــ 1127 ـ يىللار) تۈزۈلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «كونا تاڭنامە»دىن تەخمىنەن 114 يىل كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ 220 يىلدىن كېيىن يېزىلغان. «يېڭى تاڭنامە»نى تۈزگۈچى سۇڭ چى بىلەن ئوۋياڭ شيۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوردا سىياسىيونلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «يېڭى تاڭنامە»نى تۈزۈشتىكى مەقسىتى «كونا تاڭنامە»نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيەسىنى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا ھۆكۈمرانلارنىڭ يېڭى تەلىپىگە ئاساسەن يېڭى تارىخنامە يېزىش ئىدى. گەرچە «يېڭى تاڭنامە»نىڭ مەزمۇنى «كونا تاڭنامە»دىن مول بولسىمۇ، شۇنداقلا «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار

تەزكىرىسى»دىن ھەجىم جەھەتتە كۆپ، مەزمۇن جەھەتتە مول بولسىمۇ، لېكىن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى «خۇيخې دېگەن نام مىلادىيە 788 - يىلى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەن» دېيىلگەن مەلۇماتلارنى ئۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسى قىلىپ كېلىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلمىغان. مىلادىيە 788 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان (779 — 789 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى تۇن باغا تارخان ئىدى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۇن باغا تارخان تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش ئالىپ كۆلۈگ بىلگە قاغان (759 — 779 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)، يەنى بۆگۈ قاغاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىدىكى مۇتەئەسسىپ گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ بۆگۈ قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خانىدانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ باش ۋەزىر بولۇۋالغان. مىلادىيە 779 - يىلى 6 - ئايدا بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇن تارتماقچى بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىدىكى بىر قىسىم ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، بۆگۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ھەمدە سوغدىلاردىن 2000 ئادەمنى قىرغىن قىلىپ، قاغانلىق تەختىگە چىقىپ، ئۆزىنى ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ جاكارلىغان ۋە جيەن تارخاننى ۋېن شيۇغا قوشۇپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭ (779 — 805 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)مۇ يۇەن

شيۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ تۇن باغا تارخانغا ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان دەم نام بەرگەن[18]. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇن باغا تارخان گەرچە قاغانلىق تەختىگە چىقمىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان توققۇز يىل جەريانىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەڭرىدە بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان، يەنى مويۇنچۇر قاراقاغان (747 ــ 759 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ۋە تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش ئالىپ كۇلۇگ بىلگە قاغان، يەنى بۆگۈ قاغان (759 ــ 779 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سىلىنغان گۈللىنىش ئاساسىدىن ئايرىلىپ، بىر مەزگىللىك زاۋاللىققا يۈزلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تۇن باغا تارخان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە يۆلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان. ئىچكى جەھەتتە، بۆگۈ قاغانىنىڭ پەرزەنتلىرى (تېگىنلەر) مانى دىنىنىڭ قوللىغۇچىلىرى، بۆگۈ قاغان دەۋرىدىكى بىر قىسىم بۇيرۇقلار، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ تۇن باغا تارخاننىڭ كۈچلىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، خانلىقنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇرسا، تاشقى جەھەتتە خانلىقنىڭ غەربىي زېمىنىدىكى، يەنى ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەسلىدە خانلىققا قارام بولۇپ كېلىۋاتقان قارلۇقلار، شاداپىت تۈركلىرى (يايلاق تۈركلىرى)خانلىق مەركىزىدىكى سىياسىي كىرىزىستىن پايدىلىنىپ، تۈبۈتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، خانلىقتىن بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىدە بولۇپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار

تەزكىرىسى» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، تۇن باغا تارخان ئۆزىنىڭ لىڭشىپ قالغان قاغانلىق تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچىلىرىنى نەچچە رەت چاڭئەنگە ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچگە ئېرىشمەكچى بولغان، ھەتتا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈيۈ ئوغلى بولماقچى بولغان. ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزۇڭ (779 ـــ 805 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ «ئۇيغۇر قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە قۇللۇق بىلدۈرۈش؛ ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ھەر قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە كىرگەندە ئادەم سانى 200 دىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ ئەلچىلەر بازاردا سېتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن ئاتلارنىڭ سانى 500 دىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ ئۇيغۇر ئەلچىلىرى چېگرادىن تاڭ سۇلالىسى پۇقرالىرىنى ۋە سوغدلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتمەسلىك»[19] دېگەن بەش تۈرلۈك ئېغىر شەرتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەم مەكتۇپ ئارقىلىق «بۇرۇن ئاغا ـ ئىنى ئىدۇق، ئەمدى كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قالدىم، كۈيۈ ئوغۇل يېرىم ئوغۇل دېمەكتۇر، ئالىيلىرى ئۆزلىرى غەربىي رۇڭلار (تۈبۈتلەرنى دېمەكچى)دىن تەشۋىشلەنمىگەيلا، ئۇلارنى ئۆزۈم قوشۇنۇمنى ئاتلاندۇرۇپ تارمار قىلىمەن» دېگەن. دېمەك، بۇ دەۋر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان، يەنى ئىككى ئەل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاغا ـ ئىنىلىك مۇناسىۋەتتىن قېيىنئاتا ـ كۈيۈ ئوغۇللۇق مۇناسىۋەتكە ئۆزگەرگەن دەۋر بولۇپ، «خۇيخې» دېگەن نامنىڭ شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى دېگەن مەنىدىكى «خۇيخۇ» دېگەن نامغا بۇ ۋاقىتتا ئۆزگەرتىلىشى كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسىدە دېزۇڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ تەخت ۋارىسى بولۇپ تۇرغان

مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيە 762 ـ يىلى بۆگۈ قاغان تەرىپىدىن قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇنىڭ يېقىن ھەمراھلىرىدىن ئىككىسى بۆگۈ قاغاننىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا[20]، ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تۇبوت خانلىقىغا ئوخشاشلا تاڭ سۇلالىسى ئۇچۇن ئاپەت دەپ تونۇغان، شۇڭا سۇبىيېكتىپ ئامىلنى چىقىش قىلغاندىمۇ تاڭ دېزۇڭنىڭ «خۇيخې»نى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى دېگەن مەنىدىكى «خۇيخۇ»غا ئۆزگەرتىشكە قوشۇلۇشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس.

ئۇچىنچىدىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىياتىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تۇن باغا تارخان ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قىلغان مىلادىيە 779 ـ يىلىدىن مىلادىيە 795 ـ يىلىغىچە بىر مەزگىل ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە مۇشكۈل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ قىسقىغىنا 15 يىل ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان تۇن باغا (779 — 789 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)، ئاي تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان تاراس (789 — 790 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)، قۇتلۇق بىلگە قاغان ئايچۇر (790 — 795 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىق ئۈچ قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. پەقەت مىلادىيە 795 ـ يىلى ئېل ئۆگەسى قۇتلۇق قاغان (795 — 805 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئۆزىنى تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ جاكارلاپ، قاغانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىنلا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى جەھەتتە ئىسيانچى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە غەربتىكى زېمىننى تۇبوتلاردىن قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قۇتلۇق قاغان ئالدى

بىلەن خانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرغان ھەم چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە روناق تېپىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا قاراپ كېڭىيىپ، ئەرەبلەر، قارلۇقلار، قىرغىزلار بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، بەشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان تۈبۈتلەرنى مىلادىيە 804 ـ يىلى شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ مەغلۇپ قىلىپ، بەشبالىق، قۇچۇ، ئاگنى (قاراشەھەر)، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. قۇتلۇق قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گەرچە تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار يەنە تارىم ۋادىسىدىكى كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتلۇق قاغاننىڭ نەۋرىسى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (808 ـــ 821 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) زور قوشۇن بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قارلۇقلار بىلەن تۈبۈتلەرنى تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ قىلىپ، ئاقسۇ، يەكەن، ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر، پەرغانە ۋە سۇيئاب قاتارلىق جايلارنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان[21]. ئېلىمىز تەتقىقاتچىسى چيەن بوچۈەنمۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يۈكسەك گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، بۇنىڭدىن كۆرۈلگىنى ئۇيغۇرلىشىش جەريانى بولدى، نۇرغۇنلىغان خەلقلەر، مەسىلەن، باسمىل، دولانغۇت، تۈرك، تۈركەش، ياغمىلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى»[22] دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ شۆھرەت قازانغان ئەمەس، بەلكى پەرۋاز قىلغان زامانىنىڭ تۇن باغا تارخان دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى قۇتلۇق قاغان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى تەڭرى قاغان دەۋرىدە كۆرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىدە ئەزەلدىنلا «ياغلاقار ئۇرۇقى قاغان ئۇرۇقى بولۇپ، قاغانلار ھامان ياغلاقارلار ئىچىدىن بارلىققا كېلەتتى»㉓. بىراق، مىلادىيە 795 ـ يىلى قۇتلۇق قاغانىنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن بۇنىڭدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قاغان ئۇرۇقى ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەدىز (بەزىلەر ئاتىئىز دەپمۇ ئاتايدۇ) ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلەنگەن. تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ ھەقتە: «ئايچۇر قاغان ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولمىغانلىقتىن، ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ ۋەزىرى قۇتلۇق سەنگۈننى قاغانلىققا كۆتۈردى، قۇتلۇق سەنگۈن ئەسلىدە ئەدىز جەمەتىدىن بولۇپ، بالىلىق ۋاقتىدىلا يېتىم قالغانلىقتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئاقساقاللىرى بېقىپ چوڭ قىلغان، ھەربىي ئىشلار ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەچكە، باشقۇرۇش ئىشلىرىدا دانا بولغاچقا، تۇن باغا قاغان دەۋرىدىلا لەشكىرىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان، ئۇلۇغ ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى»㉔ دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەدىز ئۇرۇقى ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىگە تەۋە ئۇرۇق بولۇپ، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ يېقىن ئىتتىپاقچىسى ئىدى. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قۇتلۇق سەنگۈن تۇن باغا قاغان ۋە تاراس قاغان زامانلىرىدا ئىل ئۆگەسى (باش ۋەزىر) سالاھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە تۈبۈتلەرگە قارشى بىر قاتار زور ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلغان. قوچۇ، بەشبالىق قاتارلىق جايلارنى تۈبۈتلەردىن قايتۇرۇۋېلىپ، «يىپەك يولى»نىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورخۇن ئۇيغۇر

خانلىقى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى كۈچەيتكەن. بۇ ئىشلار تەبىئىيكى ئەدىز ئۇرۇقىنىڭ خانلىقتىكى، جۈملىدىن ئوردىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. نەتىجىدە، قۇتلۇق باشچىلىقىدىكى ئەدىز ئۇرۇقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران ئۇرۇقى بولۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ياغلاقار ئۇرۇقى تارىخىي خاراكتېرلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. قۇتلۇق قاغان يەنە ئەدىز ئۇرۇقىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ تىرىلىشىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن «تۇن باغا قاغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن قاغانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يولغا سېلىۋەتكەن»[25]. شۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەدىز ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەدىز ئۇرۇقىنىڭ باشچىلىقىدا تەرەققىي قىلىپ، تەسىر دائىرىسى تارىم ۋادىسى، پامىرنىڭ غەربى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىغىچە يېتىپ بارغان. «تەڭرى قاغان بالاساغۇن شەھىرى، ئەنشى (ھازىرقى كۇچا) شەھىرى، بەشبالىق (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيەسىدە) شەھىرىدە ئۇيغۇر ئاتلىق لەشكەرلىرىنى تۇرغۇزۇپ»[26]، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىلى ۋادىسى، ئالتاي تېغى ئارقىلىق ئورخۇنغا (قاغانلىق ئوردىسىغا) بارىدىغان شىمالىي يىپەك يولى، ئورخۇندىن بەشبالىق ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارغا بارىدىغان جەنۇبىي يىپەك يولىنىڭ ئامانلىقى ۋە راۋانلىقىنى قوغدىغان. ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ يوللاردا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شۇڭقاردەك ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن ئالاقىچىلىرى، ھارۋىلىق ئەلچىلىرى توختاۋسىز قاتناپ تۇرغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مانا مۇشۇنداق ھۆكۈمران ئۇرۇقنىڭ ئالمىشىشى ئەلۋەتتە يېڭى سۇلالىنىڭ ئۆزىنى كونا

سۇلالىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. نەتىجىدە، ياپونىيەلىك ئابى تاكىئۇ ئېيتقاندەك، ئەدىز ئۇرۇقى «دەسلەپكى بىر ئەۋلادتا ئالدىنقى سۇلالىگە نىسبەتەن بىرئاز ئېھتىياتچان بولۇپ، يەنىلا ئۆزلىرىنى ياغلاقارلاردىن دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككىنچى ئەۋلادقا كەلگەندە ئۆزلۈك ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نامىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن يېڭى سۇلالىنىڭ بىر خىل سىمۋولى سۈپىتىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى نامىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان»㉗.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنى خۇلاسىلىغىنىمىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «خۇيخې» (ئىتتىپاقلاشماق، بىرلەشمەك دېگەن مەنىدە)نىڭ «خۇيخۇ» (شۇڭقاردەك چاققان، چەبدەس دېگەن مەنىدە)غا ئۆزگەرتىلىشى مىلادىيە 788 ـ يىلى تۇن باغا قاغان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولماستىن، بەلكى مىلادىيە 809 ـ يىلى قۇتلۇق قاغاننىڭ نەۋرىسى ئالىپ بىلگە قاغان دەۋرىدە، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەدىز ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرتتا مەيلى ھەربىي ئىشلاردا بولسۇن ياكى سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن دەۋردە يۈز بەرگەن، بۇ خىل نام ئۆزگەرتىش ئىشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۇلالە ئالمىشىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە ھەقىقەتەن «شۇڭقاردەك چاققان، چەبدەس» ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بولغان.

ئىزاھلار:

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 1 ـ قىسىم 3 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسىم 77 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى 1978 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: « قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 1 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 192 ـ بەت، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 92 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ سۇڭ سۇيىڭ: «خۇيخېنىڭ خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي يازمىلار ۋە پاكىتلار ھەققىدە مۇھاكىمە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە ) 1995 ـ يىللىق 6 ـ سان 91 ـ بەت.

⑦ لىيۇ مېيسۇڭ: «ئىككى تاڭنامەدىكى خۇيخېلار تەزكىرىسى، خۇيخۇلار تەزكىرىسىگە شەرھى» 63 ـ 64 ـ بەتلەر، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ ئابى تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 148 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑨ ئوۋ ياڭ شىيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6111 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑩ ليۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5210 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ شۆ جۇجېڭ: «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 ـ جىلد « يات ئەللەر تەزكىرىسى» 1841 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1976 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑫ ئوۋ ياڭ شىيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6124 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑬ سىماگۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 233 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» 7515 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑭ كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى (936 ــ 946 ـ يىللار)نى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شاداپىت تۈركلىرى (يايلاق تۈركلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، يەنى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىققان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، شاداپىت تۈركلىرى ئەسلىدە ھازىرقى ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىدىن بارىكۆلگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان غەربىي تۈركلەرگە تەۋە خەلق بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان ھەم ئۇيغۇرلار، سوغدلار، تاتارلار (سىبىرلار)، تويغۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان، مىلادىيە 832 ـ يىلى ھەتتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە ئارىلاشقان. 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇزلۇكسىز كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن شىمالىي جۇڭگودا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رولللارنى ئوينىغان.

⑮⑰ چۇ لىندۇڭ: «جۇڭگو تارىخشۇناسلىقى تارىخىدىن تېزىس» 363 ـ، 475 ـ بەتلەر، بېيجىڭ نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑯ چېن گاۋخۇا قاتارلىقلار: «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىقى» 188 ـ بەت، بېيجىڭ نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑱⑳ ليۇشيۇ «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5203 ـ، 5208 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑲ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 60 ـ، 61 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉑㉒㉖ چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى» 131 ـ، 132 ـ، 133 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉓ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 79 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉔㉕ ۋاڭ پۇ: «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 98 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار» 1747 ـ بەت، سودا باسمىخانىسى 1937 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉗ ئابى تاكىئۇ (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 148 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىشىش

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلەردىن باشقا يەنە «قۇدىلىشىش سىياسىتى» دەپ ئاتىلىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر خىل دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش بولغاندىن سىرت، دىپلوماتىيەمۇ ئارقا كۆرۈنۈش بولغانىدى. «قۇدىلىشىش — خەنزۇ فېئودال خانلىرى بىلەن باشقا قوۋم خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش بولۇپ، مۇنداق قۇدىلىشىش مۇئەييەن سىياسىي مەقسەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ قۇدىلىشىش سىياسىتى (和亲政策) دەپمۇ ئاتىلىدۇ»[①]. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدا «قۇدىلىشىش سىياسىتى»نى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆلىما ليۇ جىڭ دېگەن كىشى ئىدى. «خەننامە» 43 ـ جىلد «ليۇ جىڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ليۇ جىڭ ئەسلىدە چى بەگلىكىدىن بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، لۇڭشى ۋىلايىتىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ لوياڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا خەن گاۋزۇنىڭ لوياڭنى پايتەخت قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، خەن گاۋزۇ بىلەن كۆرۈشكەن ھەم خەن گاۋزۇغا جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش سەۋەبىنى سۆزلەپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى جۇ جەمەتىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى لوياڭ

ۋەزىيىتىنىڭ يامانلاشقانلىقىدىن بولغانلىقىنى، چىن بەگلىكى زېمىنىنىڭ (يەنى هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى زېمىنى) تاغ ـ دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدا مۇداپىئەلىنىشكە قولايلىق مۇھىم جايلارنىڭ بارلىقىنى، تۇيۇقسىز جىددىي ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ مىليون كىشىلىك قوشۇننى دەرھال توپلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنە مول بايلىق ۋە مۇنبەت يەرلەردىن ئۇنۇملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا گۇەنجۇڭغا كىرىپ پايتەخت قۇرغاندا، ھەر جەھەتتىن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى گۇەنجۇڭدا پايتەخت قۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. خەن گاۋزۇ ليۇ جىڭنىڭ مەسلىھەتى بىلەن گۇەنجۇڭغا كىرىپ پايتەخت قۇرغان ھەم ليۇ جىڭنى كاتاۋۇل قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا تۆرە دەپ نام بەرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 201 ـ يىلى خەن گاۋزۇ خەن بېگى خەن شىننىڭ ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۇنلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغاندا، ليۇ جىڭ خەن گاۋزۇغا «ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ»② دەپ مەسلىھەت بەرگەن، بىراق خەن گاۋزۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي ھۇنلارغا يۈرۈش قىلغان. نەتىجىدە، پىڭچىڭغا بارغاندا ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 300 مىڭ كىشىلىك بۆكتۈرمە قوشۇنىغا ئۇچراپ، بەيدىڭ تېغىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ھۇنلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان. ئاخىر باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا (خانىشىغا) ئەلچى ئارقىلىق نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللاپ، قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان. خەن گاۋزۇ قوشۇننى قايتۇرۇپ، ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ليۇ جىڭدىن ھۇنلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغان. ليۇ جىڭ خەن گاۋزۇغا ھۇنلارنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەئيانى بولۇپ ئۆتىدىغان

قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ، «ئەگەر ئالىيلىرى چوڭ خانىشتىن تۇغۇلغان چوڭ مەلىكىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ئالچىلىققا بەرسىلە ۋە جىق سوۋغا ـ سالام يوللاپ تۇرسىلا، ئۇ مەلىكىنىڭ بۇيۇك خەن خانىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوۋغا ـ سالامنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ئۇنى چوقۇم قەدىرلەپ ئالچى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇل چوقۇم تېگىن بولىدۇ، چوڭ بولغاندا تەڭرىقۇت بولۇپ تەختكە ئولتۇرىدۇ. هۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا قىزىقىدۇ. ئالىيلىرى هەر يىلى ئېھتىياجدىن ئېشىپ قالغان، لېكىن هۇنلاردا كەمچىل بولغان نەرسىلەرنى دائىم سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ تۇرسىلا ۋە سۆزمەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن تەربىيەلىسىلە، باتۇر تەڭرىقۇت هايات ۋاقتىدا سىلىگە كۈيۇ ئوغۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، قىزلىرىدىن بولغان نەۋرىلىرى تەڭرىقۇت بولىدۇ. هازىرغا قەدەر بوۋىسى بىلەن نەۋرىسىنىڭ تەڭ ئورۇندا تۇرغانلىقىنى هېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان، مۇشۇنداق قىلغاندا، هۇنلارنى ئۇرۇشمىزلا ئاستا ـ ئاستا بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن③. شۇنىڭ بىلەن، خەن گاۋزۇ ليۇ جىڭنى هۇنلارغا قۇدىلىشىش ئەھدى تۈزۈشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ھەم مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 198 ـ يىلى خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ بەرگەن ھەم ھەر يىلى هۇنلارغا بەلگىلىك مىقداردا مەشۇت، يىپەك رەخت، هاراق ـ شاراب ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلار ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىشىش ئەھدى تۈرغۈزۈلۈپ كەلگەن. مانا بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ هۆكۈمرانلىرى بىلەن باشقا ئەل هۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىشىش سىياسىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىنىشى هېسابلىنىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىشىش سىياسىتىنىڭ يۇرگۇزۇلۇشىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىلادىيە 751 ـ يىلى ئەرەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىدا (تالاس ئۇرۇشىدا) ئېغىر مەغلۇپ بولۇشىدىن كۆرە، 755 ـ يىلى ئىچكى قىسمىدا كۆتۈرۈلگەن ئۆڭلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭى بىۋاسىتە سەۋەب بولغانىدى. تاڭ سۇلالىسى تاڭ گاۋزۇ لى يۇەن (618 ــ 626 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن (626 ــ 649 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە كەلگەندە بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك فېئوداللىق دۆلەت بولدى. بولۇپمۇ، تاڭ گاۋزۇڭ دەۋرى (649 ــ 683 ـ يىللار) ۋە تاڭ شۇەنزۇڭ دەۋرىدە (712 ــ 756 ـ يىللار) دۆلەت كۈچى ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، شەرقىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. بىراق، پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭ سەلتەنەتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ يەر قوشۇۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە يۇرگۇزۇلۇپ كېلىنىۋاتقان «يەر تەقسىملەش» تۈزۈمى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆز تەمىناتىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈۋاتقان مەھكىمە لەشكىرىي تۈزۈمى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. تاڭ سۇلالىسىگە باج ـ سېلىق تۆلىگۈچىلەر ئازلاپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ، ئامراق خانىشى ياڭ گۈيفېي بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ھاماقەت، خىيانەتچى ياڭ گوجۇڭ قاتارلىق بىر ئوچۇم مۇشتۇمزورلار قولىغا ئېلىۋالدى. تاڭ شۇەنزۇڭ يەنە پۈتۈن مەملىكەتنى 10 لەشكىرىي رايونغا بۆلۈپ، ھەربىر رايونغا ھىراۋۇل تەيىنلەپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شۇ چاغلاردا ھەربىر ھىراۋۇلنىڭ قولىدا ئاز بولغاندا 20 ــ 30 مىڭ، كۆپ بولغاندا 50 ــ 60 مىڭ، ھەتتا 80 ــ 90 مىڭ لەشكەر بار ئىدى. نەتىجىدە،

ئوردىنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، چېگرا رايون ھىراۋۇللىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئابرۇيى بارغانسېرى ئېشىپ كەتتى. ئۆگىلۈك (ئەن لۇشەن) شۇ چاغلاردا پىڭلۇ (ھازىرقى لياۋنىڭدىكى چاۋياڭ)، فەنياڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) ۋە خېدۇڭ (ھازىرقى سەنشىدىكى تەييۈەن) قاتارلىق ئۈچ رايوننىڭ ھىراۋۇلى ئىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۆگىلۈك يىڭجۇ (ھازىرقى لياۋنىڭدىكى جىنجۇ)لۇق بولۇپ، «ئۇنىڭ دادىسى سوغد، ئاپىسى تۈرك ئىدى»④. قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر ۋە قىتانلاردىن تەشكىللەنگەن باتۇر چەۋەندازلاردىن ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا قول ئاستىدىكى سانغۇنى سۆيگىن (شى سىمىڭ، كېلىپ چىقىشى تۈرك) بىلەن بىللە ئىسيان كۆتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلاپ كەلگەنىدى. مىلادىيە 755 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆگىلۈك سۆيگىن بىلەن بىرلىكتە قول ئاستىدىكى قوشۇنى ۋە تۇغرا، تاتابى، قىتان، سىبىر (سېرۋى) قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، نامدا 200 مىڭ دەپ ئاتاپ، فەنياڭدا توپىلاڭ كۆتۈردى⑤ ھەم ناھايىتى تېزلا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى بولغان لوياڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سانغۇنلىرى بولغان گو زىيي، گاۋ شيەنجى، لى گۇاڭبى، قوشۇ قاتارلىقلار ئوردىنىڭ ناقابىللىقى سەۋەبىدىن ئارقىمۇئارقا زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 757 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆگىلۈك توپىلاڭچىلىرى غەربىي ئاستانە چاڭئەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا تاڭ شۈەنزۇڭ ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ، سىچۈەنگە قاراپ قاچتى. تەخت ۋارىسى لى خېڭ نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ، خانلىق تەختىگە چىقىپ، تاڭ سوزۇڭ دەپ ئاتالدى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت ئۇرۇش يېغىلىقىغا پاتقان بولۇپ، توپىلاڭچىلار

ئاللـﯩقاچان چاڭئەن ۋە لويـاڭـلاردا ئۆزلـىرـىنى پادىشـاھ دەپ جاكارلـىۋالغانـدى. تاڭ سۇلالـىسى ئـىسمى بـار، جـىسمـى يـوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى، دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن غەربىي جەنۇب ۋە جەنۇبتىكى تۇبۇتلەر، جەنۇبىي جاۋلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، پۇقرالىرىنى قۇل قىلىش ئۈچۈن جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىكى چېگرا رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. تۇبۇتلەر ئەسلىدە 634 ـ يىلىدىن ئىلگىرىلا چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققان بولۇپ، سوڭزەنگەنبۇ (629 ــ 650 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدىن باشلاپ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان، 670 ـ يىلى غەربىي يۇرتقا لەشكەر چىقىرىپ كۇسەن، ئۇدۇن، ئاگنى، قەشقەر قاتارلىق تۆت شەھەرنى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىۋالغان، 755 ـ يىلى ئۆڭلۇك ـ سۆيگىن توپىلىڭى پارتلاپ، تاڭ سۇلالىسى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ لوڭشى، خېشى رايونلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئايماق، قەلئەلەرنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە تەھدىت سالغانىدى. جەنۇبىي جاۋلار 756 ـ يىلى تاڭ شۇەنزۇڭ سىچۇەننىڭ چېڭدۇغا قاچقاندا تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ، سىچۇەن تەرەپلەرگە ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆپلىگەن زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىپ، مال ـ چارۋىلىرىنى، ئاھالە ـ پۇقرالىرىنى بۇلاپ كەتكەن، 757 ـ يىلى يەنە تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سىچۇەندىكى چېڭشىگۈەن ئۆتكىلىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسىرگە ئالغانىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، تاڭ سۈزۈڭ ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش، دۆلەت ئىچىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە تۇبۇتلەر، جەنۇبىي جاۋلاردىن كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، لى مىنىڭ

«خاندانلىقىمىزنى خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشىمىز، جەنۇبتا جەنۇبىي جاۋلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشىمىز، غەربتە ئەرەبلەر، ھىندىستان بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىمىز زۆرۈر» دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جەنۇبىي جاۋلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرەبلەر، ھىندىستان بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، تۈبۈتلەرگە تاقابىل تۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر قوللانغان: بىرىنچىسى، چېگرادا بازار تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرمەكچى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش ئاتلىرى كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلماقچى؛ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكىرىي ياردىمى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە كېلىۋاتقان ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتنى تىنچىتىۋالماقچى بولغان». شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇزۇڭ بارچە ئىقلىم قوشۇنلىرىنىڭ يانداش ئەمىرى گو زىيىنىڭ تەكلىپى بىلەن سانغۇن بۆگۈ خۇەيئېن ۋە دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لى چېڭسەي قاتارلىقلارنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن لەشكىرىي ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە»دە: «جىدې تۇنجى يىلى (756 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا سۇزۇڭ خان لىڭۋۇدا تەختكە چىقتى. بىن بېگىنىڭ ئوغلى چېڭسەيگە دۇنخۇاڭ بېگى مەرتىۋىسى بېرىلىپ، سانغۇن شى دىڭپەن بىلەن بىللە لەشكىرىي ياردەم ئېلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇرلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئوردىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قاغان قىزنى چىڭ سەيگە ياتلىق قىلىپ بەردى ھەم ئاقساقاللىرىنى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇيغۇر مەلىكىسىگە بىلگە خاتۇن دەپ نام بېرىلدى، سۇزۇڭ خان تاكى پىڭيۈەنگىچە كېلىپ، يۇقىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىككىنچى يىلى (757 - يىلى) 2 - ئايدا ئۇيغۇرلار يەنە چوڭ سانغۇن دولان (多揽) قاتارلىق 15 نەپەر ئاقساقالنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. 9 - ئايدا ئۇيغۇرلار ۋەلىئەھد يابغۇ قوماندانلىقىدا سانغۇن دىدي قاتارلىقلار بىلەن 4000دىن ئارتۇق لەشكەرنى ئاسىيلارنى جازالاپ، سۇلالىمىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى»⑥ دېيىلگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە»دە: «سۇزۇڭ خان تەختكە چىققاندا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆتۈلۈكنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى، دۇنخۇاڭنىڭ ئىنانچېبېگى چىڭسەينى ئۇيغۇرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە، بۆگۈ خۇەيئېنىنى ئۇنى ئاپىرىپ قويغاچ ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. قاغان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، خاتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى قىزى ئورنىدا چىڭسەيگە ياتلىق قىلدى ھەم ئاقساقاللارنى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇ قىزغا بىلگە خاتۇن دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قاغان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ، شۇفاڭ ھىراۋۇلى گو زىيى بىلەن بىللە تۇڭرالارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ (بۇ يەردە تۇڭرالار ئۆتۈلۈك توپىلاڭچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ)، ئۇلارنى خۇاڭخېنىڭ يۇقىرىسىدا تارمار قىلدى»⑦ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قاغانى ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر قارا قاغان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ خاتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى لى چىڭسەيگە (لى چىڭسەي

ئەسلىدە تاڭ گاۋزۇڭنىڭ نەۋرىسى ئىدى) ياتلىق قىلىپ، دەرھال پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تاڭ سۇلالىسىگىمۇ قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغان ھەم ھەربىي ياردەم بېرىشنىڭ شەرتلىرىنى ئۇقتۇرغان، نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا «شەھەر ـ يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يەر ـ زېمىن بىلەن ئاۋام پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، يىپەك ـ شايى ۋە قىز ـ دېدەكلەر ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ»⑧ دەپ كېلىشىم تۈزۈلگەن ھەم تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش دېگەن مەزمۇنلاردىكى ئىقتىساد ـ سودا توختامىمۇ تۈزۈلگەن، تاڭ سۇزۇڭ 758 ـ يىلى ئۆز پۇشتىدىن بولغان كىچىك قىزىغا نىڭگو مەلىكە دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى مويۇنچۇر قاراقاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي جەريانىدىن كۆزەتكەندە، قۇدىلىشىش سىياسىتى پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا يۈرگۈزۈلگەن بولماستىن، بەلكى تۈركلەر، تۈركەشلەر، تاتابىلار، قىتانلار، تۇيغۇنلار، تۇبۇتلەر، پەرغانە، جەنۇبىي جاۋ قاتارلىق يات ئەللەرگىمۇ يۈرگۈزۈلگەن، تاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ياتلىق قىلىنغانلار ئىچىدە پادىشاھنىڭ قىزلىرىمۇ، شاھزادىلەرنىڭ قىزلىرىمۇ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىزلىرىمۇ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ جىيەن قىزلىرىمۇ ۋە ئوردا كېنىزەكلىرىمۇ بار بولۇپ، 20 دىن ئاز ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدىلىشىشى ئالاھىدە بولغانىدى. «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇدىلىشىشتا، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ياتلىق قىلىنغان قىزلار ئىچىدە پەقەت ئۈچ نەپىرىلا پادىشاھلارنىڭ ئۆز قىزلىرى بولۇپ، ئۇلار: نىڭگو، شىيەنئەن، تەيخې مەلىكىلەر ئىدى. بۇ ئۈچ مەلىكىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر

قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان»⑨.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن مەلىكىلىرىنىڭ بىرىنچىسى نىڭگو مەلىكە (宁国公主). بۇ مەلىكە ئەسلىدە پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭنىڭ كىچىك قىزى بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان، ئۆڭلۇك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاستانە چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالغاندا، ئۇ تۇل چوكان ئىدى. 756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا لەشكىرىي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەندە، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر قاغانى ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر قاراقاغان، 747 — 759 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تاڭ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويۇپ، تاغاغاي باشچىلىقىدىكى 80 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ھەم يەنە چوڭ ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ ۋە چوڭ سانغۇن دىدي باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. كونا، يېڭى «تاڭنامە»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپلا فۇفېڭ ۋە شۇفاڭدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانلىرى لى شۇ ۋە گو زىيىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، 757 ـ يىلى غەربىي پايتەخت چاڭئەننىڭ غەربىدىكى شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا ۋە فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە (ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپى) ئۆڭلۇك توپىلاڭچىلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 60 مىڭ توپىلاڭچىنىڭ بېشىنى ئېلىپ چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغان. ئارقىدىنلا شىنديەن قەلئەسىدە (ھازىرقى خېنەن، شەنشى چېگراسىدا) توپىلاڭچىلارغا يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شەرقىي پايتەخت لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. توپىلاڭچىلار «ئۇيغۇرلار كەلدى دەپ چۇقان سېلىشىپ، تىرىپىرەن بولۇشۇپ، جەسەتلىرى پۈتۈن دالانى قاپلاپ كەتكەن». تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە

يۈكسەك باھا بېرىپ، نەزم پۈتۈشكەن، چاكىئەندىكى ئوردا ئەھلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە كۈتۈۋالغان ھەم ئېسىل بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلىغان. تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەر چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ بەرگىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، 758 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇل ئولتۇرغان كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە» (يەنى دۆلەتنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېرىپ، مويۇنچۇر قارا قاغانغا ياتلىق قىلغان ھەم يەنە جىيەن قىزىنىمۇ مويۇنچۇر قارا قاغاننىڭ 2 ـ ئوغلىغا كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن. «مەلىكە ئۇزىتىلغان كۈنى، بىر نەۋرە ئىنىسى خەنجۇڭ بېگى يۈ (يەنى لى يۈ)نى ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆرە، ئورۇنباسار مۇراسىم ئەركانبېگى، باش تەپتىش بېگىنىڭ نائىبى مەرتىۋىسى بىلەن بىلگە قاغانغا نام بەرگۈچى ئەلچى قىلىپ، بىر نەۋرە جىيەنى سول قول مەھكىمە كاتاۋۇلى شۈن (يەنى لى شۈن)نى لەشكىرىي مەھكىمىنىڭ كاتاۋۇلى، ياردەمچى تەپتىشبېگى، ھۆدەيچىبەگ ئورۇنباسارى مەرتىۋىسى بىلەن نىڭگو مەلىكىنىڭ مۇراسىمبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، مەلىكىنى ئاپىرىپ قويغۇچى ئەلچىلەر ئۆمىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام بېرىش يارلىقىنى ۋە ئوردا تەرىپىدىن بېرىلگەن تامغىنى ئېلىپ ماڭغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئېسىل سوۋغا ـ سالاملارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان»، ئەلچىلەر ئۆمىكى ئاتلانغاندا، «تاشقى ئوردىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تۇرغۇزۇلغان، باش مونشى نام بېرىش يارلىقىنى ئەلچىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى دىۋاندىن چىقىپ مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا بارغان، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈپ، ئاتقا مىنىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ ئاستىدا سەپەرگە ئاتلانغان»[10]. لى يۈ قاتارلىقلار ئوردۇبالىققا يېتىپ بارغاندا، مويۇنچۇر قارا قاغان ئۆز تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، دەسلەپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان، كېيىن تاڭ سۇزۇڭنىڭ «سادىقىتىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن، سۇلالىمىزنىڭ

مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدىم، مەن ئۆز يۈرەك پارەمنى يىراق جايغا ياتلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ چەت ـ يىراق يۇرتقا بارىدۇ، ئۇنى قەدىرلىگەيسىز» دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپىنى كۆرۈپ، پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قۇدىلىشىشنى قەدىرلەپ، نىڭگو مەلىكىگە خاتۇنلۇق مەرتىۋىسىنى بەرگەن، مەملىكەت بويىچە چوڭ توي ئۆتكۈزگەن ھەم سىيلىنگا دەرياسى بويىدا تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ھۈنەرۋەنلەرگە سوغدلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بايبالىق دېگەن شەھەرنى سالدۇرغان. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا بۇ ھەقتە: «توخۇ يىلى (757 ـ يىلى)دا... بېرىپتۇ... يوقىتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ... كەلدى، ئىككى قىزىنى (سوۋغا قىلىپ) بەردى... سۆزىگىزنى يىرماي دېدى، خاتا ئىش قىلماي دېدى... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سىيلىنگا دەرياسىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم» دېيىلگەن. نىڭگو مەلىكىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزاق بولمىغان، چۈنكى مىلادىيە 759 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نىڭگو مەلىكە تېخى پەرزەنتلىك بولمىغاچقا، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە قايتىپ كەلگەن.

ئىككىنچىسى، كىچىك نىڭگو مەلىكە (小宁国公主). ئۇ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ 8 ـ ئوغلى رۇڭ بېگى لى ۋەننىڭ قىزى، تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىيەن قىزى ئىدى. تاڭ سۇزۇڭ نىڭگو مەلىكىنى مويۇنچۇر قارا قاغانغا ياتلىق قىلغاندا، يەنە بۇ جىيەن قىزىنىمۇ مويۇنچۇر قارا قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدىكەنگە ياتلىق قىلغان. ئىدىكەننىڭ ئىسمى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دا بىلگە تارخان (12 ـ قۇر)، قۇتلۇق تارخان سەنگۈن (14 ـ قۇر) ۋە قۇتلۇق بىلگە تارخان سەنگۈن دەپ ئاتالغان، كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە يەنە بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان. 759 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مويۇنچۇر قارا قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «چوڭ ئوغلى يابغۇ ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا،

ئىككىنچى ئوغلى ئىدىكەن (ياكى ئېل تېگىن) تەختكە ئولتۇرۇپ، بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان»[11]، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش ئالىپ كۆلۈگ بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان. بۆگۈ قاغان دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىنتايىن قۇدرەت تاپقان. مىلادىيە 762 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدە دەيزۇڭ (762 ــ 779 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئەمدىلا تەختكە چىققان ۋاقىتتا، ئۆڭلۈك توپىلاڭچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بولغان شى چاۋيى توپىلاڭچىلىرى قايتىدىن كۆچىيىپ، شەرقىي پايتەخت لوياڭنى قايتىدىن بېسىۋالغان، بۇ چاغدا تاڭ دەيزۇڭ توپىلاڭچىلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا كۆزى يەتمەي يەنە بىر قېتىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن لەشكىرىي ياردەم سورىغان. بۇ چاغدا بۆگۈ قاغان شەخسەن ئۆزى 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنلىرى لى گۇاڭبى، بۆگۈ خۇەيئېن بىلەن بىرلىكتە لوياڭ، خېبېينى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان. جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى كەلگەندە، توپىلاڭچىلار ئىچىدە قاتتىق ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئۇلار: «ئەگەر تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى يالغۇز كەلسە، ئۇلار بىلەن كۈچىمىزنى ئايىماي ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەردە ئۇيغۇرلار بىلەن كەلسە، ئۇلارنىڭ كۈچىنى توسۇش زادى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىنىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ مەسلىھەتلىشىپ بولغۇچە، ئۇيغۇر قوشۇنى لوياڭغا باستۇرۇپ كىرىپ، توپىلاڭچىلارنى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان قىلغان ھەم ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە خېبېيدا شى چاۋيىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، جەمئىي سەككىز يىل داۋاملاشقان ئۆڭلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتقان. تاڭ دەيزۇڭ بۆگۈ قاغاننىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان دەپ نام بەرگەن. 768 ـ يىلى بۆگۈ خۇەيئېننىڭ

كىچىك قىزىنى «چۇڭخۇي مەلىكە» دېگەن نام بىلەن بۆگۈ قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ھەم تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنى سېتىۋالىدىغان، ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 مىڭ توپ يىپەك رەخت بېرىدىغان، بىر ئات 40 توپ يىپەك رەختكە ئالماشتۇرۇلىدىغان بولغان. بۆگۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ خاتۇنى كىچىك نىڭگو مەلىكىدىن تۇغۇلغان ئىككى شاھزادە مىلادىيە 779 ـ يىلى بۆگۈ قاغاننىڭ تاغىسى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى تۇنباغا تارخاننىڭ ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ قۇربانى بولغان، سىياسىي ئۆزگىرىشتە بۆگۈ قاغان، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە سوغدى قوللىغۇچىلاردىن بولۇپ 2000دىن كۆپ ئادەم ئۆلگەن، تۇنباغا تارخان ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مانى دىنى بىلەن شامان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىدى. كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، كىچىك نىڭگو مەلىكە بۆگۈ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تۇل قالغان ھەم كۆڭلى ئانچە ياخشى ئۆتمەي، مىلادىيە 791 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا «ئۇيغۇرلار ئەلچى تارقان قاتارلىقلارنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ كىچىك نىڭگو مەلىكىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرغان تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر ئۈچ كۈن ماتەم تۇتقان». كىچىك نىڭگو مەلىكە مىلادىيە 758 ـ يىلىدىن مىلادىيە 791 ـ يىلىغىچە جەمئىي 33 يىل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشىغان.

ئۈچىنچىسى، شيەنئەن مەلىكە (咸安公主). ئۇ تاڭ دېزۇڭنىڭ (779 — 805 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) 8 ـ قىزى ئىدى. ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان (يەنى تۇنباغا تارخان، 779 — 789 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)غا ياتلىق قىلىنغان. تۇنباغا تارخاننىڭ نامى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»دا ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى

ئىنانچۇ باغا تارخان دەپ ئاتالغان. ئۇ ئەسلىدە بۆگۈ قاغاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئوردىدا چوڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە باش ۋەزىر (يەنى ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى) بولغان. بۆگۈ قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بولمىغان، بۇنىڭغا بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇن باشلاپ كىرىپ ئۆڭلۈك - سۆيگىن توپىلاڭىنى تىنچىتىشتا ۋە 763 - يىلى تۇبۇتلەر تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ چاڭئەننى بىر مەزگىل بېسىۋالغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ تۇبۇتلەرنى چاڭئەندىن قوغلاپ چىقىرىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى پەش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەر يىلى ئېغىر تارتۇق تاپشۇرۇشقا قىستىغانلىقى، 764 - يىلى قېيىنئاتىسى بۆگۈ خۇەيئېن تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇنى قوللاپ تاڭ سۇلالىسىگە بىرقانچە قېتىم باستۇرۇپ كىرگەنلىكى سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، بۆگۈ قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوردا ئىچىدە ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئېلىپ، ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىپ چىققان. بىرىنچى گۇرۇھقا بۆگۈ قاغاننىڭ يېقىن قوللىغۇچىلىرى بولغان سوغدلار ۋە مانى دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردىن كېلىۋاتقان بايلىقلاردىن ئېرىشىدىغان ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەپ، تاڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق لەشكىري جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىشنى، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ تارتۇق تاپشۇرۇشقا، چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىمتىياز - ھوقۇقلارنى بېرىشكە مەجبۇرلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئىككىنچى گۇرۇھقا بۆگۈ قاغاننىڭ تاغىسى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى تۇنباغا تارخان ۋە تاڭ سۇلالىسى تەرەپدارلىرى بولغان ئەمەلدارلار، شامان دىنىنىڭ باخشىلىرى ۋەكىللىك قىلاتتى،

ئۇلار بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە لەشكىرىي يېتىم ئىشلىتىشىدىن كۆرە، مانى دىنىنى يۆلەپ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرۇپ، شامان دىنىنى يېتىشىغا بەكرەك نارازى بولۇپ، پۇرسەت تېپىپ بۆگۈ قاغاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قەستىدە ئىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 779 - يىلى بۆگۈ قاغاننىڭ سوغدلار ۋە مانى دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە يېتىپ كىرمەكچى بولغانلىقى، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تۇنباغا تارخاننىڭ ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ، بۆگۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ توغرىدا «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «دېزۇڭ تەختكە چىققان يىلى، ئوردا مىرا قۇلى لياڭ ۋېنشيۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى (بۇ چاغدا تاڭ دەيزۇڭ ئۆلگەنىدى) ئۇيغۇرلارغا يەتكۈزۈش ھەم بۇرۇنقى يېقىندارچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن باردى. لېكىن، قاغان ئىدىكەن ئاززاقمۇ ھۆرمەت بىلدۈرمىدى. ئەكسىچە، خەلقنى جەنۇبقا ئاتلاندۇرۇپ، مۇسىبەتتە تۇرۇۋاتقىنىمىزدىن پايدىلانماقچى بولدى، ئۇنىڭ ۋەزىرى تۇنباغا تارخان: ‹تاڭ سۇلالىسى چوڭ ئەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە يامانلىق قىلمىدى، ئالدىنقى يىلى تەييۈەنگە كىرگەندە نەچچە تۈمەن ئات، قويلارنى ئېلىپ قايتتۇق، مانا بۇ زور غەلىبە، يول ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە قوشۇن يول ئازابىدا تۈگىشىپ كېتىدۇ. ناۋادا، ئۇرۇشقان بىلەنمۇ نۇسرەت قازىنالمىساق، ئامان قايتىپ كېلەلمەيمىز› دېدى. لېكىن، قاغان قۇلاق سالمىدى. تۇنباغا كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قاغان ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ھەمدە توققۇز غۇزلاردىن بولۇپ 2000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، تۇنباغا ئۆزى تەختكە چىقىپ ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى، جىيەن تارخاننى ۋېن شيۇغا قوشۇپ ئوردىغا مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئوردا

جىڭجاۋ دىيارىنىڭ بېگى يۈەن شيۈنى ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن ئەۋەتىپ، تۇنباغاغا ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان دەپ نام بەردى» دېيىلگەن.

تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ دېزۇڭ تۇنباغاغا ئەلچى ئەۋەتىپ نام بېرىش جەريانىدا ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا تۇدۇڭ ۋەقەسى دەپ ئاتالغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. 780 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى يۈەن شيۇ تېخى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، تاڭ سۇلالىسىگە سودا قىلىشقا كەلگەن تۇدۇڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ چاڭئەندە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋە سوغد سودىگەرلىرىنى ئېلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراپ يولغا چىققان بولۇپ، ئۇلار جىنۋۇغا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېلىنگىر خوشۇنى) كەلگەندە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغان، جىنۋۇ قورغىنىنىڭ دورغاپى جاڭ گۇاڭچىڭ تاڭ دېزۇڭنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئاداۋىتى بارلىقىنى بىلگەچكە (يەنى تاڭ دېزۇڭ ۋەلىئەھد چېغىدا 762 ـ يىلى بۆگۈ قاغان تەرىپىدىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەن)، ئۆز پادىشاھىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە قەستەن تۇدۇڭ قاتارلىق سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلغان ھەم ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغان، تاڭ دېزۇڭ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال جاڭ گۇاڭچىڭنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈەن شيۇنى تۇدۇڭ قاتارلىقلارنىڭ جەسىتىنى ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان. چۈنكى، تۇدۇڭ تۇنباغا قاغاننىڭ تاغىسى ئىدى. لېكىن، تۇنباغا قاغان تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن دوستانە پوزىتسىيەدە بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تاڭ سۇلالىسىدىن قىساس ئېلىش كەيپىياتىنى توسۇپ، «قاننى قان بىلەن ئەمەس، قاننى سۇ بىلەن يۇيۇش» چارىسى بىلەن بۇ ۋەقەنى ھەل قىلغان ھەم تۆلەم ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىدىن تېخى تۆلەپ بولالمىغان ئاتلارنىڭ پۇلىنى

تۆلەشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن 1 مىليون 800 مىڭ توپ يىپەك مالنى تېزدىن بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەرھال ئارىدا يېرىكچىلىك چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئالدىن ئۇيغۇرلارغا 100 مىڭ توپ شايى، 100 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم بەرگەن، تاڭ دېزۇڭ شەخسەن ئۆزى تۇنباغا قاغانغا مەكتۇپ يوللاپ، مەكتۇپتا: «ئىنىمنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنى ئۈستىدە ئۇزاققىچە ئويلاندىم ۋە ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئىنىم تۇنباغا سىز قابىلىيەت ۋە بىلىم جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىسىز، باشقىلارغا شەپقەت قىلىسىز، قوشنا ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتىسىز، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ياخشى چۈشىنىسىز، قارنى ـ كۆكسىڭىز كەڭ، يېغىلىقلارنى تۈگىتىپ، پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز»⑫ دېگەن.

تۇنباغا قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىلادىيە 787 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن تاڭ دېزۇڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىلگىرىكى ئاداۋىتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەي، ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشقا ئۇنىماي، يەنىلا تۈبۈتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. ئەسلىدە 783 ـ يىلى تاڭ دېزۇڭ تۈبۈتلەر بىلەن چىڭشۇي كېلىشىمى (چىڭشۇي ھازىرقى گەنسۇدا)نى تۈزگەن بولۇپ، بۇ كېلىشىم ئۇيغۇرلارغا قارشى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىدى. لېكىن، تۈبۈتلەر تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن باشتىن ـ ئاخىر دوستلۇقنى مۇھىم دەپ بىلمەستىن، بەلكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەر ـ ئاھالە بۆلۈۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، تۈبۈتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقى ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىپ، تۈبۈتلەر 787 ـ 788 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسى زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇنلىغان ئايماقلارنى ئىشغال

قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلغان، نەتىجىدە تاڭ دېزۇڭ ۋەزىر لى مىنىڭ شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن، جەنۇبتا جەنۇبىي جاۋلار بىلەن، غەربتە ئەرەبلەر، ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تۈبۈتلەرنى تۆت تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش تەدبىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن يارىشىشقا ماقۇل بولغان⑬. مىلادىيە 788 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇنباغا قاغان تاڭ سۇلالىسىگە يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن تاڭ دېزۇڭ ئىرادىسىگە قارشى ئۆزىنىڭ 8 ـ قىزىنى تۇنباغا قاغانغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا تۇنباغا قاغان ۋەزىرى ئەدىز باشچىلىقىدىكى 1000دىن ئارتۇق كىشى ھەم سىڭلىسى باشچىلىقىدىكى 50 نەپەر ئايالنى تاڭ سۇلالىسىگە بېرىپ مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ھەم تاڭ دېزۇڭغا: «بۇرۇن ئاغا ـ ئىنى ئىدۇق، ئەمدى كۈيئو ئوغۇل بولدۇم، كۈيئو ئوغۇل ـــ يېرىم ئوغۇل دېمەكتۇر، ئالىيلىرى ئۆزلىرى غەربىي روڭلار (تۈبۈتلەرنى دېمەكچى)دىن تەشۋىشلەنمىگەيلا، ئۇلارنى ئۆزۈم قوشۇنۇمنى ئاتلاندۇرۇپ تارمار قىلىمەن» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىغان. شۇنىڭ بىلەن، شيەنئەن مەلىكە مىلادىيە 789 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىققا يېتىپ كېلىپ، تۇنباغا قاغانغا خاتۇن بولغان. لېكىن، شيەنئەن مەلىكە ياتلىق بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن تۇنباغا قاغان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى تالاس (تاراس) تەختكە چىقىپ، (789 ـــ 790 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان ياكى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي 790 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت ئىنىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېل ئۆگەسى (يەنى باش ۋەزىرى ياكى ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى) بەشبالىق تەرەپلەردە تۈبۈتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئىككىنچى ۋەزىرى پۇقرالارغا

باشچىلىق قىلىپ، تەختنى تارتىۋالغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ، قاغان تالاسىنىڭ ئەمدىلا 16 ـــ 17 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى ئايچۇرنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن (790 ـــ 795 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان). ئايچۇر قاغان ئاران ئالتە يىل قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ مىلادىيە 795 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن، كېيىن يۇقىرىلار ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر قۇتلۇقنى قاغانلىق تەختىگە چىقارغان، تاڭ سۇلالىسى قۇتلۇققا ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈلۈگ بىلگە ئىشەنچ قۇچقان قاغان دەپ نام بەرگەن (795 ـــ 805 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان).
مەلىكە شيەنئەننىڭ تەقدىرىدىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇ مۇرەككەپ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىغان. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە: «ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان (تۇنباغا) ئۆلۈپ، ئوغلى ساداقەتمەن، دىيانەتلىك قاغان (تالاس) تەختكە چىقتى، ساداقەتمەن، دىيانەتلىك قاغان ئۆلۈپ، ئوغلى ساداقەتمەن قاغان (ئايچۇر) تەختكە چىقتى. ساداقەتمەن قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، يۇقىرىلىرى ئۇنىڭ ۋەزىرىنى تەختكە چىقاردى، ئۇ ئىشەنچ قۇچقان قاغان (قۇتلۇق) دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەلىكىنى خاتۇنلۇققا ئالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شيەنئەن مەلىكە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 788 ـ يىلدىن 808 ـ يىلغىچە جەمئىي 20 يىل تۇرغان، مىلادىيە 808 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئەلچى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە شيەنئەن مەلىكىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەر مەلىكىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۈچ كۈن قارىلىق تۇتقان ھەم ئۇيغۇرلارغا مەكتۇپ يوللاپ مەلىكىگە تەزىيە بىلدۈرگەن.
تۆتىنچىسى، تەيخې مەلىكە (太和公主). ئۇ تاڭ شيەنزۇڭنىڭ قىزى، تاڭ مۇزۇڭنىڭ (821 ـــ 824 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) سىڭلىسى ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قۇتلۇق

قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان (تەڭرى قاغان، 805 — 808 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) چىققان. تەڭرى قاغانمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داڭلىق قاغانى بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ دەۋرىدە مانى دىنى قايتىدىن گۈللىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتا تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تارىم ۋادىسىنى قايتۇرۇۋالغان. «يېڭى تاڭنامە»دە: «يۈەنخې تۇنجى يىلى (806 - يىلى) مانى دىنى تارقالغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، كەچ بولغاندا تاماق يېيىلىپ، سۇ ئىچىلمەيدىغان بولدى، گۆشلۈك غىزا يېيىلمەيدىغان، قېتىقمۇ ئىچىلمەيدىغان بولدى، قاغان دائىم مانىلار بىلەن دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ تۇرىدىغان بولدى» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە: «ئۇيغۇرلار خېنەن دىيارى، تەييۈەن دىيارىدا مانى ئىبادەتخانىسى سېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئىجازەت بېرىلدى»، «مانى دىنى تيەنباۋ يىللىرىدا (742 — 755 - يىللار) جۇڭگودا مەنئى قىلىنغانىدى. سۇلالىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغاچقا، بۇ دىننى تارقىتىشقا يول قويۇپ، چاڭجياڭ، خۇەيخې دەرياسى ۋادىلىرىدىكى نەچچە ئون بازاردا دىن تارقىتىشقا ئىجازەت بەردى» دېيىلگەن. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدە، تەڭرى قاغاننىڭ غەربىي يۇرتنى ساقلاش يولىدىكى تۆھپىلىرى مەدھىيەلىنىپ، «تۈبۈتلەرنىڭ چوڭ قوشۇنى كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، تەڭرى قاغان لەشكەر باشلاپ ياردەمگە كەلدى، تۈبۈتلەر چۆل - باياۋاندىكى يۇشۇغا (ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ غەربىدە) قېچىپ بېرىۋالدى، تۆت تەرەپتىن تەڭ قورشىۋېلىنىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن يوقىتىلدى، جەسەتلەر چىرىپ، سېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى»[14] دەپ خاتىرىلەنگەن. تەڭرى

قاغاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە «تاڭنامە»لەردە ئېنىق خاتىرىلەر يوق، لېكىن تەتقىقاتچىلار «تاڭنامە»لەردىكى ھەم «كىتابلار جەۋھىرى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، تەڭرى قاغان مىلادىيە 808 ـ يىلى ۋاپات بولغان، دەپ قارىماقتا.

تەڭرى قاغاندىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (808 ـــ 821 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققان. تاڭ شيەنزۇڭ ئوردا ئىشلىرى بېگى لى چىڭنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، يېڭى قاغانغا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە ئادالەت قۇچقان قاغان دەپ نام بەرگەن. مىلادىيە 812 ـ يىلى يەنە كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان دەپ نام بەرگەن. ئادالەت قۇچقان قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ قۇدرەت تاپقان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» ۋە كونا، يېڭى «تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 808 ـ يىلى تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار ئۇيغۇرلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كۇسەن ۋە ئاگنىنى (قاراشەھەر)نى بېسىۋالغان. ئادالەت قۇچقان قاغان زور قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلارنى ئاگنىدا مەغلۇپ قىلغان. تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار غەربكە قاراپ قاچقان، ئادالەت قۇچقان قاغان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۇسەن، ئاقسۇ، يەكەن، ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، سىر دەرياسىنى بويلاپ پەرغانە ۋە سۇيابنى ئىشغال قىلغان. ئادالەت قۇچقان قاغان بالاساغۇن (سۇياب شەھىرىنىڭ شەرقىدە)، كۇسەن ۋە بەشبالىقتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نەچچە تۈمەندىن ئاتلىق قوشۇن تۇرغۇزغان[15]. نەتىجىدە، «شەرقىي ئاسىيا مەملىكىتى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بوغدا تېغى ئېتەكلىرىنى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى غەربىي ئاسىيا مەملىكىتىگە ئايلانغان»[16].

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلارغا

ئاساسلانغاندا، ئادالەت قۇچقان قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىگە سىمۋول قىلىش ئۈچۈن يۈەنخې 4 ـ يىلى (مىلادىيە 809 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە نامى بولغان «خۇيخې» (回纥)نى «شۇڭقاردەك چەبدەس، باتۇر» دېگەن مەنىدىكى «خۇيخۇ» (回鹘)غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان⑰. يۈەنخې 8 ـ يىلى (813 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا ئىنانچبەگ باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان، تاڭ شيەنزۇڭ دەسلەپتە مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، نىكاھ مۇراسىمى ئۈچۈن 5 مىليون تىزىق يارماق كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرھال قۇدىلىشىشنى رەت قىلغان. مۇراسىم بېگى لى جاڭنىڭ قۇدىلىشىشنىڭ ئۈچ جەھەتتە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق شىمالىي چېگرادا غەمدىن خالاس بولغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خۇەيشى تەرەپلەردىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنە ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ تۇبۇتلەرنى تىزگىنلەشكە بولىدىغانلىقىنى، مەلىكىنىڭ تويىغا كېتىدىغان چىقىم پەقەتلا شەرقىي جەنۇبتىكى چوڭراق بىر ناھىيەدىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىقىقا باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ پايدىسى چوڭ، زىيىنى ئاز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، تاڭ شيەنزۇڭ ئاخىر ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولغان⑱. كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە: «ئۇيغۇرلار شيەنزۇڭنىڭ مەلىكە ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇدىلىشىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى، سۇلالىمىز ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ئۇزاققىچە قوشۇلمىدى. يۈەنخې ئاخىرقى يىلىغا (مىلادىيە 820 ـ يىلى) كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەلىپى تېخىمۇ كۆپەيدى. شيەنزۇڭ خان شىمالدىكى قوۋملارنىڭ ئوردا ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى، غەربىي رۇڭلارنىڭ ھەر يىلى چېگرادا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدىلىشىش

تەلـىپىگـە قوشۇلدى» دېيىلگـەن. شۇ چاغدا تـاڭ شيەنزۇڭ ئـۆز قىزى يۇڭئەن مەلىكىنى ئادالەت قۇچقان قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرمەكچى بولغان. بىراق، مەلىكە تېخى ياتلىق قىلىنماي تۇرۇپلا، ئادالەت قۇچقان قاغان مىلادىيە 821 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋاپات بولغان. بۇنىڭ بىلەن، ئادالەت قۇچقان قاغانغا نىكاھلىنىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان يۇڭئەن مەلىكە ئوردىنى تاشلاپ راھىبە بولۇۋالغان.

ئادالەت قۇچقان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان (820 ـــ 824 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققان. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «موزۇڭ خان (820 ـــ 824 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىقتى. ئۇيغۇرلار يەنە ئالىپ تارقان قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغاچقا، ماقۇللۇق بىلدۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ قاغانى تۇيۇقسىز قازا قىلغاچقا، دەستەك بىلەن ئەلچى ئەۋەتىلىپ، يېڭى قاغانغا تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇتلۇق بىلگە پەزىلەت قۇچقان قاغان دەپ نام بېرىلدى. يېڭى قاغان تەختكە چىقىپلا ئىنانچى، كۈلۈگ تۇتۇق قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن يابغۇ مەلىكە قاتارلىق 2000 ئادەم بىلەن تامغىلىق ئاتتىن 20 مىڭ تۇياق، تۆگىدىن 1000 تۇياق ئەۋەتتى»[19] دېيىلگەن. مىلادىيە 822 ـ يىلى تاڭ موزۇڭ پەزىلەت قۇچقان قاغانغا ئۆز سىڭلىسىنى «تەيخې مەلىكە» دېگەن نامدا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. تەيخې مەلىكىنىڭ ياتلىق قىلىنىشمۇ باشقا مەلىكىلەرنىڭ ياتلىق قىلىنىشىغا ئوخشاش ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولغان بولۇپ، «كونا تاڭنامە»دە: «چاڭچىڭ تۇنجى يىلى (821 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى، تۇتۇقى، مەلىكىسى قاتارلىق 573 ئادەم مەلىكىنى كۆچۈرۈپ ئەكېتىش ئۈچۈن ئوردىغا كەلدى، ئۇلار ھۆدەيچى مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ

تەيخې مەلىكىنى ئۇيغۇرلارغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى»، «بۇ چاغدا تۇبۇتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 6 ـ ئايدا چىڭسەي قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لى ۋېنيۇ قوشۇن باشلاپ بېرىپ چېكىندۇردى»، «ئۇيغۇرلار تەيخې مەلىكىنىڭ تىنچ ـ ئامان كېلىشى ئۈچۈن كۆسەندىن 10 مىڭ ئاتلىق لەشكەر، بەشبالىقتىن 10 مىڭ ئاتلىق لەشكەر چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا مەكتۇپ سۇندى»، «چاڭچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (822 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا جىنئۇ قورغىنىنىڭ چوڭ سانغۇنى خۇ جېڭ، ياندىاش كېڭەش بېگى لى شيەن، نىكاھ ئىشلىرى بېگى، ياساۋۇل بېگى لى يا، ئوردا ئىشلىرى ياندىاش بېگى لى زىخوڭ، جازا مەھكىمىسىنىڭ كاتاۋۇلى جاڭ مىن، مۇراسىم ئەركان بېگى يىن يۇ قاتارلىقلار تەيخې مەلىكىنى ئۇيغۇرلار يېرىگە ئاپىرىپ قويدى» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە تەيخې مەلىكە بىلەن پەزىلەت قۇچقان قاغاننىڭ نىكاھ مۇراسىمىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «مەلىكە ئوردۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قاغان خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ مەلىكىگە خاتۇنلۇق نامىنى بەردى. ئاندىن كېيىن قاغان راۋاققا چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى، راۋاقنىڭ ئالدىغا كىگىز ئۆي تىكلەندى، مەلىكە شۇ ئۆيدە تۇردى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش دىندارى مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆگەتتى. مەلىكە تاڭ سۇلالىسىگە خاس كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇرچە كىيىندى. ئاندىن بىر ياشانغان يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا، راۋاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ (يەنى قاغانغا قاراپ) تەزىم قىلدى. قاغان ئولتۇرۇپ ئۇنى كۆزەتتى. مەلىكە يەنە تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن كىگىز ئۆيگە كىرىپ ئۈچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، خاتۇنلۇق كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن يەنە كىگىز ئۆيدىن چىقىپ،

دەسلەپكىگە ئوخشاشلا قاغانغا تەزىم قىلدى، مەلىكە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەختىراۋان تەييارلانغانىدى، ۋەزىرلەر مەلىكىنى تەختىراۋانغا باشلىدى، ئۇيغۇلارنىڭ توققۇز ۋەزىرى تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىردى. ئاندىن كۇنچىقىشقا قاراپ ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندى، مەلىكە تەختىراۋاندىن چۈشۈپ راۋاققا چىقتى ۋە كۈنچىقىشقا قاراپ قاغان بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرلەر مەلىكىگە تەزىم قىلدى ھەم ئۇنىڭ خاتۇن بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى»[20] دەپ خاتىرىلەنگەن. تەيخې مەلىكىنىڭ تەقدىرىمۇ ئانچە ياخشى بولمىغان، ئۇ ياتلىق قىلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 824 ـ يىلى پەزىلەت قۇچقان قاغان ۋاپات بولغان، ئورنىغا ئىنىسى هازار (ياكى قازار) تېگىن چىقىپ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (824 ـــ 832 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەپ ئاتالغان. «تاڭنامە» لەردە ئۇ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە ئەدەپ قۇچقان قاغان دەپ ئاتالغان. ئەدەپ قۇچقان قاغان دەۋرىدىن باشلاپ ئورخۇن خانلىقىدا ئوردا ئىچىدىكى هوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى كۈچىيىپ، ۋەزىرلەر ۋە چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاپ، مەزھەپ كۈرىشى قىلغان. مىلادىيە 832 ـ يىلىغا كەلگەندە، قازار تېگىن قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئورنىغا ئوغلى قۇت تېگىن چىقىپ ئىناۋەت قۇچقان قاغان (832 ـــ 839 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەپ ئاتالغان. 839 ـ يىلى ئەل ئىچىدە توپىلاڭ يۈز بېرىپ، بۇيرۇق ئىنەيۇن كۇل بىلەن سايغا تېگىن لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، قۇت تېگىن قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئارقىدىنلا بۇيرۇق چۇرۇق شاداپىت تۈركلىرىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ قاغان ئوردىسىغا هۇجۇم قىلغان. قۇت تېگىن قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇيرۇق چۇرۇق قوشۇۋ تېگىننى قوشۇۋ شات قاغان دەپ جاكارلىغان. 840 ـ يىلى سانغۇن كۇلۇگ باغا

قىرغىزلارنىڭ 10 تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوشۇۋشات قاغان بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەن. بۇ چاغدا تەيخې مەلىكە قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، كېيىن جەنۇبقا يۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۇكا تېگىنىنىڭ (841 ـــ 845 ـ يىللاردا قاغان دەپ ئاتالغان) قولىغا ئۆتكەن. 843 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇكا قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، تەيخې مەلىكىنى قايتۇرۇۋالغان، شۇنداق قىلىپ تەيخې مەلىكە جەمئىي 23 يىل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشاپ، 843 ـ يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئومۇمەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان «قۇدىلىشىش سىياسىتى» ھەر ئىككىلا خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ خىل تەسىرنى بىز مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋالالايمىز:

بىرىنچىدىن، تاڭ سۇلالىسى «قۇدىلىشىش سىياسىتى» ئارقىلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن ئۆگىلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالىدى، سىرتقى جەھەتتە تۇبۇتلەر، جەنۇبىي جاۋلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، «قۇدىلىشىش سىياسىتى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش، ھەربىي ھەمكارلىق، سىياسىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچىدىن، «قۇدىلىشىش سىياسىتى» ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خەنزۇ قاتارلىق خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتتى.

تۆتىنچىدىن، «قۇدىلىشىش سىياسىتى» ئىككى خانلىقتىكى، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر

بىلەن ئورخۇن ۋادىسى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش كەڭ قانات يايدى.

بەشىنچىدىن، «قۇدىلىشىش سىياسىتى» بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈش قەدىمى تېزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى «شەھەرلىشىش» قەدىمىمۇ تېزلەشتى.

ئالتىنچىدىن، «قۇدىلىشىش سىياسىتى»نىڭ تەسىرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان مانى دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلارغا تارقىلىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگو تارىخىدا زور رول ئوينىدى.

**ئىزاھلار:**

① «سىيۈەن» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى) 1 ـ توم 504 ـ بەت، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

②③ بەن گۇ: «خەننامە» 43 ـ جىلد «ليۇجىڭنىڭ تەرجىمىھالى» 266 ـ، 268 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④⑤ سىما گۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 216 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» 6916 ـ، 6934 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥⑩⑫ ليۇ شيۈ: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5198 ـ، 5200 ـ، 5203 ـ، 5210 ـ، 6122 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑦⑪ ئوۋياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6115 ـ، 6117 ـ، 6126 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ سىما گۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي

ئۆرنەكلەر» 220 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» 7034 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑨ خامىلتون (فىرانسىيە): «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» 76 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑬ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 60 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑭ «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى»نىڭ خەنزۇچە تېكىستىنىڭ 14 ـ قۇرى.

⑮ چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى» 132 ـ، 133 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑯ ئابى تاكىئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 166 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑰⑱⑳ ليۇ شيۈ: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 5210 ـ، 5211 ـ، 5212 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ لىن مېيسۇن: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەقىقىي مەلىكىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىش»، «شىنجاڭ تارىخىدىكى شەخسلەر» 4 ـ قىسىم 45 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑲ ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6127 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى

غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ـــ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن بۇرۇن، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىدا كۇچا ۋە قاراشەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بىر خانلىقتۇر. گەرچە غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىلگىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈركشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا، مەزكۇر خانلىق تارىخىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرەلمىگەچكە، بۇ بىر باسقۇچتىكى ئۇيغۇر تارىخى كىشىلەردە چۈشىنىكسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى (ئاساسلىقى يېڭىدىن تېپىلغان دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى) ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭغا دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىزنى 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان باسقۇچتىكى ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى

ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنقىلاپ چىقىشتا يېڭى ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلدى. تۆۋەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىزباسارى بولغان ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870 — 1036 - يىللار)نىڭ «خېمىرتۇرۇچ»ى بولغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

1. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرىكى جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ ۋەزىيىتى

قەدىمدە جۇڭغار ۋادىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى جايلار، شۇنداقلا يەتتىسۇ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدە «غەربىي يۇرت» (يەنى تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت) دەپ ئاتالغان بولۇپ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان بۇ رايونلار بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپلا ئىنتايىن قويۇق ئالاقىسى بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشكىل قىلىشقا قاتناشقان بىرمۇنچە قەبىلىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنلا مۇشۇ رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «دى، دىڭلىڭ، تېلى، قاڭقىل» دەپ ئاتالغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى كۆپ ئىشلەتكەچكە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قاڭقىللار، يەنە چىلىلار، تېلىلار دەپمۇ ئاتالغان»[1] دېيىلگەن. نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار «دى، دىڭلىڭ، تېلى، قاڭقىل» دېگەن ناملارنىڭ ھەممىسى «تۈرك» دېگەن نامنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى[2]

دەپ ھېسابلىنىدۇ. «سۈينامە . تېلىلار تەزكىرىسى»دە: «تېلىلار ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇرۇق ـ قەبىلىسى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئۇلار كاسپىي دېڭىزىدىن شەرققە قاراپ تاغ ـ جىلغىلارنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، توغلا دەرياسىنىڭ (موڭغۇلىيەدە) شىمالىي تەرەپلىرىدە بۆگۈ (بارغۇت)، تۇڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بوركلى قەبىلىلىرى بار ئىدى، ئۇلار ئېركىن دەپ ئاتىلاتتى. موچۇر، تۇرگىن، ئىزگىل، ھۇن، قۇغۇرسۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ يارامىلىق 20 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. ئۇيغۇرغول (قۇمۇل)نىڭ غەربى، قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ (تەڭرىتاغ)نى بويلاپ چۆبە، بۇرۇچ، ئازلار، سۇبۇ، ناخ (ناگە)، ئوغۇز، قىرغىز، ئېرتىش، ئونقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارامىلىق 20 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى)نىڭ غەربىي جەنۇبىدا سىر ـ تاردۇش، جىلار (چەرۇق)، زاباندىر، داچى قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، 10 مىڭدىن كۆپ لەشكىرى بار ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ شىمالى، ئىدىل دەرياسى (ۋولگا دەرياسى) بويلىرىدا ئەدىز (ئاتىئىز)، قاسار (ھازار)، بولغار، پەچەنەك، گوت قاتارلىق قەبىلىلەر تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 30 مىڭدىن كۆپرەك لەشكىرى بار ئىدى. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە سوغىناق (سارىغۇر)، ساسكىن، مۇككىرىپ (مۇكشاس)، ساخە (چېركىس) قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، 8000 دىن ئارتۇق لەشكىرى بار ئىدى. رىمنىڭ شەرقىدە ئىنقۇ، ئالان (ئالاس)، باشقىرت، قۇتغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭغا يېقىن لەشكىرى بار ئىدى. شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا دۇبۇ (توبۇل) قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى تېلىلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۋەنچىلىك، ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. قوي، كالىلىرى

كۆپ ئىدى»③ دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان تېلىلار مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا موڭغۇلىيە، جۇڭغارىيە، تارىم ۋادىسىدىن تاكى يەتتىسۇ، ئىدىل ۋادىسىغىچە تارقىلىپ ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇلىيە، جۇڭغارىيە ۋە تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغىنىڭ يايلاق رايونلىرىغا جايلاشقانلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ باشقا قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، تارىم ۋادىسى، يەتتىسۇ ۋادىسى ۋە بوستانلىق رايونلارغا جايلاشقانلىرى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان. «ۋېينامە . قاڭقىللار تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا④، مىلادىيە 487 ـ يىلى جۇرجان خانلىقىنىڭ قاغانى تولۇن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھەربىي يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، شەرقىي قاڭقىللار ئىچىدىكى پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاي ئۇجرۇ (يەنى ئاپارغۇر) ئىنىسى چۇڭچى بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم قاڭقىل قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈننى باشلاپ، ھازىرقى تۇرپان ۋادىسى بىلەن جۇڭغار ۋادىسىدا قاڭقىل خانلىقى (487 ــ 546 ـ يىللار)نى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى يايلاق رايونلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تارىم ۋادىسىدىكى رايونلارغىمۇ يېتىپ بارغان. كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى شەكىللەندۈرگەنلەر ئىچىدە مانا مۇشۇ قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرغان تەڭرىدە بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلغاندا، مۇشۇ قاڭقىل دۆلىتىنى ئېپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالغان⑤.

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار: «دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلىلار بۈگۈن-

كى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تېلىلارنىڭ تارىخى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى»⑥، «قاڭقىل خانلىقى دەۋرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ قوشۇلۇشقا ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيەلىشىشكە سەۋەب بولغان. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى قوشۇلۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيەلىشىش تۈسىنى ئالغان بۇ يۈزلىنىشى ئىككى جەھەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. بىرىنچىدىن، تېلى قەبىلىلىرى بىلەن يېقىن قانداش بولغان ياكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان قەبىلىلەر تېلىلارغا سىڭىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن غەيرىي قاڭقىل قەبىلىلىرىمۇ پەيدىنپەي تېلىلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ غەربكە كۆچۈشى، بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان» دەپ ھېسابلايدۇ⑦.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. مىلادىيە 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ۋە ماجىرادىن پايدىلىنىپ، زور قوشۇن بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىدىن قۇچۇنى تارتىۋالغان ھەمدە شۇ يىلى قۇچۇدا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، 648 ـ يىلىغىچە تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. جۇڭغار ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يەنىلا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋەرگەن. 649 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ ئۆلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلانغان

غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭەكى ئاشنا ئالىپ غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇق، بەش ساداق ۋە چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىنى ھەم غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى خەلقلەرنى قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، 651 ـ يىلى مىڭلاقتا ئۆز بارگاھىنى تىكلەپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ جاكارلاپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى شەۋكىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. ئۇ قوشۇن تارتىپ بەشبالىق، باركۆل، قوچۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ تاڭ سۇلالىسى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن سودا قىلىشىغا ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا چوڭ بىر تەھدىت بولغان. نەتىجىدە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەرھال ھەمكارلىشىپ، مىلادىيە 651 ـ يىلىدىن 657 ـ يىلىغىچە جەمئىي ئۈچ قېتىم ئاشنا ئالىپ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، جۇڭغار ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربىي تۈركلەرنى ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغان⑧. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئىچكىرىلەپ كىرىشى بولۇپ، «شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالغان»⑨. كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىدىكى جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى تېخىمۇ تېزلىشىپ، ئىزگىل قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشقان. مىلادىيە 751 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەرەبلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ بولۇشى، مىلادىيە 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆڭلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭغار، تارىم ۋادىسىدىكى

جايلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىشتىن مەھرۇم قالغان. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جۇڭغار، تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىشىغا زور ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

«مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۆگۈ قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللار (مىلادىيە 759 — 779 ـ يىللار)نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تارىم ۋادىسىدىكى كۇچا، قاراشەھەر، جۇڭغار ۋادىسىدىكى بەشبالىق ھەمدە شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى باسمىللار ۋە قارلۇقلارلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ قالماستىن، يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى قىرغىزلار، چىكلار، يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى قارلۇقلار، تۈركەشلەرمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى بويىدا سۇياب ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى بىنا قىلىپ، قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلارنى ئىدارە قىلغان. لېكىن، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىدىكى يۇرتلارنى ئىدارە قىلىشى ئانچە ئاسانغا توختىمىغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 808 ـ يىلىغىچە جۇڭغار، تارىم ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۈبۈتلەر، قارلۇقلار، قىرغىزلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، بۆلۈنمىچىلىك ئۇرۇشلىرىغا دۇچ كېلىپ تۇرغان. پەقەت 808 ـ يىلدىن كېيىن قارلۇقلار بىلەن تۈبۈتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ قىلىپ، بەشبالىق، قۇچۇ، كۇسەن، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، ئۇدۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پەرغانە ۋە سۇيابنى ئىشغال قىلغان. نەتىجىدە، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، يەتتىسۇ ۋادىسى، پامىرنىڭ غەربىدىكى جايلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن[10].

شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بوغدا تېغى ئېتەكلىرىنى، يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى غەربىي ئاسىيا دۆلىتىگە ئايلانغان»[11].

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن ئىلگىرى، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولۇپ، بۇ رايونلاردا ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، «تارىم ئويمانلىقىدىكى تۈۋرۈك مىللەتكە ئايلىنىپ بولغان»[12].

2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى»

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 839 — 840 - يىللىرىغا كەلگەندە، ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى، ئورخۇن ۋادىسىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، ۋابا كېسىلى، شۇنداقلا يات ئەللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ھالسىزلانغان، نەتىجىدە 840 - يىلى چوڭ ھەربىي قوماندان كۈلۈگ باغانىڭ ساتقۇنلۇقى، شىمالدىكى قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ پايتەخت ئوردۇبالىقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى، قۇشۇۋشات قاغانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن يىمىرىلىپ پارچىلىنىپ كەتكەن[13]. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تەخمىنەن 200 يىل دەۋر سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇتلۇقتىن قالغان. ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ ئېغىر كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جەنۇب ۋە غەربتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يەرلىرىگە كۆچۈشكە باشلىغان. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆچۈشى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي

رايونى بولۇپ كېلىۋاتقان موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن يەنە شۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان، ئۆز قېرىنداشلىرى قەدىمدىن تارتىپ توپلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان، ئۆزلىرىگە ئەزەلدىن تونۇش بولغان خېشى كارىدورى ۋە جۇڭغار، تارىم، يەتتىسۇ ۋادىسىغا يۆتكىلىشى ئىدى.

ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە «كونا تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «كۈلۈگ باغا چۇرۇقتىن نارازى بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلدى، قۇشۇۋشات قاغان بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تەرەپلەرگە تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى ساجى (سابچى)، قاغاننىڭ جىيەنى پان تېگىن (مەڭلىك تېگىن) ۋە ئىنىسى نارۇ قاتارلىقلار 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە ــــ قارلۇقلار تەرەپكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى تۇبۇتلەرگە، يەنە بىر تارمىقى ئەنشىگە بېقىندى. قاغان ئوردىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى 13 قەبىلە ئۇكا تېگىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ خەنزۇلارغا بەيئەت قىلدى»[14] دېيىلگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «كۈلۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قاغان ۋە چۇرۇق ئۆلتۈرۈلدى، قوۋملىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ۋەزىر ساجى ۋە مەڭلىك تېگىن (پان تېگىن) 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەرەپكە كەتتى. قالغان قوۋملىرى تۇبۇتلەرگە، ئەنشىگە كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قاغان ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدىكى 13 قەبىلە ئۇكا تېگىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبقا كېلىپ ئورۇنلاشتى»[15] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى

تارماقـقـا بۆلـۇنـۇپ، بىـر تـارمـىـقى جـەنـۇبقا سـۇرۇلـۇپ تـالڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا يېتىپ كەلگەن؛ يەنە بىر تـارمىقى ئـۇدۇل غەربكە سـۇرۇلۇپ ئالتـاي تېغىدىن ئۆتۈپ، ئـۇ يەردىكى قارلۇقلار بىلەن ئۇچراشقان. بۇلار يەنە ئىككى بۆلەككە بۆلـۇنۇپ، بىر بـۆلىكى تـۇبۇتلەر هـۆكۈمرانلـىقىدىكى خېشى كارىدورىدىكى گـەنجۇ، ليـاڭجۇ، سۇجۇ، گۇاجۇ، شاجۇ قاتارلـىق رايونـلارغا كەلـگەن. يەنە بـىر بۆلـىكى جۇڭغـار ۋادىسىدىكى بەشبالىققا يېتىپ كـەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر قـىسمى كېيىن پـان تېگىن (مەڭلىك تېگىن) باشچىلىقىدا تېخىمۇ غەربكە سۇرۇلـۇپ، ئۇرۇمچى، يۇلتۇز يايلىقى ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كۇسەن (كۇچا)، قاراشەھەرگە كېلىپ ماكانلاشقان. مانا مۇشۇ پان تېگىن (مەڭلىك تـېگىن) باشچىلىقىدا ئـالدى بىلـەن بـەشبالـىققا (ۋە ئۇنـىڭ ئەتراپىدىكى جـايلارغا) كـېلىپ، بـىر مەزگىلدىن كېيىن تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىغا كېلىـپ ماكانلاشقانلار «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى»نى قۇرغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغان.

3. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

تارىخىـي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغانـدا، مەڭلـىك تېگـىن ۋە ساجى رەھبەرلىكىدىكى «غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار» غەربكـە سۇرۇلۇپ، ئـالتاي تېغىدىن ئـۆتۈپ، مورى، گـۇچـۇڭ قاتارلـىق جايلار ئارقىلىق بەشبالىققا كېلىپ ئورۇنلاشقان، كېيىن مەڭلىك تېگىن باشچىلىقىدىكى بىـر بۆلەك ئۇيـغۇرلار داۋاملىـق جەنۇبقـا سۇرۇلۇپ يۇلتۇز يايلىقى ئارقىلىق كۇسەن، قاراشەھـەر رايونىغـا كـېلىپ، بـۇ يەرلەردىكى خەلقلـەر بىلەن بىرلىشىپ، غەربىـي ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ ھـەقتە «كونا تاڭنامـە»دە: «ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئاھالىسى يەنىلا سىـرتلاردا، تاغ ۋە قويۇق ئورمانلار ئىچىدە پاناھلىنىپ، يات قەبىلىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەربكـە تەلپۈنۈپ ئەنشىدىكى مەڭلىك تېگىننىڭ قېشىغا كېتىشنى ئارزۇ

قىلماقتا. مەڭلىك تېگىن ئاللىقاچان ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى»[16] دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە»دە: «ئۇلار (خانلىقى) يىمىرىلگەندىن كېيىن مەڭلىك تېگىن قاراشەھەردە تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىدى. قالدۇق قوۋملىرى جىنشياڭلىقتا تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭغا يېتەتتى»[17] دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە: «ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئاھالىسى يەنىلا سىرتلاردا، تاغ ۋە قويۇق ئورمانلىقلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ، غوزلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. باشقا قەبىلىدىن بولغان مەڭلىك تېگىن ئالدى بىلەن ئەنشىگە كېلىپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىدارە قىلدى»[18] دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە ئېيتىلغان ئەنشى تارىم ۋادىسىنى، كونكرېت ئېيتقاندا كۇسەننى (كۇچا)نى كۆرسىتىدۇ. جىنشياڭلىق بولسا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قۇچۇ تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قۇچۇ (تۇرپان) بىلەن بەشبالىق (جىمسار)نىڭ ئارىلىقىدىكى بوغدا تېغىنىڭ باغرىدىكى مەلۇم جاينى كۆرسىتىدۇ. مەڭلىك تېگىننىڭ ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلاپ غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان ۋاقتى مىلادىيە 842 ـ يىلى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا جەنۇبقا ــ موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى ئۇكا قاغان تېخى ھايات بولغاچقا ھەم ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان قاغان بولغاچقا، مەڭلىك تېگىن گەرچە يېڭى بىر ھاكىمىيەتنى تىكلىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان «يابغۇ» نامىدا ئاتىغان. «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇكا قاغان مىلادىيە 846 ـ يىلى قول ئاستىدىكى ۋەزىرى يىنچۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىنىسى ئوكنىر تېگىن قاغان

بولغان. بۇ چاغدا ئوكنېر قاغاننىڭ ئەتراپىدىكى ئادىمى 5000 غىمۇ يەتمەيتتى. ئۇلار نائىلاج قۇمۇقلارنى باشپاناھ قىلغان. 847 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ لولۇڭ رايونىنىڭ ھىراۋۇلى جاڭ جۇڭۋۇ ئوكنېر قاغان ۋە ئۇنىڭ قوۋمىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش مەقسىتىدە، قۇمۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئوكنېر قاغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ 500 كىشى شىرۋىلارنىڭ قېشىغا پاناھ تارتىپ بارغان. كېيىن ئۇلار تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمىدا ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، ئوكنېر قاغان ۋە ئايالى قارلۇي، ئوغلى دوس تېگىن قاتارلىق توققۇز كىشى غەربكە قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان. بۇ خەۋەر يىراق ئەنشىدىكى پان تېگىنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پان تېگىن مىلادىيە 848 - يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، قاراشەھەر، قۇچۇ (تۇرپان)، ئۈيغۇرغول (قۇمۇل)، ئۈرۈمتاي، بەشبالىق قاتارلىق نەچچە ئون شەھەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىپ، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنى رەسمىي قۇرۇپ چىققان. نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەڭلىك تېگىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇ خېشى كارىدورى، پامىرنىڭ غەربى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق سەردارى بولۇپ قالدى. بۇ ئۇچ بۆلەك ئۇيغۇرلار چېچىلاڭغۇ غەربىي ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى»[19] دەيدۇ. «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى» (ياكى كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى) مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا شەكىللىنىپ چىققان.

4. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى

پان تېگىن (مەڭلىك تېگىن) كۇسەن (كۇچا) ۋە قاراشەھەردە غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەۋاتقان مەزگىللەردە، خېشى شاجۇ (دۇنخۇاڭ)لۇق جاڭ يىچاۋ مىلادىيە 848 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك

ئەمەلدارى نامىدا، خېشىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە باشچىلىق قىلىپ، تۇبۇتلەرنىڭ خېشى كاردورىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ھەم تۇبۇتلەرنىڭ قولىدىن گەنجۇ، سۇجۇ (جيۇچۈەن)، يىجۇ (قۇمۇل)، لياڭجۇ قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. قاراشەھەردىكى مەڭلىك تېگىنمۇ جاڭ يىچاۋنىڭ تۇبۇتلەرگە قارشى كۈرىشىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، قوشۇن چىقىرىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى قۇچۇ قاتارلىق جايلارنى ئۆز قولىغا ئالغان ھەم قول ئاستىدىكى سانغۇن بۇيرۇق ئەنىنگنى قۇچۇنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. نەتىجىدە، خېشى كارىدورىدىكى تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى، مەڭلىك تېگىن بىلەن جاڭ يىچاۋنىڭ تۇبۇتلەرگە قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ھەمكارلىقى، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغىلى خېلى يىللار بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان.

تاڭ سۇلالىسى مەڭلىك تېگىنىنىڭ تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىدىكى كۈسەن (كۇچا)، قاراشەھەر، قۇچۇ ۋە بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن بىر كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، نام ـ ئاتاق بېرىشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، مىلادىيە 856 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياساۋۇل بەگ، ياندااش ئەدلىيە ۋەزىرى ۋاڭ دۇەنجاڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، مەڭلىك تېگىنگە «ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە تۆھپىكار قاغان» دەپ نام بەرگەن. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە: «يېقىندا كېلىپ ئىتائەت بىلدۈرگەنلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، ھازىر مەڭلىك قاغان دەپ ئاتىلىپ ئەنشىدە

تۇرۇۋېتىپتۇ، تاجۇتەختنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلەۋېتىپتۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇشبۇ نام ـ ئەمەل بىرىش يارلىقى چىقىرىلدى»، «11 ـ ئايدا ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ كۆلۈگ بىلگە تۆھپىكار قاغان دەپ نام بېرىلدى»[20] دېيىلگەن. ئەمما، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەڭلىك تېگىنگە نام ـ ئاتاق بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان، ۋاڭ دۇەنجاڭ قاتارلىق ئەلچىلەر قومۇل ئەتراپىغا كەلگەندە، باشقا بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئارا يولدا ئارقىسىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. گەرچە بۇ قېتىمقى نام ـ ئاتاق بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز سوۋغا ـ تارتۇقلار يوللىنىپ تۇرۇلغان[21]. غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىز ۋە تۇبۇتلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. نەتىجىدە، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى غەربتە پامىرنىڭ غەربىگىچە، جەنۇبتا ئۇدۇن (خوتەن)غىچە، شەرقتە ئۇيغۇرغول (قومۇل)نىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پارس ئاپتور گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق نىزانى خاتىرىلەپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ توغرىدا: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى توققۇز ئوغۇز قاغانى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆل تېگىن دېگەن داڭلىق بىرەيلەن بار ئىدى. كۆل تېگىنىنىڭ (ئانا بۆلەك) قېرىندىشى (ئاكىسى) قاغان ئىدى. ئاكىسى كۆل تېگىننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ، ئۇنىڭ كېكىردىكىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنى تاغقا

تاشلىۋەتتى. كۆل تېگىننىڭ بىر ئىنىكئانىسى بار ئىدى، ئىنىكئانىسى ئۇنى مانى دىنىدىكىلەرگە ئاپىرىپ، ساقايتىپ بېرىڭلار... دېدى. نەتىجىدە ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى. كېيىن كۆل تېگىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى ئازال (Azal) شەھىرىگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە قاغانغا ياخشىچاق بولۇپ، قاغاننىڭ غەزىپىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن، قاغان ئاخىر ئۇنى ئۆز يېنىغا كېلىشكە چاقىردى ۋە ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بەردى، ئۇنىڭ ئوردىغا كىرىشىنى چەكلەپ، ئۇنى پەنجىكەند[22]نىڭ ئەمرى قىلىپ ئەۋەتتى. كۆل تېگىن ئۇ يەردە كۆچ توپلاپ يەرلىكلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى ھەم پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. ئاخىرىدا ئۇ قاغاننىڭ ئوۋغا چىقماقچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەردە نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. كۆل تېگىن قاغان ئۈستىدىن غالىب كەلدى، قاغان قېچىپ شەھەر ئىچىگە كىرىۋالدى. كۆل تېگىن شەھەر سېپىلىغا سۇ قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. سېپىللار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، كۆل تېگىن شەھەر ئىچىدىكىلەر تەسلىم بولسا ھەممىيلەنگە بىردەك رەھىم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەرمان جاكارلىدى، شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلەر ئاچارچىلىق ۋە ھارغىنلىقتىن بەك قىينىلىپ كەتكەنىدى، ھەممىسى تەسلىم بولدى، ھەممىگە رەھىم قىلىندى، توققۇز ئوغۇز قاغانى شەھەردىن چىقمىدى، كۆل تېگىن قول ئاستىدىكىلەرگە شەھەرگە كىرىپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆل تېگىن خانلىق تەختكە چىقتى» دېگەن[23].

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار: گەردىزىنىڭ خاتىرىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلار مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى ئاتىشىدۇر، يەنى ئۇ مەڭلىك تېگىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، كۆل تېگىن بولسا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا 866 ـ يىلىدىن كېيىن

ئوتتۇرىغا چىققان بەشبالىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى بۆكۈچىن (يەنى بۆگۈ تېگىن) نىڭ ئۆزىدۇر، دەپ ھېسابلىشىدۇ.

دېمەك، 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور بىر سىياسىي داۋالغۇش يۈز بېرىپ، مەڭلىك تېگىنىنىڭ بەشبالىقتا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى بۆكۈچىن (كۆل تېگىن) ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ مەڭلىك تېگىننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قوچۇدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئاقىۋەتتە، مەڭلىك تېگىنىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى، بۇيرۇق ـ تارخانلىرى ۋە بىر قىسىم قوللىغۇچىلىرى بۆكۈچىنىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىتائەت قىلىشنى خالىماي ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇشقان. نەتىجىدە، «شيەنتۇڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 870 ـ يىلى) مەڭلىك تېگىن ئۆلۈپ ئۇزاققا قالماي، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ھەم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇلغان»[24]. شۇنىڭ بىلەن، مىلادىيە 842 ـ يىلىدىن 870 ـ يىلىغىچە 30 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەن.

ئىزاھلار:

① ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 6111 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 6 ـ بەت، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ ۋېي چىڭ: «سۇينامە» 84 ـ جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى» 1879 ـ، 1880 ـ بەت جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1937 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ ۋېي شۇ: «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «قاڭقىللار تەزكىرىسى» 2307 ـ، 2310 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 ـ

يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۇ تېشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑥ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار»، 2 ـ بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑦ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 94 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑧ ئەخمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 156 ـ، 166 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑨ مېلىڭ فەنرېن: «بەشبالىق تارىخ ـ جۇغراپىيەسى ھەققىدە تەتقىقات» 168 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى.

⑩ ئابى تاكىئۇ (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 2 ـ باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى» 8 ـ باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ ئابى تاكىئۇ (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 166 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑫ سۇ بېيخەي: «مىلادىيە 7 — 8 ـ ئەسىرلەردىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار»، «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1980 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ گۇباۋ: «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ۋە جەمئىيىتى» 137 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑬⑭⑯ ليۇ شيۇ: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 5212 ـ، 5213 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑮ ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6130 ـ، 6131 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑰ ئوۋ ياڭ شيۇ، سۇڭ چى: «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد «تۈركلەر

تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑱ سىما گۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىنىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 248 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» 8083 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑲ ياڭ شىكمىن: ‹‹ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىنىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر›دىكى تۈرك ـ ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» 299 ـ بەت، تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑳ سىما گۇاڭ: «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىنىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 249 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى»، 8059 ـ، 8061 ـ بەتلەر، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1956 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

㉑㉔ چېن جياخۇا قاتارلىقلار: «سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەتلەر تارىخى» 321 ـ 322 ـ بەتلەر، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ ئەخمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 155 ـ، 156 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉒ بۇ يەردىكى پەنجىكەند بەشبالىقنى كۆرسىتىدۇ.

㉓ تيەن ۋېيجاڭ: «قوچو ئۇيغۇرلىرى تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» 30 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى سەلتەنەتلىك، شانلىق بىر دەۋر. قاراخانىيلار خانلىقى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تارىم ۋادىسىدىكى قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالاساغۇننى (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان، ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان فېئودال خانلىق ئىدى. بۇ خانلىق 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىگىچە بولغان جەرياندا ئۆز تېررىتورىيەسىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتىسۇ — ئىلى ۋادىسى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە كېڭەيتىپ، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ مۇھىم بىر سەھىپىسىنى يارىتىپ بەرگەنىدى. مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقى پاجىرنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى، ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ شەرقىدىكى جايلار، يەتتىسۇ ۋادىسى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە پەرغانىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى، قەشقەر بىلەن بالاساغۇن شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولدى؛ ماۋرائۇننەھر رايونى، پەرغانىنىڭ غەربىدىكى جايلار غەربىي قاراخانىيلار

خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى، دەسلەپ ئۆزكەند، كېيىن سەمەرقەنت غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولدى. مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتى، سالجۇقىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ھەم شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاڭلى ۋە قارلۇق قاتارلىق ئىسيانكار قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى تەدرىجىي يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. مىلادىيە 1133 ـ يىلى شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن قارا قىتانلار يەتتىسۇ رايونىغا كىرىپ بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قارا قىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مىلادىيە 1211 ـ يىلى قارا قىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ تارىم ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك بولدى①. غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى بولسا دەسلەپ 1141 ـ يىلى قارا قىتانلارنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالدى، كېيىن 1212 ـ يىلىغا كەلگەندە خارەزىم خانلىقى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مۇنقەرز قىلىندى②. شۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاراخانىيلار خانلىقى يوقالدى.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇش بولغان بىر دەۋر بولدى. يەنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق ۋە ئوتلاق رايونلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمى تەدرىجىي ھالدا شەھەرلەرگە ۋە بوستانلىقلارغا كىرىپ ئولتۇراق

تۇرمۇشقا ئۆتتى. ئەڭ مۇھىمى بۇ دەۋردە يەتتىسۇ، ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدا قاڭقىل خانلىقى دەۋرىدە باشلىنىپ كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئۇيغۇرلىشىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملاندى. نەتىجىدە، قوشۇلۇش ۋە ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈش جەريانىدا قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان پەرقلەر ئاجىزلاپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلە - ئۇرۇقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يادرو قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملىگەن يېڭى بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى، يەنى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ چىقتى. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئەنە شۇ مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ رەڭدار، ئەڭ جەلپكارلىققا ئىگە مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما ھۆججەتلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ③ بىلەن مەشھۇر پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»تە، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە دائىر بىر قىسىم ئۇچۇر - مەلۇماتلار ساقلانغان بولۇپ، بۇلار نۆۋەتتە بىزنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى يېمەك - ئىچمىكىگە دائىر تەخمىنەن 100دىن ئارتۇق سۆزلەم ئۇچرايدۇ، ئۇلاردا تىلغا ئېلىنغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى

ئاشلىق يېمەكلىكلىرى، گۆش يېمەكلىكلىرى، ئىچىملىكلەر ۋە تەم خۇرۇچلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1. ئاشلىق يېمەكلىكلىرى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى يېمەك ـ ئىچمەككە دائىر ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنىڭ زور قىسمى ئاشلىق يېمەكلىكلىرىگە دائىر ئۇچۇر مەلۇماتلار بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىدەك:

1) نانلار

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن مەلۇمكى، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر بۇنىڭدىن 3000 ـــ 4000 يىللار بۇرۇنلا تېرىق ۋە بۇغداي ئۇنلىرىدىن نان پىشۇرۇپ يېگەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، نانلار يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۇن بىلەن ئېتىلىدىغان (ياكى ئۇن بىلەن تەييارلىنىدىغان) يېمەكلىكلەرنىڭ ئىچىدە نان ۋە نان تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە «نان مەدەنىيىتى»نى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تۆۋەندىكىدەك نان تۈرلىرى خاتىرىلەنگەن:

(1) ətmək (ئەتمەك): نان (1 ـ توم، 138 ـ بەت).

(2) tokuq (توقاچ): توقاچ (1 ـ توم، 464 ـ بەت).

(3) sinqü (سىنجۇ): گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدىكى بىر خىل نان، خۇيلىما (1 ـ توم، 544 ـ بەت).

(4) kɵvxəg (كۆۋشەگ): بولدۇرغان نان (1 ـ توم، 626 ـ بەت).

(5) katma (قاتلىما): ياغدا پىشۇرۇلغان نېپىز نان (1 ـ توم، 546 ـ بەت).

(6) kakurƟ]an (قاقۇرغان): قاتلىما، ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلغان بىر خىل نان

1 ـ توم، 672 ـ بەت).

(7) yalaqï yuɵʁa (يالاجى يىغا): تۆھمەتچى نان دېيىلىدۇ. بۇ، ناننىڭ نېپىزلىكىدىن قول تېگەر ـ تەگمەيلا ئۇشتۇلۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىشىگە قاراپ ئېيتىلغان (3 ـ توم، 31 ـ بەت).

(8) yarma yuɵʁa (يارما يىغا): بىر خىل قاتلىما نان (3 ـ توم، 44 ـ بەت).

(9) komac (كۆمەچ): كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان (1 ـ توم، 467 ـ بەت).

(10) pəxkəl (پوشكال): بىر خىل يۇپقا نان (1 ـ توم، 628 ـ بەت).

(11) kuyma (قۇيماق): خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياغقا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ (3 ـ توم، 239 ـ بەت).

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە نان تۈرىنىڭ كۆپلۈكىنى، تۇرمۇشتا ناننىڭ ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالايمىز.

2) تاماقلار

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن ئۇن بىلەن ئېتىلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئىچىدە ناندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۈرىدىغىنى تاماقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاساسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن بۇغداي، تېرىق ياكى سۆكتىن ئېتىلىدىغان تاماقلار ۋە تالقانلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە تىۋەندىكىدەك تاماق تۈرلىرى خاتىرىلەنگەن:

(1) qəp (چۆپ): كەسمە (1 ـ توم، 418 ـ بەت).

(2) tutmaq (تۇتماچ): چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى (1 ـ توم، 590 ـ بەت).

(3) ügrə (ئۈگرە): سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ (1 ـ توم، 171 ـ بەت).

(4) türmək (تۈرمەك): تۈرمەل (1 ـ توم، 622 ـ بەت).

(5) kiyma (قىيما): قىيما ئۆگرە، سۈيۈقئاشنىڭ بىر خىلى، بۇنىڭ خېمىرى قوچقاچ تىلى قىلىپ كېسىلىدۇ (3 ـ توم، 239 ـ بەت).

(6) sarmaquk (سارماچۇق): قوشقاچ تىلى ئاش، سۈيۈقئاشنىڭ بىر تۈرى (1 ـ توم، 683 ـ بەت).

(7) tutoʁuq (تۇتغۇچ): رەسمىي تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى (1 ـ توم، 591 ـ بەت).

(8) kürxək (كۈرشەك): سۆكنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق (1 ـ توم، 625 ـ بەت).

(9) to (تو): بولماققا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق. ئۇ بىر قاچىغا سېلىنىپ، ئېچىتىلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ (3 ـ توم، 287 ـ بەت).

(10) kaoʁut (قاغۇت): تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق (1 ـ توم، 528 ـ بەت).

(11) sooʁut (سوغۇت): ھېسىپ. ئۇچەي ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش ۋە دورا ـ دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك (1 ـ توم، 462 ـ بەت).

(12) lətü (لەتۈ): بىر خىل سۇيۇق تاماق. بۇ تاماق سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ. ئىچىگە دورا ـ دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ (3 ـ توم، 326 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بىر قىسىم تاماق تۈرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، «tutmaq» (تۇتماچ)نى تىلغا ئالغاندا: «تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ دەپ

قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «bizni tutm aq» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت ئۆز يۇرتىمىزغا كېتەيلى» دېگەن، زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىر مۇشۇ تاماقنى تاپقان» ④ دەپ يازغان. يەنە بىر قىسىم تاماق تۈرلىرىنىڭ تەييارلىنىش، ئېتىلىش ئۇسۇلىنى، قايسى خىل تاماقلارنىڭ قانداق مىزاج ياكى خىلتىتىكى كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، تاماقلارنىڭ شىپالىق رولىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، «ḳaɣut» (قاغۇت)نى تىلغا ئالغاندا: «تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ» ⑤ دەپ، «sarmaquk» (سارماچۇق)نى تىلغا ئالغاندا: «قۇشقاچ تىلى ئاش. سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ»⑥ دەپ، «tutmaq» (تۇتماچ)نى تىلغا ئالغاندا: «بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ» ⑦ دەپ يازغان.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «تالقان»نى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى ۋە «ئەي ئوغلۇم، ئۆگۈت ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىل، ئۆزۈڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز، تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنا قاتىدۇ، ئەقلى بولغان كىشى ئۆگۈت ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ» ⑧ دەپ يېزىشى، «تالقان»دىن ئىبارەت بۇ بوگۈنكى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىۋاتقان قۇۋۋەت يېمەكلىكىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئېسىل يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. گۆش يېمەكلىكلىرى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە گۆشتىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر ھەققىدە خېلى كۆپ ئۇچۇر - مەلۇماتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) soktu (سوقتۇ): ھېسىپنىڭ بىر خىلى. جىگەر بىلەن گۆش دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ (1 - توم، 543 - بەت).

(2) mün (مۈن): شورپا (1 - توم، 443 - بەت).

(3) tooqril (توغرىل): قېزا. ئىچىگە دورا - دەرمەكلىك گۆش تىقىلغان ئۈچەي (1 - توم، 629 - بەت).

(4) topik səŋük (توپۇق سۆڭەك): قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا (1 - توم، 492 - بەت).

(5) yərgəməq (يۆرگەمەچ): قېرىن ۋە ئۈچەينى ئىنچىكە ئۈچەيگە تىقىپ، كاۋاپ قىلىپ ياكى پىشۇرۇپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك، ھېسىپ (3 - توم، 74 -، 75 - بەتلەر).

(6) yazuk ət (يازۇق ئەت): كۈزدە ھەر خىل دورا - دەرمەكلەر بىلەن قورۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش (3 - توم، 19 - بەت).

(7) kazi (قازى): قېزا (3 - توم، 309 - بەت).

(8) səglünqü (سۆگلۈنچۈ): كاۋاپ (3 - توم، 333 - بەت).

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن گۆشتىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغىنى ئات گۆشىدىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە: «yund (يۇند): ئات، يىلقا. yund əti yipar — ئات گۆشى ئىپار، يەنى ئات گۆشى ئىپاردەك خۇش پۇراق، پىشۇرۇلۇپ سوۋۇتۇلغاندا ئۇنىڭدىن ئىپاردەك بىر خىل خۇش پۇراق كېلىدۇ»⑨. «kazi (قازى): قېزا، yund kazisi yaoq — يىلقىنىڭ قېزىسى ياغدۇر. تۈركلەر

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياغ مۇشۇ»⑩ دەپ يازغان. بۇنىڭدىن بىلىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئات گۆشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قېزىسىمۇ ئېسىل مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىنىدىغان ئېسىل يېمەكلىك بولغان.

### 3. ئىچىملىكلەر

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىكىگە دائىر ئۇچۇر ـ مەلۇماتلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى خام ئەشياسىغا ئاساسەن سۈت تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر، مېۋە تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر ۋە ئاشلىق تۈرىدىكى (ياكى ئاشلىقتىن ئىشلەپچىقىرىلغان) ئىچىملىكلەر دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) مېۋە تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مېۋە تۈرىدىكى ئىچىملىكلەردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر خاتىرىلەنگەن:

(1) uhak (ئۇخاق): ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرىنىسى، بۇ ئىچىلىدۇ (1 ـ توم، 165 ـ بەت).

(2) bor (بور): شاراب. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: bor bolmazip sirkə bolma ، شاراب بولماي تورۇپ، سىركە بولما (3 ـ توم، 167 ـ بەت).

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە تارىم ۋادىسىدىكى جايلاردا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، بېھى، ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما، ياڭاق، ئانار، ئۇجمە، چىلان، ئالۇچا، جىگدە قاتارلىق مېۋە ـ چىۋىلەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر خىل ئىچىملىكلەر ياسىلىپ ئىستېمال قىلىنغان. يۇقىرىدا «bor» ئىبارىسىگە «شاراب» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بور» سۆزى مەي ـ شارابنى كۆرسىتىشتىن سىرت يەنە «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنىمۇ بېرەتتى. مەسىلەن، «بورلۇق» (ئۈزۈملۈك باغ)،

«بورلۇقچى» (باغۋەن)⑪ دېگەندەك. «بور» سۆزى ئېنىقكى ئۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۈزۈمدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەي ـ شارابنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىنىۋاتقان، ئۈزۈمنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان «مۇسەللەس»نى كۆرسىتىدۇ.

2) سۈت تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە سۈتتىن تەييارلىنىدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئىچىملىكلەردىن تۆۋەندىكىلەر خاتىرىلەنگەن:

(1) ayran (ئايران): قېتىق (1 ـ توم، 163 ـ بەت).

(2) užitma (ئۇيۇتما): قېتىق (1 ـ توم، 195 ـ بەت).

(3) kimiq (قىمىز): تۇلۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى (1 ـ توم، 474 ـ بەت).

(4) kayak (قايماق): شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چۈجگۈن قوناق دانلىرى سىيرەكلەشتى، سۈتتىن قايماق سۈزۈلۈپ بولدى (3 ـ توم، 228 ـ بەت).

3) ئاشلىقتىن ئىشلەپچىقىرىلغان ئىچىملىكلەر

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئاشلىقتىن ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى تەييارلانغان ئىچىملىكلەردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر خاتىرىلەنگەن:

(1) qaɣir (چاغىر): ھاراق، شاراب (1 ـ توم، 470 ـ بەت).

(2) süqik (سۈچىك): ھاراق، مەي (1 ـ توم، 531 ـ بەت).

(3) bəgni (بەگنى): بۇغداي، تېرىق ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان ئىچىملىك (1 ـ توم، 565 ـ بەت).

(4) buhsum (بۇخسۇم): بوزا. تېرىقتىن ياسىلىدىغان

ئىچىملىك (1 ـ توم، 631 ـ بەت).

(5) aɵʁartɵʁu (ئاغارتغۇ): بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك (3 ـ توم، 600 ـ بەت).

**4. تەم خۇرۇچلىرى**

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يەنە ھەر خىل تەم تەڭشىگۈچلەر (دورا ـ دەرمەكلەر)گە دائىر ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن. بىزگە مەلۇمكى، تەم تەڭشىگۈچلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ تەمىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەم تەڭشىگۈچ خۇرۇچلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر خاتىرىلەنگەن:

(1) mandu (ماندۇ): بىر خىل تۈرك سىركىسىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسىنى كۈپتە ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (1 ـ توم، 548 ـ بەت).

(2) yamata (ياماتا): قويماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چىلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا شۇ خىل خېمىر سۈرتۈلىدۇ (1 ـ توم، 580 ـ بەت).

(3) kor (قور): كۆنەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كۆنەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ ياكى قىمىز ئېچىتىلىدۇ (3 ـ توم، 168 ـ بەت).

(4) sirkə (سىركە): ئۈزۈم سىركىسى.

(5) murq (مۇرچ): مۇچ، قارىمۇچ (1 ـ توم، 447 ـ بەت).

بىز بۇ تەم تەڭشىگۈچلەرنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن

يىپەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا بىرلەشتۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىلىلا ئۇستۇن يىپەك ـ ئىچمەك ماھارىتىنى ھازىرلىغانلىقىنى، تەم تەڭشىگۈچلەر (دورا ـ دەرمەكلەر)نىڭ يىمەك ـ ئىچمەكلەردە ئىشلىتىلىشىنىڭ خىلىلا ئومۇميۈزلۈك ھادىسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، شۇنداقلا يەنە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم يىمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەييارلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىلىرىنىڭ ئەنە شۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ھەم مۇئەييەن دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى قەدىمكى ئەجدادلىرى ياراتقان ئۇل ئاساسىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ھەم بېيىغان. شۇنداقلا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئىزاھلار:

① گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە يازما ۋەسىقىلىرى ھەققىدە بايان» 42 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② چىن جياخۇا قاتارلىقلار: «سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەتلەر تارىخى» 370 ـ، 371 ـ بەتلەر سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان يازما ۋەسىقىلىرى ئۇستىدە تەتقىقات» 501 ـ بەت، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

④ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 590 ـ،

591 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»1 ـ توم 528 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑥ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 683 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 590 ـ، 591 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 573 ـ، 574 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم 7 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑩ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم 309 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
⑪ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 374 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

# رايونىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقان (قازان)لار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ھەم بۇ جەھەتتە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەداشلىقىنى بىلىشىمىزدىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بىرەر دانە سايمان ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تارىخي ئەھمىيىتى بىلەن تېخىمۇ زور ئىلمي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەشكەن. رايونىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە، ھازىرغىچە رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلىپ كېلىنىۋاتقان قەدىمكى مىس داڭقانلار (قازان) ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

مىس — ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن تونۇپ يەتكەن ۋە قورال ـ سايمان ياساپ ئىشلەتكەن مېتاللارنىڭ بىرى. ئىنسانلار ئەڭ

دەسلەپ تەبىئىي مىستىن ئاددىي قورال ـ سايمانلارنى ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن. كېيىن ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قورال ـ سايمانلىرىنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى بىر دەۋرگە، يەنى مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئالىملىرى «مىس بۇيۇملارنىڭ تەرەققىيات تارىخى قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»① دەپ قارىشىدۇ. «دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8000 ـ يىللاردا مىسوپوتامىيە رايونىدىكى ئىنسانلار تەبىئىي مىستىن پايدىلىنىشنى بىلگەن. مىس تاۋلاش تېخنىكىسى بولسا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردا تۈركىيە ۋە ئىراندا مەيدانغا كەلگەن»②. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىگىچە مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى بىللە ئىشلەتكەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بىرونزا قوراللارنى ئىشلەتكەن③.

رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس داڭقانلار رايونىمىزنىڭ مىس قورال دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە يادىكارلىقلار بولۇپ، ھازىرغىچە يىغىۋېلىنغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇھىمراقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1980 ـ يىللاردا باركۆل ناھىيەسىنىڭ لەنجۇۋەنزى دېگەن يېرىدىن بىر مىس داڭقان تېپىلغان. بۇ مىس داڭقان (قازان) پارچە ـ پارچە قويۇلۇپ، كەپشەرلەش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 50.5 سانتىمېتىر، ئاغزى تۈز، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 33 سانتىمېتىر، قايرىما گىرۋەكلىك، قورساق قىسمى كېمىر شەكىلدە، تەگلىكى كاناي شەكىلدە، ئىككى

قۇلىقى بويۇن قىسمىغا ئورنىتىلغان، بويۇن قىسمى ۋە قورساق قىسمىدا قاپارتما نەقىشلەر بار. ئىككى قۇلىقى ۋە كاناي شەكلىدىكى تەگلىكى ئايرىم ـ ئايرىم قۇيۇپ چىقىرىلىپ، كەپشەرلەش ئارقىلىق داڭقان (قازان)نىڭ ئاستىغا ۋە يان تەرەپلىرىگە ئورنىتىلغان.

1981 ـ يىلى باركۆل ناھىيەسىنىڭ نەنۋەن يېزىسىدىن بىر مىس داڭقان تېپىلغان. بۇ مىس داڭقانمۇ مۇكەممەل ئەمەس. قالدۇق پارچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 26.7 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 30.3 سانتىمېتىر، ئاغزى كىچىكرەك (قورۇلغان)، گىرۋىكى يانتۇ، يۇمىلاق قورساقلىق، كاناي شەكلىدە كەلگەن تەگلىكىنىڭ قالدۇق قىسمى بار. ئىككى قۇلىقىمۇ بۇزۇۋېتىلگەن (كەمتۈك). قۇلىقىنىڭ ئاستى قىسمىدا دولقۇنسىمان قاپارتما سىزىق بار.

1980 ـ يىللاردا باركۆل ناھىيەسىنىڭ داخې يېزىسىدىن بىر مىس داڭقان تېپىلغان. بۇ داڭقاننىڭ ئېگىزلىكى 36 سانتىمېتىر بولۇپ، پارچە ـ پارچە قۇيۇلۇپ، كەپشەرلەش ئارقىلىق پۈتكۈزۈلگەن. ئاغزى چوڭ، تەگلىكى تۈز، شەكلى بىرقەدەر قوپال. ئاغزىدا ئىككى ھالقىسىمان قۇلىقى بار. قۇلىقىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قاپارتما نەقىش چىقىرىلغان، قۇلىقىدا ئويمان سىزىق بار. قۇلىقىنىڭ ئېگىزلىكى 9.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ④.

1986 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن بىر دانە مىس داڭقان تېپىلغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 75 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 39 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 26 كىلوگىرام. تېگى تۈز، ئاغزىمۇ تۈز، ئاغزىنىڭ گىرۋىكىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ قۇلاق ئورنىتىلغان. قۇلىقى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۈستىگە ئۈچ دانە موگۇ شەكىللىك نەقىش چىقىرىلغان. قۇلىقىنىڭ ئىككى يېنىغا بىردىن موگۇ شەكىللىك نەقىش چىقىرىلغان، ئاغزىنىڭ گىرۋىكىنىڭ سىرتى چاقماق نەقىش بىلەن

بېزەلگەن، پۈتى كاناي شەكلىدە بولۇپ، داشقان گەۋدىسىنى كۆتۈرۈش ۋە توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ⑤.

يەنە ئالتاي رايونىدىمۇ ئۈچ دانە قەدىمكى مىس داشقان⑥. كۆنەس ناھىيەسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى، چاپچال ناھىيەسى، گۈچۈڭ ناھىيەسى⑦ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ⑧ بىرنەچچە مىس داشقان تېپىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆنەس ناھىيەسىدىن تېپىلغىنى ئالاھىدە بولۇپ، ئۈچ پۇتلۇق، ئاغزى تۈز، قورساقلىق، قورسىقىنىڭ يۇقىرىسىدا تۆت دانە قۇلىقى بار. قۇلىقىنىڭ ئىككىسى توغرىسىغا، ئىككىسى تىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قورساق قىسمىغا ئۈچ يول سىزىقچە چىقىرىلغان.

باركۆل ناھىيەسىنىڭ نەنۇەن يېزىسىدىن تېپىلغان مىس داشقان بىلەن ئۇرۇمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان مىس داشقاننىڭ خىمىيەلىك تەركىبلىرى ئۆلچەپ چىقىلغان بولۇپ، باركۆل ناھىيەسى نەنۇەن يېزىسىدىن تېپىلغان مىس داشقاننىڭ مىس تەركىبى 94.87%، ئاليۇمىن تەركىبى 0.1% ~ 0.05، تۆمۈر تەركىبى 7.3%، قوغۇشۇن تەركىبى 3% ~ 1، قەلەي تەركىبى 0.3% ~ 0.1، سىنك تەركىبى 0.3% ~ 0.1، نىكېل تەركىبى 0.01%، مانگان تەركىبى 0.01%. ئۇ قوغۇشۇن بىلەن تۆمۈر ئارىلاشتۇرۇلغان كۆك مىس (برونزا)تىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان مىس داشقاننىڭ مىس تەركىبى 92.62%، ئاليۇمىن تەركىبى 0.001%، تۆمۈر تەركىبى 0.001%، قوغۇشۇن تەركىبى 7.3%، قەلەي تەركىبى 7.3%، سىنك تەركىبى 0.001%، نىكېل تەركىبى 0.03% ~ 0.01، مانگان تەركىبى 0.03% ~ 0.01. ئۇ قەلەي بىلەن قوغۇشۇن ئارىلاشتۇرۇلغان كۆك مىس (برونزا)تىن ئىبارەت⑨.

مەلۇمكى، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ تەبىئىي مىسنى تونۇغان ۋە ئۇنى تاۋلىغاندا، تەبىئىي مىسقا ھېچقانداق بىر مېتالنى

ئاربلاشتۇرۇشنى بىلمىگەن. پەقەت تەبىئىي مىسنى ئېرىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئاددىي قورال ـ سايمانلارنى ۋە زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ چىقالىغان، «بىراق ھېچقانداق ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورال ـ سايمانلىرىنى ياساپ چىقالمىغان»⑩. چۈنكى، تەبىئىي مىس (ئادەتتە قىزىل مىسمۇ دېيىلىدۇ)نىڭ ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، ئۆزى يۇمشاق بولغاچقا، قورال ـ سايمان ياساشقا باب كەلمىگەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭغا باشقا مېتاللارنى ئاربلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆز تەلىپىگە لايىقلىشتۇرىدىغان قىلغان. ئادەتتە، قىزىل مىسقا كۆپرەك قەلەي ۋە قوغۇشۇن ئاربلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئارخېئولوگىيەدە قەلەي ۋە قوغۇشۇن ئاربلاشتۇرۇلغان بۇنداق مىس بىرونزا(كۆك مىس) دېيىلىدۇ. بىرونزىنى (كۆك مىسنى) تەبىئىي مىسقا سېلىشتۇرغاندا مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى:

بىرىنچى، بىرونزىنىڭ ئېرىش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇپ، قىزىل مىسنىڭ ئېرىش نۇقتىسى 1083℃ بولسا، ئۇنىڭغا % 15 قەلەي ئاربلاشتۇرۇلغاندا ئېرىش نۇقتىسى 960℃غا چۈشىدۇ.

ئىككىنچى، بىرونزىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، قىزىل مىسنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى 35 بولسا، 5% قەلەي ئاربلاشتۇرۇلغاندا قاتتىقلىق دەرىجىسى 65كە يېتىدۇ.

ئۈچىنچى، بىرونزا بۇيۇملار قۇيۇپ چىقىلغاندا، ئاسانلىقچە قوتۇر (كۆرۈمسىز) بولۇپ قالمايدۇ⑪. شۇڭا، بىرونزا قورال ـ سايمان ياساشقا ماس كەلگەنلىكى ھەم يېڭى بىر ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا ۋەكىللىك قىلغىنى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا قىزىل مىسنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىدە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان»⑫.

نۆۋەتتە، بەزىلەر: «بارىكۆل نەنۋەندىن تېپىلغان مىس قازان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتىسۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ~ 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان مىس قازان بىلەن؛ بارىكۆل لەنجۇۋەنزىدىن تېپىلغان مىس قازان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆكخوت شەھىرى ئەتراپىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە مەنسۇپ خىش قۇرۇلمىلىق قەبرىدىن تېپىلغان مىس قازان بىلەن؛ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان مىس قازان دون دەرياسى، دوناي دەرياسى ساھىلىدىن ۋە فىرانسىيەدىن تېپىلغان، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان مىس قازان بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ»⑬ دەپ ھېسابلىسا، بەزىلەر: «ئالتايدىن تېپىلغان مىس قازان بىلەن بارىكۆل، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان مىس قازانلار ئوخشاش بىر تىپقا كىرىدۇ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن تېپىلغان مىس قازان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان مىس قازان ئوخشاش بىر تىپقا كىرىدۇ»⑭ دەپ قارىشىدۇ.

ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى: «كۇنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن تېپىلغان مىس قازانلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگىچە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ يادىكارلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن، مىس قازاننىڭ ياسىلىش شەكلى، ئۇسلۇبى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىمىرىچ (يەتتىسۇ)دىن تېپىلغان مىس قازانلار بىلەن تامامەن ئوخشاش»⑮ دەپ ھېسابلايدۇ.

ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا نەنسەن رايونى ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس بۇيۇملارنىڭ ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ⑯.

ئومۇمەن، تەتقىقاتچىلار رايونىمىزدىن تېپىلغان مىس

داڭقانلارنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاق رايونىدا، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلق ــ ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بولۇپ، قەدىمكى ساك مەدەنىيىتىدە ھايۋانات ئوبرازى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ساكلارغا مەنسۇپ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ساك مەدەنىيىتىنى بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالغان.

بىز قەدىمكى يۇنان، پېرسىيە ۋە ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ساكلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەداشلىقى ياكى يىلتىزداشلىقىغا دائىر خاتىرىلەرنى ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، بىراق كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن رايونىمىزدىن تېپىلىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرىغا ئاساسلىنىپ، ساك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

قەدىمدە ھايۋان پۇتى شەكىللىك پۇتى بار مىس قازانلار ساكلارنىڭ تىپىك بۇيۇمى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھۇنلار، دىڭلىڭلارنىڭمۇ تىپىك بۇيۇمى بولغان. رايونىمىزدىن تېپىلغان مىس قازانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىس قازان موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ شىمالىغا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان نويان ئۇلاھۇن قەبرىستانلىقىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ، بۇ مىس قازان (مۇكەممەل ئەمەس) قورساقلىق، بىر جۈپ قۇلىقى بار، ئاستىدا تەگلىكى بار، تەگلىكىنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى بار. بۇ مىس قازاننىڭ ئېگىزلىكى 45 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 29 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئالىملار بۇ مىس قازاننى ھۇنلارنىڭ

بۇيۇمى دەپ ھېسابلايدۇ⑰. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلار موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان ھۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ساك مەدەنىيىتى بىلەن ھۇن مەدەنىيىتى بىر مەدەنىيەت، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، دەپ ھېسابلايدۇ⑱.

قەدىمكى گىرېك تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 484 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 425 ـ يىلىغىچە ياشىغان) «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى ۋە قەدىمكى پېرسىيەدىكى ئاخمېندلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارىئوس I نىڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 522 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 482 ـ يىلىغىچە ياشىغان) تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان بىھىستون ئابىدىسىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ھەمدە ساكلار ياشىغان ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاق رايونىدىن (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن) تېپىلغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، ساكلار قەدىمدە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنى كۆپ تەڭرىلىك ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، كۆككە، ئەجدادلارغا، روھ ـ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىش شامان دىنىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ھېسابلىناتتى. ھېرودوتنىڭ ئەسىرىدە، ساكلارنىڭ ئىشتان كىيىدىغانلىقى، ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغانلىقى، ساك پادىشاھلىرىنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان ھەر خىل ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ بارلىقى، بەلبېغىغا ئالتۇن قەدەھ ئېسىۋالىدىغانلىقى، ئۆلگەندىن كېيىن ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار ئاخىرەتلىك قىلىنىدىغانلىقى، ئاتنى ئىلاھلار ئارىسىدا ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان قۇياش تەڭرىسىگە ماسلىشالايدۇ، دەپ قاراپ نەزىر ـ چىراغدا قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى⑲ بايان

قىلىنغان. بىز ساكلاردىكى بۇ ئەنئەنىنىڭ ھۇنلار ۋە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى(شەرقىي ئۇيغۇرلار)دىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كىلاسسىك يازما ماتېرىياللاردىن بىلەلەيمىز. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە»دە، ھۇنلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، ھەر يىلى 1 ـ ئايدا تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغانلىقى، 5 ـ ئايدا ئەجدەربالىق شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن، روھ ـ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىدىغانلىقى، كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە دەيلىن ئورمانلىقىغا يىغىلىپ، ئادەم، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ سانىنى ئالىدىغانلىقى، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھەر تاڭدا بارگاھىدىن چىقىپ كۈنگە قاراپ تەزىم قىلىدىغانلىقى، ئاخشىمى ئايغا قاراپ تەزىم قىلىدىغانلىقى، ھۇنلارنىڭ ئۆلۈكنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بىللە دەپنە قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى⑳ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە»دىكى «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تارىخىي داستان «ئوغۇزنامە»دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ تەڭرىگە (كۆك تەڭرىگە) سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ كۈندىنمۇ نۇرلۇق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىكەنلىكى، ئاسماندىن چۈشكەن نۇر ئىچىدىن بىر گۈزەل قىزنىڭ پەيدا بولغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەنلىكى، يەنە ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز... دەپ ئىسىم قويغانلىقى ئېيتىلغان㉑. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ھۇن، ساكلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ يادىكارلىقلىرىدا مۇئەييەن ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ساكلارنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق، پۇتىغا قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە كەمەر (بەلباغ) باغلاپ، يېنىغا پىچاق ئېسىپ يۈرىدىغانلىقىغا ئوخشاش، ھۇنلار، تۈركلەر، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ھەم تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەرمۇ بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق، پۇتىغا قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، كەمەر (بەلباغ) باغلاپ، پىچاق ئېسىپ يۈرگەن. بۇنداق ئادەت ھېلىھەم ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت.

شۇڭا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقىنىمىزدا، رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان ئاستىدا تەگلىكى بار ياكى ئۈچ پۇتلۇق كەلگەن قەدىمكى مىس قازانلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزغا، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولغان ھۇن، ساكلارغا ئورتاق بولغان بۇيۇم بولۇپ، قەدىمكى مىس قازانلار ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنى ساكلارنىڭلا بۇيۇمى دەپ تونۇماستىن، بەلكى ھۇنلارنىڭمۇ بۇيۇمى دەپ تونۇپ، ساك مەدەنىيىتىنى ھۇن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋېتىپ تەتقىق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىزاھلار:

① ما چېڭيۈەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگونىڭ بىرونزا بۇيۇملىرى» 10 ـ بەت، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② ③ «جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەسى» (خەنزۇچە) نىڭ «ئارخېئولوگىيە» قىسمى 17 ـ، 343 ـ، 533 ـ بەتلەر.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسىدىن تاللانما ماقالىلەر» 4 ـ توپلام 230 ـ بەت.

⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1993 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان 188 ـ بەت.

⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسىدىن تاللانما

ماقالىلەر» 4 ـ توپلام 221 ـ بەت، 2 ـ توپلام 149 ـ بەت.

⑦ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭ رايونىدىكى بىرونزا دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەھلىل»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑧ مۇ شۈنيىڭ: «10 يىلدىن (1979 ـــ 1989) بۇيان شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ئېرىشىلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان 51 ـ بەت.

⑨⑬ ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى 10 يىلدا تېپىلغان بەزى مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان 11 ـ، 14 ـ بەتلەر.

⑩ سونبىيچىڭ (ياپونىيە): «جۇڭگو: ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت» 25 ـبەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑪ جاڭ جىخېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ـ سىدىن ئومۇمىي بايان» 6 ـ بەت، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑫ «جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيەسى»(خەنزۇچە)نىڭ «ئارخېئولوگىيە» قىسمى 399 ـ بەت.

⑭⑱ جاڭ جىياۋ: «ئالتاي ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى بىلەن شەرقىدىكى ساك، هۇن مەدەنىيىتى»، «يايلاق يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» 99 ـ، 102 ـ بەتلەر، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑮ ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىي ئىزلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1985 ـ يىللىق 2 ـ سان 114 ـ بەت.

⑯ ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى(ئۇيغۇرچە) 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان 78 ـ، 79 ـ بەتلەر.

⑰ لىن جۈنشيۇڭ (ياپونىيە): «ئاسىيا ـ ياۋروپا يايلىقىدىكى

قەدىمكى ئاتلىق مىللەتلەر»، «غەربىي شىمال 2 ـ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(خەنزۇچە) 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان 70 ـ بەت.

⑲ ھېرودوت: «تارىخ» 432 ـ، 435 ـ بەتلەر، سودا باسمىخانىسى 1959 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑳ سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 402 ـ، 403 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉑ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ــ ئوغۇزنامە» 44 ـ، 45 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

# قەدىمكى قەشقەر مەدەنىيىتى

## 1. قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى

قەشقەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر بولۇپ، قەدىمدە يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى①. قەشقەر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان، جۈملىدىن «خەننامە»، «ۋېينامە»، «سۈينامە»، يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا «سۇلى بەگلىكى» (疏勒国) دەپ ئاتالغان؛ «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا «جېشى» (竭石) دېيىلگەن؛ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت»دە «جېچا» (竭叉) دېيىلگەن؛ «ساڭرام خاتىرىلىرى»، «راھىبلار تەرجىمىھالى»، «راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى»دا «شالى» (沙勒) دېيىلگەن؛ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە «چۇشا ئېلى» (佉沙国) دېيىلگەن؛ «بەش ئەتەنكەك ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى»دە «جياشى چىلى» (伽师祇离) دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «چىسىخېر» (乞思合兒) دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ياللۇغ شىلان تەزكىرىسى»دە «كېشى خالى» (可失哈里) دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. خېسىلەيلى تەزكىرىسى»دە «كېشى خائېر» (可失哈耳) دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى»دا «كېشى خائېر» ۋە «خېشى خائېر» دېيىلگەن؛ « مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا «خاشى خائېر» (哈实哈兒) دېيىلگەن؛ «غەربىي يۇرتقا سەپەر خاتىرىسى» دا «خاشىخا» (哈失哈) دېيىلگەن؛ يەنە «ماۋۇريا خانلىقى (توز خانلىقى) دەستۇرى»دا «كاشا» (khasa) دېيىلگەن بولۇپ، سامكا بولۇ تەرىپىدىن

تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىدا «جىيا شى»(迦舍)دەپ ئېلىنغان②.

نۆۋەتتە، ئالىملار قەشقەرنىڭ خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردىكى «سۇلى» دەپ ئاتىلىشىنى «سوغلاق» ياكى «سوغداق» دېگەن مىللەت نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «سۇلى» (suli) ياكى «سۇلىق» (sulik) دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ③. يەنە «جېشى، جېچا، شالى، چۇشا، جياشى» دېگەندەك ناملارنى «كەش» ياكى «كاش» دېگەن نامنىڭ سەيياھلار تەرىپىدىن ھەر خىل ئاتىلىشى، شۇەنزاڭ بۇ شەھەرنى «چۇشاگو» دەپ ئاتىغان، بۇ «كەش بالىق»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى، «كاشغەر» دېگەن ئىسىم «كاش» بىلەن «غار» دېگەن ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن، قەدىمكى ساك تىلىدا «غارى» دېگەن سۆز رايون، مەملىكەت ياكى شەھەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «غار»نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلىپ، كاشغەرنى «كەش بالىق» دەپ ئىپادىلىگەن، دەپ ھېسابلايدۇ④.

ۋېنگرىيەلىك ئالىم ج. فارماتتا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»دېگەن ئەسەردە قەشقەر دېگەن نامنىڭ قەدىمى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى ئىچىدىكى ھىندى ـ ئىران تىلىغا (يەنى ئارىيان تىلىغا) مەنسۇپ نام ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى «كاستىپ» دېگەن خەلق (مىللەت) نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ⑤.

قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «خەننامە»دە ئۇچرايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «قەشقەر بەگلىكىنىڭ مەركىزى قەشقەر شەھىرى، بۇ يەردىن چاڭئەن شەھىرىگە 9350 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1510 تۈتۈن، 18 مىڭ 647 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 2000 نەپەر. بۇ بەگلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2210 چاقىرىم،

جەنۇبىدىن ساكارائۆلغا (يەركەنگە) 560 چاقىرىم كېلىدۇ، بازارلىرى بار. ئۇ غەربتە ئۇلۇغ توخرىلار، پەرغانە ۋە كانگىيە قاتارلىق ئەللەرگە بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان»⑥ دېيىلگەن بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى «ئەينى دەۋردە هازىرقى پەيزاۋات، يوپۇرغا، يېڭىسار، كونىشەهەر ۋە يېڭىشەهەر ناهىيەلىرىنى ۋە ئاقتۇ ناهىيەسىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»⑦. ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە قەشقەر هەققىدە توختىلىپ: «Kend: كەنت، شەهەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەهەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەهەرنىڭ هاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»⑧ دەپ مەلۇمات بەرگەن. پارسلارنىڭ مەشهۇر ئەسىرى «شاهنامە»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئافراسىياپ قەدىمكى تۇرانلىقلارنىڭ ئالىپ ئەرتوڭا دەپ ئاتىلىدىغان پادىشاهى بولۇپ، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن پېرسىيە ئاخمېنىدلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاهى كەيخىسراۋ بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان هەم بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلۇپ كۈچەيگەن.

قەشقەر بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگىچە ئاساسەن هۇنلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. مىلادىيە 33 ـ يىلىدىن 75 ـ يىلىغىچە بىر مەزگىل ساكارائۆل (يەكەن)، ئۇدۇن ۋە كۈسەن بەگلىكلىرى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن كېيىن، يەنى 3 — 4 ـ ئەسىرلەردە ناهايىتى كۈچىيىپ ئۆز ئەتراپىدىكى جىنجۈك،

ساكارائۇل (يەكەن)، جىبشى (كەش)، يولئىرىق (قاغىلىقنىڭ غەربى، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)، سىغناق (تاشقورغاننىڭ جەنۇبىدا)، يىرو (تاشقورغاندا)، يۇلىڭ، جۇەندۇ (ئۇلۇغچاتنىڭ شىمالى)، ئىركەشتام (ئاقتۇنىڭ غەربىي قىسمى) ۋە سارىقول (تاشقورغان) قاتارلىق ئون نەچچە بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ غەربىي يۇرتتىكى بىرقەدەر چوڭ ئەلگە ئايلانغان⑨، نەتىجىدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە زېمىن دائىرىسى ئاساسلىقى هازىرقى قەشقەردىن مارالبېشىغىچە بولغان قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، بۇ دەۋردە زېمىن دائىرىسى كېڭىيىپ «ئاساسىي جەھەتتىن هازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»⑩. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى 7 ـ ئەسىرگىچە هازىرقى مارالبېشىنىڭ غەربىدە بولغان بولسا، 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە هازىرقى قەشقەر ئەتراپىدا بولغان.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن قەشقەر بەگلىكى تۈرك خانلىقىنىڭ هامىيلىقىغا ئۆتكەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قۇتلۇق قاغان هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن قەشقەر بەگلىكى ئاساسەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. «ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە قەشقەر دېگەن نام تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، بىراق ئۇ يەر نامى سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئەسلىدىكى قەشقەر بەگلىكىنى كۆرسەتمىگەن»⑪.

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاهالىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. لېكىن، تا هازىرغىچە مەيلى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى بولسۇن ياكى مەملىكىتىمىز تەتقىقاتچىلىرى بولسۇن بۇ مەسىلىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق. بەزىلەر قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاهالىسى سوغدلار ئىدى، قەشقەرنىڭ سۇلې دېگەن نامىمۇ ئەنە شۇ سوغد دېگەن مىللەت

نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ساكلار ئىدى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ساك ۋە چاڭلار ئىدى، دەيدۇ. ئىلمىز ئالىمى مېي سۇن ئەپەندىنىڭ يېڭى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنى قەدىمكى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتاش توغرىدەك قىلىدۇ.

20 ـ ئەسىردىن باشلاپ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ قەشقەر رايونىدىكى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالىملار قەدىمكى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىل ـ يېزىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تىلىنى قەدىمكى ساك تىلى ياكى ساك تىلىنىڭ بىر خىل شېۋىسى دەپ قارىسا، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇدۇن تىلى بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتى بولغان ئىران تىلىغا تەۋە، بىراق ئۇ يەرلىك تىل دەپ قارىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن ساك تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى «تۇمشۇق تىلى» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە، 1897 ـ يىلىلا رۇسىيەلىك پېتروۋسكى ئۇنى قەدىمكى قەشقەر تىلى دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1992 ـ يىلى قارۇشتى يېزىقى تەتقىقاتچىلىرى تۇمشۇق ۋە توققۇزسارايدىن تېپىلغان بارلىق يازما ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى يەنە خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، قەدىمكى قەشقەر تىلى دەپ ئاتاشنىڭ ئىلمىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 2. قەدىمكى قەشقەر مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەردە كونا تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى باشلانغان. تاشقورغان ناھىيەسىدىن بايقالغان جىرغال كونا تاش قورال ئىزى بىلەن ئاتۇشتىن تېپىلغان «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا

ئايلانغان سۆڭىكى بۇنىڭ ماددىي ئىسپاتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، قەدىمكى قەشقەر بەگلىكى ئەينى دەۋردە ئاجايىپ مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىپ كەلتۈرگەن، شۇڭا قەدىمكى قەشقەرنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى بۇرۇنلا چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ، ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بۇ سىرلىق قەدىمكى مەدەنىيەتنى بايقاش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇن قەشقەر رايونىغا كېلىپ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ۋە يىغىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئەنگلىيەلىك فورسىس بولغان. ئۇ ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ پەنجاپ رايونىدا تۇرۇشلۇق مۇلكىي ئەمەلدار بولۇپ، 1869 ـ يىلىدىن 1874 ـ يىلىغىچە ئىككى قېتىم ئۆمەك باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، «بەدۆلەت خانلىقى» (ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى) بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى باھانە قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يىغقان ھەم تورغات ئېغىزى (ئۇلۇغچات)، سارىقول جىلغىسى قاتارلىق جايلاردا ئۆلچەش، چارلاش ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەرنى تەكشۈرگەن، كېيىن قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «دەشت ـ باياۋاندىكى قۇملۇققا كۆمۈلگەن شەھەر توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتىنى يېزىپ ئەنگلىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر رايونىغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان كىشى رۇسىيەلىك پېتروۋسكىي بولغان. ئۇ ئەسلىدە چاررۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولۇپ، ۋەزىپە

ئۆتكەن مەزگىلدە ھەرقايسى تەرەپلەرگە قاتراپ قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يىغقان. يەنە قەشقەردىكى مور بۇددا مۇنارى، توققۇز ھوجرا ئۆڭكۈرى (ئۈچ پەرىشتە ئۆڭكۈرى)، كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى ۋە قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى خارابە ـ ئىزلارنى تەكشۈرگەن. ئۇ يەنە قەشقەردە بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان سانسكرىت تىلىدىكى «ساددارما پۇنداريكا سۇترا» ۋە قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى قەشقەر تىلىدىكى «دارما سۇترا» قاتارلىق بۇددا دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنى ۋە بىر قىسىم بۇددا دىنىغا مەنسۇپ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان. كېيىن ئۇ قەشقەردىن ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى» ۋە «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىنى يېزىپ، «چاررۇسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ شەرق مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلغان.

چەت ئەللىكلەردىن شىنجاڭغا كېلىپ قەدىمكى قەشقەر مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق تەكشۈرگەن ۋە قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىپ تەتقىق قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ستەيىن، لىكوك ۋە پېللىئوت قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەسلى ۋېنگرىيەدە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاۋرېل ستەيىن 1900 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدە ئۈچ قېتىم قەشقەرگە كەلگەن. بىرىنچى قېتىم 1905 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شۆەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا باسقان يولنى بويلاپ 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھەم بۇ يەردە ئىككى ئايغا سوزۇلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى

ئېلىپ بارغان. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان قورغانتام خارابىسىنى (شەھەر خارابىسى) تەكشۈرگەن. بۇ خارابە تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى جايلاشقان چىنىباغ بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، دائىرىسى 48×38 مېتىر كېلەتتى. خارابىلىكنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، كېسەكتىن ياسالغان، ئاستى چاسا شەكىلدە، ئۈستى يۇملاق شەكىلدە ئىدى. بىراق، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنىدى. بۇ خارابىلىكتىن ساپال پارچىلىرى، يارماقلار تېپىلغان، ئۇنىڭ بىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يارمىقى بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ خارابىنىڭ دەۋرىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ستەيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 3.2 كىلومېتىر كېلىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قىزىل تۆپە خارابىسىگە كېلىپ، بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇمۇ بىر ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، ياسىلىش قۇرۇلمىسى قورغانتامغا ئوخشايتتى. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 39 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 32.4 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر كېلىدىغان تۆپىلىكنىڭ (توپا دۆۋىسى) ئۈستىگە ياسالغانىدى. بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى ئەسلىدە چاسا شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇددا مۇنارى جايلاشقان تۆپىلىكنىڭ غەربىگە 15 مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر خارابە ئىزى بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇ يەرنى كىچىك تۆپە دەپ ئاتىغان.

كېيىن ستەيىن كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 32 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇ بۇ

خارابىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن بىر بۇددا دىنى خارابىسىنى تاپقان. يەرلىك كىشىلەر «توپاتام» دەپ ئاتايدىغان بۇ خارابە ئىككى ئىزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بۇددا مۇنارى ئىدى. بۇ كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، يۇمىلاق شەكىلدە، ئۇلى (ئاستى) چاسا شەكىلدە، ئېگىزلىكى 8.4 مېتىر، ئايلانمىسى 9.6 مېتىر كېلەتتى، خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. يەنە بىرى ساراي ئىزى بولۇپ، مۇنارنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 78 مېتىر، كەڭلىكى 51 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.4 — 3 مېتىر كېلەتتى. مۇنار بىلەن بولغان ئارىلىقى 13.5 مېتىر كېلەتتى.

ئاخىرىدا ستەيىن «توپاتام» خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 6.4 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى تاپقان. بۇ خارابىلىك ئۇزۇنلۇقى 152.4 مېتىر، كەڭلىكى 45.72 مېتىر كېلىدىغان بىر تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە بىر بۇددا مۇنارى بار ئىدى. بۇ مۇنار كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، ئاستى (ئۇلى) پەلەمپەي شەكىلدە، ئۈستىگە ئىككى يۇمىلاق مۇنار ياسالغان، مۇنارنىڭ ئۇچى بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئېگىزلىكى يەنىلا 11.58 مېتىر كېلەتتى. بۇ مۇنارنىڭ غەربىي شىمالىغا 61 مېتىر كېلىدىغان جايدا كەڭلىكى 21.3 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان خېلى چوڭ ئىبادەتخانا خارابىسى بار ئىدى. ستەيىن بۇ خارابىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە مۇنار بىلەن ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئۈچ ئۆي ئىزىنى تاپقان ھەم ئۇنىڭغا G ئۆي، D ئۆي ۋە E ئۆي دەپ بەلگە قويۇپ چىققان.

ستەيىن يۇقىرىدىكى بەش ئورۇننى تەكشۈرۈش جەريانىدا گەرچە ھېچقانداق مۇھىم يادىكارلىققا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ،

بىراق ئۇلارنىڭ ياسىلىش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇددا دىنى خارابىلىرى دەپ تونۇپ، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، خوتەن، ئەندىر ۋە تۇرپانلاردىكى شۇ خىلدىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن سېلىشتۇرغان.

1906 ـ يىلى سىنتەبىر 2 ـ قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، ئۇستۇن ئاتۇشتىكى «خاقانىنىڭ شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى ۋە توققۇز ھۇجرا ئۆڭكۈرىنى تەكشۈرگەن. «خاقانىنىڭ شەھىرى» خارابىسى ئاتۇش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېگىزلىكى 9.6 مېتىر كېلىدىغان، كېسەكتىن ياسالغان بىر بۇددا مۇنارى بار ئىدى. مۇنارنىڭ ئۇلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدە قانچە قەۋەت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن ئىدى. مۇنارنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىككى گۇرۇپپا كىچىك قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى 7.6 سانتىمېتىردىن 12.7 سانتىمېتىرغىچە ئىدى. ئۇلارمۇ كېسەكتىن ياسالغان، كېسەكلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى مۇنار كېسىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مۇنار بىلەن بولغان ئارىلىقى 151 مېتىر كېلەتتى. بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان قورۇق تامىنىڭ ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر كېلەتتى. يەنە بىرىنىڭ مۇنار بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 مېتىر كېلەتتى. بۇ قۇرۇلۇش ئىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە دائىرىسى 5.4 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى كىچىك مۇنار بار ئىدى.

ستەيىن «خاقانىنىڭ شەھىرى» خارابىسىدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ خارابىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر كېلىدىغان توققۇز ھۇجرا ئۆڭكۈرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان. توققۇز ھۇجرا ئۆڭكۈرى قەشقەرنىڭ شىمالىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بەشكېرەم دەرياسىنىڭ

جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكى 30 ـــ 40 مېتىر كېلىدىغان تىك يارغا جايلاشقان، ئۈچ غار (ئۆڭكۈر) ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار شەرقتىن غەربكە قاتار ئورۇنلاشقانىدى. ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئارقا ھۇجرىسىدا ساكيامۇنىنىڭ ئولتۇرغان ھالەتتىكى تاش ھەيكىلى بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر كېلەتتى. قالغان ئىككى ئۆڭكۈرنىڭ ئارقا ھۇجرىسىدا ھېچقانداق ھەيكەل يوق، بىراق ھەربىرىدە تاش پەشتاق بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.3 مېتىر كېلەتتى. ئەسلىدە ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ تورۇسىغا ۋە ئارقا ھۇجرىسىنىڭ شەرقىي، غەربىي تاملىرىغا رەسىملەر سىزىلغان بولۇپ، پەقەت شەرقىي تەرەپتىكى ئۆڭكۈردىلا تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغانىدى.

ستەيىن توققۇز ھۇجرا ئۆڭكۈرنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاتۇش دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى باچاڭ ئاغلا دېگەن جايدىن يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن دۆلدۆل ئاغۇر دەپ ئاتىلىدىغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر ئىبادەتخانا خارابىسىنى تاپقان. بۇ خارابىدە بىر بۇددا مۇنارى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كېسەكتىن ياسالغان، ئۇلىنىڭ دائىرىسى 4.2 كىۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 2.1 مېتىر كېلەتتى. ستەيىن بۇ يەردىن بىر دانە سەنئەت بۇيۇمىنى تېپىۋالغان.

ستەيىن قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1908 ـ يىلى مارالبېشىغا كېلىپ تۇمشۇق خارابىسى، توققۇزساراي خارابىسى، چوڭ تىم خارابىسى ۋە لەيلى تاغ خارابىسى قاتارلىق خارابە ـ ئىزلارنى تەكشۈرگەن. بىراق، ئۇلارنى چوڭقۇر قازماي، پەقەتلا خارابىلەرنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەن، لېكىن لەيلى تاغ خارابىسىدىن ئالتە دانە سەنئەت بۇيۇمىنى قولغا چۈشۈرگەن.

1913 ـ يىلى ستەيىن 3 ـ قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشىدىكى تۇمشۇق تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27.2

كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى لەيلى تاغ خارابىسىنى مەخسۇس تەكشۈرگەن ھەم ياندىش كەلگەن بەش ئۆي ئىزىنى قازغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 3 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزى ئەڭ چوڭ بولۇپ، دائىرىسى 15 × 22.8 مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بىر مۇنار ئۇلى بولۇپ، دائىرىسى 6×10.8 مېتىر كېلەتتى. 2 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزى 3 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 7.8×14.4 مېتىر كېلەتتى. 3 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزىنىڭ جەنۇبىغا 27 مېتىر كېلىدىغان يەردە 5 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزى بولۇپ، دائىرىسى 6.9×15.9 مېتىر كېلەتتى. ستەيىن ئەينى چاغدا بۇنى راھىبلار ئۆيى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. 2 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزىنىڭ غەربىي شىمالىغا 27 مېتىر كېلىدىغان يەردە 4 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزى بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى 5 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىزىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ستەيىن لەيلى تاغ خارابىسىدىن 20 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قېزىۋالغان. ئۇلار ئاساسلىقى بۇددا ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرى ۋە بىرونزىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى بولۇپ، تۇمشۇقتىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، ستەيىن بۇ خارابىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇ يەنە فىرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس چاۋانىسنىڭ «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۆز دوكلاتىدا توققۇزساراي قەدىمكى شەھىرىنى «كونا تاڭنامە. گاۋشيەنجىنىڭ تەرجىمىھالى»دە تىلغا ئېلىنغان جۇشىدى شەھىرى(据史德) دەپ ئوتتۇرىغا قويغان⑫.

ستەيىندىن كېيىن، فىرانسىيەلىك پائۇل پېللىئوت 1906 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەرگە كېلىپ توققۇزھوجرا ئۆڭكۈرى (ئۈچ پەرىشتە ئۆڭكۈرى) بىلەن مور بۇددا مۇنارىنى ئۇقتىلىق تەكشۈرگەن. بىراق، ئۇمۇ ستەيىنگە ئوخشاش بۇ

يەردىن ھېچقانداق مۇھىم يادىكارلىقلا ئىرىشەلمىگەن. لېكىن، ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان قۇشتۇگىمەن دېگەن جايدىن بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى تاپقان. بۇ ئىبادەتخانا خارابىسى بۇددا مۇنارى ۋە قەسىر (ساراي)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىن تاسادىپىيلا بىراھمى يېزىدىكى بىر ياغاچ پۈتۈكنى تېپىۋالغان، بۇ شۇ چاغلاردا قەشقەر ئەتراپلىرىدىن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق تېپىلغان بىردىنبىر قەدىمكى ھۆججەت ئىدى.

1906 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە پېللىئوت مارالبېشىدىكى توققۇزساراي خارابىسى ۋە تۇمشۇق خارابىسىگە كېلىپ، بۇ خارابىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تىك يارنىڭ ئاستىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنى قازغان. ئۇ بۇ يەردە يەرلىك دېھقانلاردىن 30 نەچچە ئادەمنى ياللىۋېلىپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ۋە قېزىپ، ھەر خىل قەدىمكى ئاسارىئەتىقىلەردىن 400 نەچچىنى يىغىۋالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى قەندىسەھەر ئۇسلۇبىدىكى رەڭلىك ھەيكەللەر (لايدىن ياسالغان)، قاپارتما نەقىشلەر ۋە ئىنتايىن نەپىس تام رەسىملىرى ئىدى. ئۇ يەنە بىراھمى يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى 30 پارچىغا يېقىن تېكىستنى تاپقان، يەنە بەش جۇلۇق يارماق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭنىڭ جۇڭباۋ يارمىقىنىمۇ تاپقان. پېللىئوت ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى (شاگىرتى) ھامبىس كېيىن توققۇزساراي خارابىسىدىكى ئىزلارنىڭ دەۋرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ، A نومۇرلۇق ئىزنى مەركەز قىلغانلارنىڭ يىل دەۋرى 4 — 5 ـ ئەسىرگىچە، B نومۇرلۇق ئىزنى مەركەز قىلغانلارنىڭ يىل دەۋرى 6 — 7 ـ ئەسىرگىچە، D نومۇرلۇق ئىزنى مەركەز قىلغانلارنىڭ دەۋرى 8 — 9 ـ ئەسىرگىچە دەپ بېكىتكەن. پېللىئوتنىڭ

توقـقوزساراي خارابـىسى ۋە تۇمـشۇق خارابـىسى توغرىـسىدىكى مـەلـۇماتلـىـرى دۇنيانـى زىـلزىلـىـگە سالـغـان ھەم ھەر خـىـل مەقسـەتـتىكـى نۇرغۇن كىـشـىـلـەرنـى بۇ يەرگـە كـېـلـىـشـكـە قىزىقتۇرغان.

پىللىئوتتىن كېيىن گېرمانىيەلىك ئالبېرت ۋون لىكـوك 1913 ـ يـىـلـى ئۆمـەك بـاشلاپ قەشـقـەرگە كېـلـىپ تۇمـشۇق خارابىسىنى قازغان. ئۇ بۇرۇن ئۈچ قېتىم شـىـنجاڭـغا كەلگـەن بولـسـىمۇ قـەشـقەرگە قـەدەم بـاسـمـىغـانـىدى. بۇ قـېـتـىـم ئـۇ خـىـزمىتـىـنىڭ مۇھـىـم نۇقتـىـسىـنـى توقـقـۇزسـاراي قەدىمـكـى شەھـىـرىنىڭ جـەنۇبىدىكى تۇمـشۇق تېغـىـنىڭ تـۆۋىـنىدىكـى ئىبادەتـخانا خارابـىـسىگـە قارىتـىـپ، بۇ يەردىـن جـەمئـىـي ئـۈچ يۇرۇش قۇرۇلـۇش ئىزىـنى قازغان. 1 ـ يۇرۇش قـۇرۇلۇشنىـڭ مـەركىزىـدە يـۇمىلاق بـۇددا مـۇنارى بولـۇپ، ئـۇلى تۆت چـاسـا شەكـىلدە، تـېـپـىـلـغـان ھەيكـەلـلـەرنىـڭ ھـەمـمـىـسـى قەندىـھـەر ئـۇسلۇبـىـدا ئىدى. شەرقـىـي تەرىـپـىدىكى قـۇرۇلۇشنـىـڭ دەۋرى بىرقەدەر كېيىن بولـۇپ، بـىـر قـىـسمى ئېـھـتـىمال قـاراخانـىيـلار دەۋرىگىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تۇمشۇقتىكى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر قەدىمكى ئىبادەتخانا بولۇپ، قېزىلىشتىـن بۇرۇن يەر ئۈستىدە ھېچقانداق يادىكـارلىق يوق ئىدى. لىكـوك بۇ يەردىن بـۇددا مۇنارىنـىـڭ ئۇلـىـنى، ئىبـادەتخانا قـەسرىـنـىـڭ ئۇلـىـنى بايقـىـغان ۋە قەنـدىـھەر ئۇسـلـۇبىدىـكـى ھەيكـەل، تـام رەسىملىرىنى ھەم بىراھمى يېزىقىدىكى تېكىستـنى ۋە يىـپـەك توقۇلما بۇيۇملارنى تېپىۋالغان. كېـيـىن ئۇ دۆلىتىـگە قايتقاندىن كېيىن تۇمشۇقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلار توغـرىسىدا دوكـلات ئېلان قىلغان. نورۋېگىيەلىك تىلشۇناس كونوف كېيىن لىكـوك تۇمشۇقتىن تاپقان بىراھمى يېزىقىدىكى تېكىستلەرنـى يېشـىـپ ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ توختـام تېكىـستلـىـرى ئىـكەنلىـكىنى ئـوتتۇرىـغا قويغـان. ئـۇنىڭ ئـىـچىدىـكـى 2 ـ

نومۇرلۇق تېكىستتە مەزكۇر جاينىڭ (يەنى تۇمشۇقنىڭ) نامى «ۋاناسى» (wanaci) دېيىلگەن بولۇپ، كېيىن ئېلىمىزنىڭ قارۇشتى يېزىقى تەتقىقاتچىسى لىن مېيسۇن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغان قەشقەرنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى مۇھىم شەھىرى بولغان پەنتو شەھىرى مۇشۇشۇ دەپ قارىغان . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مارالبېشىدىكى توققۇز ـ ساراي قەدىمكى شەھىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر بەگلىكىنىڭ كاۋانتا شەھىرى بولغان بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر بەگلىكىنىڭ جۇشىدى شەھىرى بولغان.

1927 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ، 1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق تېغىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ئۈچ ئۆي ئىزىنى ۋە بىر راھىب قەبرىسىنى بايقىغان. قەبرىدىن رەڭلىك ساپال كوزا، يىپەك توقۇلما بۇيۇم ۋە بىراھمى يېزىقىدىكى بىر ۋاراق تېكىست تېپىلغان (كېيىن لىن مېيسۇن خۇاڭ ۋېنبى ئېلان قىلغان تېكىستكە ئاساسلىنىپ، بۇ تېكىستنىڭ غەربىي توخرى تىلىدا يېزىلغان ھېسابات ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى). ئۆي ئىزىدىن لايدىن ياسالغان ئالتە دانە بۇددا ھەيكىلى ۋە بىر دانە كۇسەنچە ـ خەنزۇچە يارماق تېپىلغان⑬. بۇ مەملىكىتىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ تۇمشۇق خارابىسىنى تۇنجى قېتىم قېزىشى ئىدى.

كېيىن خۇاڭ ۋېنبى يەكەن قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇددا دىنىغا دائىر يادىكارلىقلارغا ئېرىشەلمىگەن. 1928 ـ يىلى قاغىلىقتا كېلىپ تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوششارباش

يېزىسىنىڭ بورا (بۇلۇك) كەنتىدىن بۇددا دىنىغا دائىر ئۆيمىلارنى ۋە تاش غارلار (ئۆڭكۈر)نى تاپقان. بۇ ئۆيمىلار ئۇلۇغ ئۆستەڭ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تىك يارنىڭ ئۇستىدە بولۇپ، قىزىل سىزىقچىلار ئارقىلىق پەلەمپەيسىمان شەكىل (باسقۇچ) چىقىرىلغان. ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر كېلەتتى. مۇشۇ جايدىن غەربكە تەخمىنەن 100 قەدەم ماڭغاندا، تىك يارنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە خۇددى پەرسىزاتلار سىياقىدىكى تاش ئۆيمىلار بار ئىدى. بورا (بۇلۇك) كەنتىدىن شەرققە قاراپ ئۈچ چاقىرىم ماڭغاندا بىر تاش غار (ئۆڭكۈر) بولۇپ، ئۇنىڭغا تەخمىنەن 100 ئادەم سىغاتتى. بۇ تاش غاردا ھېچقانداق رەسىملەر ساقلىنىپ قالمىغان بولۇپ، پەقەت تاش ئۆيمىلارنىڭ ئىزلىرىنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قاغىلىقتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى يەنە بىر چوڭ ئىش چىپان مىڭئۆيىنىڭ تېپىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چىپان مىڭئۆيى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى چىپان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تىك يارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە 10 ئۆڭكۈر (غار) ساقلىنىپ قالغانىدى. خۇاڭ ۋېنبى شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىزىنى تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم كەمتۈك تام رەسىملىرىنى تاپقان، بۇ غارلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزلىق بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ دائىرىسى 4.4×3.9 مېتىر، ئەڭ كىچىكىنىڭ دائىرىسى پەقەتلا ئىككى كىۋادرات مېتىر كېلەتتى. غار ئىچىدىكى تام رەسىملىرى تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن 3.5 مېتىرغىچە كېلەتتى. غارنىڭ تورۇسى ئەگمە شەكىلدە ئىدى. ئەڭ يۇقىرىغا جايلاشقان بىر غاردا بىر قىسىم كەمتۈك رەسىملەر ساقلىنىپ قالغانىدى⑭.

1928 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى يەنە قەشقەر ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەشقەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى توپاچىن ۋە خىتاي چىن خارابىلىرىنى تەكشۈرگەن. توپاچىن شەھىرى خارابىسىنىڭ ئايلانمىسى 363 مېتىر بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان سېپىل ئىزىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى، كېسەكتىن قوپۇرۇلغانىدى. بىراق، ھېچقانداق يادىكارلىق تېپىلمىغان. خىتاي چىن شەھىرى خارابىسى بولسا توپاچىن شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 67 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بولۇپ، دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ، توغرىسىغا 30 چاقىرىم كېلەتتى. خارابىنىڭ ئەتراپىدا تۇرلار ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. بۇ يەردىن نۇرغۇن كىچىك مىس يارماقلار ۋە ساپال پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، خۇاڭ ۋېنبى ئۇلارنى كۇچانىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان ھەم بۇ خارابىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خارابە، بۇ ئېھتىمال تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان⑮. بىراق، يېقىنقى يىللاردا مېي سۇن ئەپەندى قەشقەر شەھىرىدىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ 7 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى پايتەختى مارالبېشىنىڭ غەربىدە، 8 ـ ئەسىردىن كېيىنكى پايتەختى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆۋىنىدە بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى⑯.

1950 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭراق كۆلەمدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى تۆۋەندىكىچە:

1959 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگلار بىرلىكتە مارالبېشىدىكى توققۇزساراي قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈپ، بىرنەچچە ئىبادەتخانا خارابىسىنى قازدى. ئارخېئولوگلار بۇ

ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدىكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت بىر ئىبادەتخانىدىن قەندىھەر ئۇسلۇبىدىكى لايدىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلى، قارۇشتى يېزىقىدىكى نەچچە ئون ۋەسىقە ۋە ساپال بۇيۇم، يىپەك توقۇلما بۇيۇم، بەش جۇلۇق يارماق، كۇسەنچە – خەنزۇچە يارماق ھەم بەش جۇلۇق يارماقنى قۇيىدىغان قېلىپ قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تېپىپ چىقتى. يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر ئىبادەتخانىدىن خەنزۇچە كەمتۈك تېكىست، بىراھمى يېزىقىدىكى تېكىستنى يىغىۋالدى. بۇ خەنزۇچە تېكىستتە «سانغۇن»، «قورۇل (بوقال)»، «يابغۇ»، «يانداش ئەلچى» دېگەندەك ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ.

1979 – يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى لى يۈچۈن ئەپەندى قەشقەرگە كېلىپ ئۈچ پەرىشتە ئۆڭكۈرىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ ئۈچ ئۆڭكۈر (غار)نىڭ تەكشىلىكتىكى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى ھەم ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۈچ پەرىشتە غارىنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ۋە غاردىكى بىرىنچى قەۋەت تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 3 – ئەسىرگە، خارابلاشقان ۋاقتى تەخمىنەن 10 – ئەسىرگە توغرا كېلىدىكەن⑰.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭراق بايقاش 1985 – يىلى ئوپالدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنى رېمونت قىلىش جەريانىدا تېپىلغان بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان «پاتراما نوم»نىڭ كەمتۈك پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. مېي سۈن ئەپەندىنىڭ ئوپالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىكى خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىراھمى يېزىقىدىكى «پاتراما نوم» بىر چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، خارابىنىڭ

كۆلىمى مور بوْددا ئىبادەتخانىسى ۋە ئۈچ پەرىشتە ئۆڭكۈرىگە قارىغاندا خېلىلا چوڭ ئىكەن. بۇ يەردىن 7 ~ 9 ـ ئەسىرلەر ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان، بۇ ئېھتىمال شۈەنزاڭ زىيارەت قىلغان «ئىبادەتخانىلىرى نەچچە يۈز بولغان» قەشقەر بەگلىكىنىڭ بىر چوڭ ئىبادەتخانىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇپال «چوقۇم قەشقەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ئاپىرىدە بولغان جايلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن»⑱.

ئىزاھلار:

① «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى) 752 ـ بەت، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 45 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ ئىبراھىم مۇتىئى: «قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆتكەن ئۈچ مۇھىم مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1980 ـ يىللىق 1 ـ سان 37 ـ بەت.

④ ئىبراھىم مۇتىئى: «تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑤ ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» 1 ـ توم 278 ـ بەت، جۇڭگو تاشقى تەرجىمە نەشر شىركىتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 882 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑦ ⑨ يۇ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەرەققىياتى ۋە يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» 80 ـ، 81 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 447 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑩ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان 35 ـ بەت.

⑪ مېي سۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑫⑬⑱ مېي سۇن: «قەشقەر ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 90 يىلى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇنياسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑭⑮ خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئارخېئولوگىيەسى خاتىرىسى» 55 ـ، 58 ـ، 59 ـ، 88 ـ بەتلەر، بېيجىڭ ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑯⑰ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان 13 ـ، 17 ـ بەتلەر.

# قەدىمكى كروران مەدەنىيتى

## 1. قەدىمكى كروران بەگلىكى

قەدىمكى كروران بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى چارقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە ئىدى. «بۇنىڭدىن 4000 ــ 6000 يىل بۇرۇن بۇ رايوننىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى مول، يەرلىرى مۇنبەت ئىدى. بۇغداي تېرىلاتتى، چارۋا بېقىلاتتى، يۇڭ رەخت، كىگىز، گىلەم ئىشلەپ چىقىرىلاتتى، تېرىدىن كۆن - خۇرۇم ئىشلىنەتتى. ئاھالىلىرى كۆن ئىلاھىغا چوقۇناتتى. ئۇستىگە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم، بېشىغا قۇش پەيلىرى (ئۇكە) قادالغان ئۇچلۇق تۇماق كىيەتتى. ياغاچ ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. ئومۇمەن، بۇ رايوندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇلۇغ نامايەندە بولالايدىغان پارلاق مەدەنىيەت يارىتىلغانىدى»①.

كروران بەگلىكى توغرىسىدىكى تۇنجى مەلۇمات «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى ھۇن تەڭرىقۇتى خەن خانىغا بىر پارچە مەكتۇپ يازغان بولۇپ، مەكتۇپتا: «ياۋچىلار (توخرىلار) تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىرگە ئېلىندى، روران (كروران)، ئۇيسۇن (ئاسىيۇ)، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى، ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»② دېيىلگەن. يەنە

«خەننامە. پەرغانە تەزكىرىسى»دە: «روران ۋە قۇسنىڭ بەزى شەھەر ـ قورغانلىرى لوپنۇرغا يۇزلىنىپ تۇرىدۇ. لوپنۇر بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 5000 چاقىرىم كېلىدۇ. ھۇنلارنىڭ غەربتىكى قەبىلىلىرى لوپنۇرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، لوڭشىدىكى سەددىچىنگىچە جايلاشقان»③ دېيىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «پىشامشان چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئەسلىي نامى كروران بولۇپ، بېگى مىرەن شەھىرىدە تۇرىدۇ. بۇ يەردىن ياڭگۇەن قورۇلىغا 1600 چاقىرىم، چاڭئەنگە 6100 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2912 نەپەر... ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1785 چاقىرىم، قورۇقتاغ بەگلىكىگە 1365 چاقىرىم، يەنە غەربىي شىمالىدىن قۇس بەگلىكىگە 1890 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى قۇم ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ. بۇ بەگلىكتىن قاشتېشى چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ. ئاھالىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ، ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتە چارقىلىققا ئوخشايدۇ»، «خەن جاۋدىنىڭ يۈەنفېڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى) ئۇلۇغ سانغۇن خۇ گۇاڭ فۇ جېيزىنى كروران بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇندى، شۇنىڭ بىلەن فۇ جېيزى يەڭگىل قوراللانغان سەرۋازلارنى باشلاپ، يات ئەلگە ئىنئام قىلىش نامىدا كۆپلىگەن پۇل ـ ماللارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ كرورانغا يېتىپ كەلگەندە كروران بېگى خۇشاللىقىدا فۇ جېيزى بىلەن شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. فۇ جېيزى ئۇنى يۆلەپ خالىي يەرگە ئېلىپ باردى، شۇ چاغدا ئىككى پالۋان ئارقا تەرەپتىن

كېلىپ ئۇنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈردى»، «فۇ جېيزى كروران بېگى ئەنقۇينىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ چاڭئەنگە تېز قايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇتۇچ كرورانغا بەگ بولدى، بەگلىكنىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلىپ تامغا ئويدۇرۇپ بېرىلدى»④، «بەگ (ئۇتۇچ) خانغا (خەن سۇلالىسى خانى)غا: ‹بەگلىكتە مىرەن شەھىرى بار، يەرلىرى مۇنبەت، مەن خەن سۇلالىسىنىڭ شۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، ئاشلىق جۇغلاتقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن›، دەپ ئىلتىماس سۇنغاچقا، خەن (سۇلالىسى) خانى بىر ئەمىر لەشكەر، 40 سىپاھ ـ بەگ ئەۋەتىپ، مىرەن شەھىرى ئەتراپىدا تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، يەرلىك خەلقنى خاتىرجەم قىلدى»⑤ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كروران بەگلىكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ھۇنلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. كېيىن خەن سۇلالىسى ۋە ھۇنلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە تۇرۇپ كەلگەن. مىلادىيە 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆز ئەتراپىدىكى «نوپچان (چارقىلىق)، ئەندىر (چەرچەن)، نىيە، چورچان بەگلىكلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ» ⑥، غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن يات مىللەتلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، يىپەك يولى لىنىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەرلىرىنىڭ شورلىشىپ كېتىشى، كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىشىپ كېتىشى بىلەن تەدرىجىي زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن. «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن پىشامشان دېگەن نام يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ نامى سۈپىتىدە تارىخىي كىتابلاردا قايتا ئۇچرىمىغان» ⑦.

«خەننامە»دىكى مەلۇماتلارغا ۋە نۆۋەتتە لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە

ئاساسلانغاندا، قەدىمكى كروران بەگلىكىنى ھېچبولمىغاندا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىراق، ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى چاڭزى خېجۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كروران بەگلىكى» دېگەن ئەسىرىدە: «توخار تىلى تەتقىقاتىدىن بىلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 ــ 4000 ـ يىللار بۇرۇن ئارىيان قوۋملىرى غەرب تەرەپكە قاراپ كېڭىيىپ، تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن. ئادەتتە، تارىم ئويمانلىقىدىكى بەگلىكلەر مانا مۇشۇ دەۋردە شەكىللىنىپ چىققان دەپ قارىلىدۇ»⑧ دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كروران بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ــ 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا شەكىللىنىپ چىققان بولىدۇ. كروران بەگلىكى «مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرغان»⑨. كروران بەگلىكىنىڭ نامى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «لولەن» (楼兰) دېيىلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىدىن كېيىن «شەنشەن» (鄯善) دېيىلگەن، قارۇشتى يېزىقىدىكى تېكىستلەردە بولسا «كروران» دېيىلگەن. تەتقىقاتچىلار «لولەن»، «شەنشەن» دېگەن ناملارنى «كروران»، «پىشامشان» دېگەن ناملارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇ سۇڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى داۋيۈەن تەرىپىدىن يېزىلغان «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى» دېگەن ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «شورلۇق كۆل كروران بەگلىكىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، بەگ مىرەن شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئاۋام تىلىدا بۇ كۆل كروران كۆلى دېيىلگەچكە، دۆلەتنىڭ نامى شۇ كۆلنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان» دېگەن. كېيىن شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە: «چالمادانا دېگەن ئەلدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرگەندە، نوپ ئېلىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەر كروران دېگەن

يەردۇر»دېگەن. ئۇيغۇر ئالىمى سىيتقۇ سەلى تۇتۇلۇق تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا: «نوپ ـــ شەھەر ئىسمى بولۇپ، بۇ كروران دېگەن يەردۇر» دېيىلگەن. «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»دە بۇ يەر «لوپ» دەپ يېزىلغان.

بەزى ئالىملار «نوپ» دېگەن يەر ئىسمى بۇ يەردە ياشىغان سوغدلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ سوغد تىلىدا «نەۋئاب» (يېڭى سۇ) دېگەنلىك بولىدۇ، «نەۋئاب» تۇبۇتچىدە «نوپ»قا، كېيىن ئۇيغۇرچىدا «لوپ»قا ئۆزگەرگەن، دەيدۇ. بەزى ئالىملار خەنزۇچىدىكى «لوبۇپۇ» (罗布泊) دېگەن ئىسىم سانسكرىت تىلىدىكى «ناۋاپا» (Navapa) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «ناۋاپا» ئەمەلىيەتتە «ناۋاپارا» (Nava–para)دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىمۇ «يېڭى سۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىر چوڭ لوپنۇر كۆلى بىلەن كىچىك لوپنۇر كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا «يېڭى سۇ» دېگەن بىر يەر بولۇپ، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى سوغدچە «نەۋئاب» ۋە سانسكرىتچە «ناۋاپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئالىملار بۇ يەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «يېڭى سۇ» بولۇپ، سوغد ۋە سانسكرىت تىللىرىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ⑩.

قەدىمكى «كروران» دېگەن بۇ نامنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە نېمە سەۋەبتىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ يۇرتنىڭ نامىنىڭ كېيىن نېمە ئۈچۈن ھازىرقى چارقىلىققا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلىش بىرقەدەر قىيىن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە مۇنداق قارايدۇ: «مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي قەبىلىلەر تۇرپان ئويمانلىقى ئارقىلىق بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن بۇ جايدىن كۆچۈپ كەتمىگەن ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە تەكلىماكاننىڭ قۇم ـ بورانلىرى تامامەن ئىگىلەپ بولالمىغان بوستانلىقلارنى قوغداپ قالغان. بۇ

رايونغا كۆچۈپ كەلگەن تۈرك قوۋملىرى ئىگىز چاقلىق هارۋا ئىشلىتىدىغان قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلار يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن جاككا، جاك (كارۋشتىچە هارۋا چاقى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىپ، بۇ يۇرتنىڭ نامىمۇ ئاخىر چارقىلىق دەپ ئاتىلىدىغان بولغان»⑪.

قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا نۆۋەتتە تېخى يېتەرلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئاهالىسى چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كروران (پىشامشان) بەگلىكىنىڭ ئاهالىسى تۇبۇت ئىرقىغا مەنسۇپ ياكى تۇبۇت ئىرقىدىكىلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار هىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم ۋادىسىغا تارقىلىشى ۋە كروران رايونىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تېكىستلەرنىڭ تېپىلىشىغا قاراپ، «بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى سانسكرىت يېزىقىدىن بۇرۇن ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاهالىلىرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ، 2 ـ ئەسىرلەردە هىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن» دەپ قارايدۇ. بىراق، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنى بېسىپ ئۆتۈپ هىندىستانغا بارغان فاشيەننىڭ مەلۇماتىدا، «هەرقايسى ئەللەرنىڭ پۇقرالىرى ۋە سىرامانلىرى هىندى ئەقىدىلىرى (بۇددا ئەقىدىسى)گە ئەمەل قىلىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر بار، بۇ يەر (كروران)نىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، مۇرىتلارنىڭ هەممىسى هىندى يېزىقى ۋە تىلىنى بىلىسىمۇ، پۇقرالارنىڭ يەرلىك تىلى ئوخشىمايدۇ»⑫ دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا قەدىمكى كروران رايونىدا هۆكۈمەت ۋە دىندارلار گەرچە قارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ،

پۈقرالار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىنى ئىشلەتكەن.

ئىلىمىزنىڭ قارۇشتى يېزىقى تەتقىقاتچىسى لىن مېيسۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسىدىن 15 لېكسىيە» دېگەن ئەسىرىدە: «توخارلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى، ئالتاي تېغى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ ئارىلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ياۋچىلار، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار (يەنى قاراشەھەرلىكلەر)، شەرقىدىكى كرورانلىقلارنىڭ ھەممىسى توخار سىستېمىسىدىكى خەلقلەردۇر. ئۇلار غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى، ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئاجايىپ زور روللارنى ئوينىغان. غەربىي ئاسىيادىن چىقىدىغان بۇغدايىنى ئەنە شۇ توخارلار جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەن. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە كروران مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو بۇددىزمىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن كۇسەن مەدەنىيىتىنى ئەنە شۇ توخارلار ئاپىرىدە قىلغان»⑬ دەپ قارايدۇ.

## 2. قەدىمكى كروران مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ مەدەنىيىتىنى بايقاش 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلاندى. ئەڭ دەسلەپ 1901 ـ يىلى شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى سىۋېن ھېدىن (1865 ـــ 1952 ـ يىللار) لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ 1901 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ يول باشلىغۇچىسى ئۇيغۇر ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن كروران شەھىرى خارابىسىنى تاپتى. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89 ° 55′، شىمالىي كەڭلىك 40 ° 29′ تا بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى ھەم بۇ خارابىدىن نۇرغۇنلىغان ياغاچ تارىشا پۈتۈك، يۇڭ، گىلەم، ساپال پارچىسى، چاچ، ھالقا، سۆڭەك ۋە بەش جۇلۇق يارماق قاتارلىق قىممەتلىك

يادىكارلىقلارنى قېزىۋالدى. كېيىن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان «كرورايىنا» (kroraina) دېگەن يەر نامىنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى «لولەن» (楼兰) دېگەن يەر نامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە كروران شەھىرى خارابىسىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىپ، قىنىنىڭ كەڭلىكى 100 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تۆت ـ بەش مېتىر كېلىدىغان، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بىر قۇرۇق دەريانى بايقىدى، يەنە كروران شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان، يىل دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چېكى مىلادىيە 330 ـ يىلى بولغان خەنزۇچە ياغاچ تارشا پۈتۈكلەرگە ۋە خارابىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جەنۇبىي قاراقوشۇننىڭ يەر شەكلىنىڭ پەسلىكىگە ئاساسلىنىپ، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە لوپنۇر كۆلى شىمالدا ئىدى، 4 ـ ئەسىردىن كېيىن دەريا ئېقىنى ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكەچكە لوپنۇر كۆلى جەنۇبقا يۆتكەلگەن، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۋېن ھېدىننىڭ «لوپنۇر كۆلى كۆچمە كۆل» دېگەن بۇ قارىشى كېيىن ھەرقايسى ئالىملارنىڭ قىزغىن مۇنازىرىلىشىدىغان تېمىسى بولۇپ قالدى. بىراق، 1959 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ لوپنۇرنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇر رايونىغا كېلىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىشى كۆل سۈيىنىڭ مىقدارىنى ئۆزگەرتكەن، بىراق لوپنۇر كۆلى كۆچمە كۆل ئەمەس دەپ يەكۈن چىقاردى. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ لوپنۇرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم لوپنۇر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچمە كۆل ئەمەسلىكىنى قايتا ئىسپاتلاپ چىقتى.

1927 ـ يىلى سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇرغا

كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
سىۋېن ھېدىندىن كېيىن لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان كىشى ئامېرىكىلىق ئېلسۋورس خانتىڭتون بولدى. ئۇ 1905 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كروران خارابىلىكىگە كېلىپ، بۇ خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلارنى يىغىۋالدى. ئۇ ئەسلىدە كىلىماتشۇناس بولغانلىقتىن بۇ يەردە قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بارماي، كروراندىكى قۇرغاقچىلىق بىلەن ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈردى ھەم ئاخىرىدا كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ يوقىلىشى سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان كىشى ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستەيىن بولدى. ئۇ 1906 - يىلى 12 - ئايدا ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كېلىپ، سىۋېن ھېدىننىڭ سىزىپ چىققان خەرىتىسىگە ئاساسەن كروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى تاپتى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا جەمئىي 11 كۈن قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، قارۇشتى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى 161 دانە ياغاچ تارىشا پۈتۈكنى، 50 دانە قەغەز تېكىستنى تاپتى. يەنە كروران شەھىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. 1914 — 1915 - يىللىرى ئۇ يەنە لوپنۇر رايونىغا كېلىپ، كروران خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
ستەيىندىن كېيىن لوپنۇر رايونىغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنى ياپونىيەلىك داگو گۇاڭرۇينىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بولدى. بۇ ئەترەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىرىنچى قېتىم 1902 — 1904 - يىللىرى، ئىككىنچى قېتىم 1908 — 1909 - يىللىرى، ئۈچىنچى قېتىم 1911 - يىلى كەلدى. بۇ ئۈچ قېتىملىق سەپەردە ئۇلار كروران ۋە مىرەن خارابىسىدە

قېزىش ئېلىپ بېرىپ بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار شۋېتسىيەلىك بوگمان ۋە ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى بولدى. ئۇلار «جۇڭگو – شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەركىبىدە 1928 – يىلىدىن 1934 – يىلىغىچە ئىككى قېتىم لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئېرىشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپنۇر رايونىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى زور دەرىجىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىندى. بولۇپمۇ، 1959 – يىلى، 1980 – يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ پايتەختى كروران شەھىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى خېلى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلدى.

**3. قەدىمكى كروران بەگلىكىگە دائىر بىر پارچە ھۆججەت**

نۆۋەتتە تېپىلغان قەدىمكى كروران بەگلىكىگە دائىر قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئاساسەن كروران بەگلىكىنىڭ ئەمر – پەرمانلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مەلۇماتناملىرى، يەر – مۈلۈك، قۇل سېتىش – سېتىۋېلىشقا دائىر توختاملىرى، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي خەت – ئالاقىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى قانۇن – تۈزۈم، باج – سېلىق، دىنىي ئېتىقاد، كالېندارچىلىق قاتارلىق ناھايىتى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.

ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەر ئىچىدە 482 – نومۇرلۇق ھۆججەت ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ قانۇن – تۈزۈملىرىنى، جۈملىدىن ئورمانچىلىق قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھۆججەت ئەسلىدە كروران بېگىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش يارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق مەزمۇنى مۇنداق: «ساكانىڭ ئەرزىگە ئاساسلانغاندا، مولەينايا ئۇنىڭ مۈلكى يېرىگە ئېرىشكەن. ئەمما، sadavidas بىلەن karasenavas مەزكۇر يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول قويماپتۇ، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ سېتىۋېتىمەكچى بوپتۇ. بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىشى قانۇنسىزلىقتۇر. سىلەر يەر خېتى ۋە مۆھۈرلۈك خەتكە ئاساسەن ئەھدىنامە ۋە شاھىتلارنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ ـ تەكشۈرۈپ، چوقۇم بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار. Sadavidas بىلەن Karasenavas نىڭ ئۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئۇلارنىڭ ساكاغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. بۇرۇن قانۇندا دەل ـ دەرەخ ياشىرىپلا تۇرىدىكەن، ھەرقانداق شەخسنىڭ دەل ـ دەرەخنى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، مۇبادا كەسسە ئۇنىڭغا بىر تۇياق ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئەگەر بىرەر شەخس دەل ـ دەرەخنىڭ شېخىنى كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى...»⑭ دېيىلگەن.

مانا بۇ قىسقا، ئەمما ئىنتايىن مەزمۇنلۇق ھۆججەت بىزگە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن كروران بەگلىكىدە ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت بىر قانۇننىڭ تۈزۈلۈپ يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى، جازا تەدبىرلىرىنىڭمۇ خېلىلا ئېنىق ۋە قاتتىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىتى ناچار، كىلىماتى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان كروران بەگلىكىدە بۇنداق قانۇننىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغانلىقى، ئەينى دەۋردىكى كروران خەلقىنىڭ سۇ ۋە تۇپراقنى قوغداپ، ئېكولوگىيەلىك

مۇھىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ھاياتلىقىنى، جۈملىدىن مەڭگۈلۈك بوستانلىقلارنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى قانۇن ـ تۈزۈملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن بىلىشىمىزچە، بۇ ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى غەربىي يۇرت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئورمانچىلىق قانۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن تۈزۈلۈپ يۈرگۈزۈلگەن، رەسمىي ھۆججەت ئاساسى بار ئورمانچىلىق قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كروران گۈزىلى

1980 ـ يىلىنىڭ بېشىدا رايونىمىز ئارخېئولوگلىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى كروران بەگلىكىگە تەۋە گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋالغان بىر ئايال جەسەتكە «كروران گۈزىلى» دەپ نام بەردى. كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق «كروران گۈزىلى» تېپىلغان گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى بىرونزا دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئارخېئولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، «كروران گۈزىلى» تېپىلغاندا، ئۇنىڭ يۈزى ۋە كۆكرەك قىسمى قېلىن بىر قەۋەت شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىلغان، بەدىنىگە يۇڭ ـ پالاس ۋە كۆن ـ خۇرۇم يېپىلغان، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن، قوڭۇر رەڭلىك چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىردىن ئارتۇق، بېشىغا ئېگىز ئۇچلۇق قالپاق كىيدۈرۈلگەن، چىرايى بۇغداي ئۆڭ، ئورا كۆزى چوڭ، بۇرنى قاڭشارلىق، يۈزى سوقچاق بولۇپ، لوپنۇر رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولغاچقا، جەسەت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا سۇسىزلىنىپ (يەنى جەسەتنىڭ بەدىنىدىكى سۇ

ناھايىتى تېزلا پارغا ئايلىنىپ كېتىپ) قۇرۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغان. ئانتروپولوگلارنىڭ ئۆلچەپ ئېنىقلىشىچە، كروران گۈزىلىنىڭ بوي ئېگىزلىكى 1.57 سانتىمېتىر، قان تىپى O بولۇپ، ياۋروپا ئىرقىنىڭ ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. كروران گۈزىلىنىڭ قورسىقىدىن خېلى كۆپ قارا چاڭ ـ توزانلار چىققان بولۇپ، بۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى لوپنۇر رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بىرقەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى، كروران گۈزىلىنىڭ بىرقەدەر ناچار مۇھىتتا ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، «يىپەك يولى» ئېچىلغان دەۋردىلا كروران بەگلىكىنىڭ قىزلىرى ھۆسنى ـ جامالدا تەڭداشسىز بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە داڭقى كەتكەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خانلىرىمۇ كروران مەلىكىلىرىنى خانىشلىققا ئالغان. مەسىلەن، دۇنخۇاڭدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ سېپىل ئىزىدىن تېپىلغان بىر پارچە پۈتۈكتە ئاگنى (قاراشەھەر) بېگىنىڭ كروران (پىشامشان) مەلىكىسىنى نىكاھىغا ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى لوياڭدىن تېپىلغان غەربىي يۇرتلۇق بىر ئايالنىڭ قەبرە تەزكىرىسىدە، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ شەن يۈگۇاڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىنغان كروران (پىشامشان)لىق ئايال ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئىلگىرى ئۈجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىش تېخنىكىسىنى بىلمەيدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ شەرقىدىكى ئەلدە ئۈجمە ئۆستۈرۈلۈپ، پىلە بېقىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۈجمە پىلىسى بېرىشنى تەلەپ قىلىسا، شەرقتىكى ئەلنىڭ

بەرمىگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز شاھزادىسىگە شەرقتىكى ئەلنىڭ مەلىكىسىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇجەمە پىلنىسىنى ئۆز ئېلىگە ئەكەلگەنلىكىدەك بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ[15]، نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار ئۇدۇن ئېلى بىلەن قۇدىلاشقان شەرقتىكى ئەلنى كروران (پىشامشان) ئېلى دەپ قارايدۇ[16].

نېمە ئۈچۈن قەدىمدە كروران بەگلىكىدىن گۈزەل قىزلار كۆپ چىقىدۇ؟ گېرمانىيە ئانتروپوگلىرى بوگمان ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكەن كروران ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكىنى تەتقىق قىلىپ، كرورانلىقلارنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەسلىدە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر (ئاق تەنلىكلەر) بىلەن موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر (سېرىق تەنلىكلەر) نىڭ پاسىلى كروران بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى بولۇپ، كروران گۈزىلى ئەمەلىيەتتە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر بىلەن ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى. قىزىقارلىقى شۇكى، مىرەن تام رەسىملىرىدىكى كروران قىزلىرى بىلەن 2003 ـ يىلىدىكى ئافغانىستان گۈزىلى ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۆزى ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئافغانىستانلىقلار ئۇلۇغ توخرىلار بىلەن گىرىك كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان خەلق، كرورانلىقلارمۇ توخار سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلق ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس[17].

### 5. كروران بۇددا مۇنارى

ئارخېئولوگلار كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىككى بۇددا مۇنارىنى تاپقان، ئۇنىڭ بىرى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا، يەنە بىرى شەھەر خارابىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا. شەھەر

خارابىسىنىڭ ئىچىدىكى بۇددا مۇنارى توپا ۋە شاخ ـ شۇمبىلاردىن خاتداپ ياسالغان بولۇپ، بۇنداق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ بىر كەشپىياتى ھېسابلىنىدۇ. شەھەر خارابىسىنىڭ سىرتىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىمۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئىچىدىكى بۇددا مۇنارى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاستى(ئۇلى) تۆت چاسا كەلگەن، ئۈستى يۇمىلاق تۇۋرۇكسىمان كەلگەن. مۇنارنىڭ ئەتراپى ئايلانما كارىدور بولۇپ، بۇمۇ تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ بىناكارلىق تېخنىكىسى جەھەتتىكى بىر كەشپىياتى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە بۇنداق قۇرۇلۇش شەكلى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. 1980 ـ يىلى رايونىمىز ئارخېئولوگلىرى قەدىمكى كروران شەھىرى خارابىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇددا مۇنارىدىن بىر كەمتۈك تام رەسىمىنى (بۇددىزم مەزمۇنىدىكى) بايقىغان. بۇ قەدىمكى كروران بەگلىكىدە بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى، كرورانلىقلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىخلاسمەن مۇرىتلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 6. قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى كروران بەگلىكى بىر مۇستەقىل ئەل بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇكەممەل تۈزۈلمىگە ئىگە بولغان. بەگلىكتە ھەر خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدارلار بولغان، ئۇلار قانۇننى ئىجرا قىلىش، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. مەملىكەتتە ئايماق، شەھەرلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئايماق، شەھەرلەردە يەرلىك ئەمەلدارلار قويۇلغان. ئۇلار ئۆز دائىرىسىدىكى ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. ئاساسىي قاتلامدا تۇتۇن تۈزۈمى

يۇرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك تۇتۇنبەگلىرى قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا باج - سېلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل باجگىرلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار بەگ تەرىپىدىن بىۋاسىتە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلگەن، ئۇلار مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ۋەكىللىرى ھېسابلانغان. بۇنداق باجگىرلار يەنە جايلاردىكى يەر - زېمىن ماجىرالىرى، زىرائەت - تېرىلغۇ ئىشلىرى، قەرز ئېلىش - قايتۇرۇش ئىشلىرى، ھەتتا قىز - يىگىتلەرنىڭ توي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان.

قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش مۇكەممەل قانۇنى بولغان. ئۇلار باج قانۇنى، سۇ قانۇنى، يەر - زېمىن قانۇنى، ئوۋ قانۇنى، ئورمانچىلىق قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، قۇل ئېلىپ - سېتىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا: «شۇ جايدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. «ئورمانچىلىق قانۇنى» دا: «دەل - دەرەخلەرنىڭ شېخىنى كەسكۈچىلەرگە بىر تۇياق سېيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ. دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىنى كەسكۈچىلەرگە بىر تۇياق ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا، دېھقانچىلىق قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. كروران بېگى پۈتكۈل دۆلەتتىكى يەر - زېمىنىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، بەگ جەمەتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېكىنزارلىقى، تۆگە، كالا ۋە قوي پادىلىرى بولغان. پۈتكۈل مەملىكەت پۇقرالىرى بەگ جەمەتى ئۈچۈن ھاشارغا ئىشلىگەن. ھەرقايسى ئايماق، شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقلار بولۇپ، بۇنداق يەرلەردە بۇغداي قاتارلىق

زىرائەتلەر تېرىلغان. باغۋەنچىلىكتە ئاساسلىق ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە مۇسەللەس ئىشلەش، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، كۇلالچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، مەخسۇس مۇسەللەس بېجى ئالىدىغان خاس باجگىر بولغان.

قەدىمكى كروران بەگلىكىنىڭ ھاشار - ئالۋانلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر خىل ئالۋان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، بەگلىكتىن ئۆتىدىغان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچى، سودىگەر، راھىبلىرىغا يول باشلاپ بېرىش ئىدى. بۇنداق يول باشلىغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، پۇقرالار ئىچىدە بۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىماي دائىم باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرغان.

قەدىمكى كرورانلىقلار ئەڭ دەسلەپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلادىيە 2 — 4 - ئەسىرلەردە بۇددا دىنى كروران بەگلىكىدىكى ئاساسلىق دىنغا ئايلانغان. راھىبلارنىڭ ئىمتىيازى قانۇن تەرىپىدىن قوغدالغان، كروران بېگى شەخسەن ئۆزى ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ، نوم - دەستۇرلارنى ئوقۇپ تىلاۋەت قىلغان. سامسىتۇ، ئاچارىلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، راھىبلارنىڭ توي قىلىشىغا، پەرزەنتلىك بولۇشىغا يول قويۇلغان. بۇ بۇددا دىنىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

قەدىمكى كروران بەگلىكى شەرق بىلەن غەربتىكى ئەللەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سودىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. پەرغانە، باكتىرىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ خۇش پۇراق

بۇيۇملىرى، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى بۇ ئەلنىڭ بازارلىرىدا كۆپ ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىپسىلماللار بولغان.

ئومۇمەن، كروران بەگلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەدىمكى كرورانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى يىپەك يولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى بىلەن كروران بەگلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولغان.

ئىزاھلار:

①⑪ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 34 ـ، 35 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى» 407 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 123 ـ جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى» 490 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ ⑤ بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 853 ـ، 857 ـ، 858 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ چيەن بوچۇەن، ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ ئاممىباب تارىخى» 49 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑦ يۇ ۋېيچېڭ: «شىنجاڭنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەرەققىياتى ۋە يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» 56 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑧ لى جياڭفېڭ: «لوپنۇر ۋە قەدىمكى كرورانىنىڭ سىرى»، 73 ـ، 93 ـ بەتلەر، مېتېئورولوگىيە نەشرىياتى 1971 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑨⑩ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1996 ـ

يىللىق 1 ـ سان 108 ـ، 109 ـ بەتلەر.
⑫ يەن جيەنشېن: «قەدىمكى غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىلىرىدىن تاللانمىلار» 32 ـ بەت، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑬ لىن مېيسۇن: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسىدىن 15 لېكسىيە» 12 ـ، 13 ـ بەتلەر، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑭ بورروۋنىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى» دېگەن ماقالىسىدىكى 482 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1988 ـ يىلى باستۇرغان «نىيە ئارخېئولوگىيەسىگە دائىر ماتېرىياللار»غا كىرگۈزۈلگەن).
⑮ جى شيەنلىن قاتارلىقلار: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ ھازىرقى شەرھى» 423 ـ، 424 ـ بەتلەر، شەنشى خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
⑯⑰ لىن مېيسۇن: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسىدىن 15 لېكسىيە» 173 ـ، 175 ـ بەتلەر، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى

## 1. قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي يۇرت، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەرنى ياراتقان. بۇ يەردە مەشھۇر ئالىم كومراجىۋا (مىلادىيە 344 ـــ 413 ـ يىللار)، بۇددۇچىڭگا (مىلادىيە 232 ـــ 348 ـ يىللار)، موكسا گۇپتاغا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلار، سەنئەتكارلار ئۆتكەن.

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7480 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 6970 تۈتۈن، 81 مىڭ 317 كىشى بولۇپ، لەشكەرلىككە ياراملىقى 21 مىڭ 76 نەپەر»، «بەگلىكنىڭ جەنۇبى نىيەگە، شەرقىي جەنۇبى چەرچەنگە، غەربىي جەنۇبى ئوزۇن تېتىرغا، شىمالىي ئاسىيۇ (ئۇيسۇن)غا، غەربىي قوم (ئاقسۇ)غا تۇتىشىدۇ... قوغۇشۇن چىقىدۇ، شەرقتە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جايلاشقان بۇگۇرگە 350 چاقىرىم كېلىدۇ»① دېيىلگەن. بۇ بەگلىكنىڭ نامى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «چيۇسى» (龟兹)، «چۇسى» (屈茨)، «جۇيى» (拘夷)، «چۇجى» (屈支)، «چيۇسى» (丘兹)، «چۇشيەن» (曲先)، «كۇشيەن» (苦先)، «كۇچا» (苦叉) دەپ يېزىلغان. «دىۋانۇ

لوغەتست تۈرك»تە: «كۈسەن — كۈچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى، بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگراسىغا جايلاشقان»② دېيىلگەن.

نۆۋەتتە، ئالىملار: قەدىمكى كۈسەن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «بەي» (ئاق) فامىلىلىك دېيىلگەن، كۈچانىڭ قەدىمكى نامى بولغان «كۈتسى» (kutsi) قەدىمكى كۈسەن تىلىدا «ئاق»، «يورۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، كۈسەن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ فامىلىسىمۇ ئەنە شۇ نامدىن كەلگەن. «كۈسەن» ياكى «كۈچا» دېگەن ناملار ئاق دېگەن مەنىدىكى «كۈتسى» دېگەن قەدىمكى كۈسەنچە سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى بولغان «كۈچەننە» (kucanne) دىن كەلگەن بولۇپ، «كۈچەننە»دىكى «ne» توخرى تىلىدا «شەھەر» دېگەن بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ③.

قەدىمكى كۈسەن بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 — 2 ـ ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت بولغان. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك ۋە چوڭ بەگلىك بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. خەلقى شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقى بولغان. قانۇن ـ تۈزۈملىرى ۋە دۆلەت تەشكىلى خېلىلا مۇكەممەل بولغان. مىلادىيە 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە كۈسەن بەگلىكى چېدىر، ئۇرۇياپ (بۈگۈر)، ئونسۇ، سەپەرباي (ئاقچى)، قۇم (ئاقسۇ) قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نوپۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. بۇ دەۋر كۈسەن بەگلىكىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان. كۆك تۈرك خانلىقى (552 — 744 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە كۈسەن بەگلىكى كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان، كېيىن

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان ھەم شۇنىڭدىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن ئاساسەن يوقالغان.

قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل. بەزىلەر شايار ناھىيەسىدىكى ئۇچقات قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ «خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان چاڭلار بېگى تامغىسى»غا ۋە باي ناھىيەسىنىڭ قاراتاغ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان «ليۇپىڭگونىڭ شىپاڭ ياساتقانلىقى خاتىرىسى»گە ئاساسلىنىپ، كۇسەن بەگلىكىنىڭ تەۋەلىكىدە چاڭلار بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە كۇسەن بەگلىكىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغىمۇ ئىشتىراك قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا توخرىلار، ھىندىلارمۇ بولغان، دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى قەدىمكى كۇسەنلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى قەدىمكى كۇسەن تىلى ئىدى. ئالىملار ئىلگىرى قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ تىلىنى توخار تىلى B دەپ ئاتىغانىدى. بىراق، قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ تىلى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن بايقالغان ھەقىقىي توخار تىلى دەپ قارىلىدىغان تىلدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان بولغاچقا ھەم ئۇنىڭ يەرلىك شېۋىلىرى كۆپ بولغاچقا، يەنە تەركىبىدىكى قەدىمكى تۈركچە ئاتالغۇلارمۇ كۆپ بولغاچقا، كېيىن ئۇنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردى. بۇ خىل تىلدىكى ئەسەرلەر قىيپاش بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان، كېيىن بۇ يېزىق تەرەققىي قىلىپ بىراھمىچە تۈرك يېزىقىغا ئايلانغان.

## 2. قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

قەدىمكى كۇسەن رايونىدا بۇنىڭدىن 10000 ــ 8000 يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئىنسانلار پائالىيىتى جانلانغان. بۇنىڭدىن 4000 ــ 3000 يىللار بۇرۇنقى بىرونزا

دەۋرىگە كەلگەندە گۈللەنگەن مەدەنىيەت بەرپا بولغان، كۇچادىكى قارا يۇلغۇن ئىزى، قارا دۆڭ ئىزى ۋە ئاقسۇ، كەلپىندىكى ئىزلار، باينىڭ قىزىل يېزىسىدىكى قەبرىستانلىقلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

قەدىمكى كۇسەننىڭ مەدەنىيىتى يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا مەلۇم بولغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ 1889 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېر بوۋېر كەشمىردىن تاشقورغان رايونىغا كىرىپ، كېيىن قەشقەر ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، كۇچادا جەمئىي 51 بەت كېلىدىغان سانسكرىتچە پاتتارا نومىنى سېتىۋېلىپ كالكۇتتادىكى بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن سانسكرىتچە پاتتارا نومى مىلادىيە 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەرگە دائىر قول يازمىلار بولۇپ، ئۇلار نۆۋەتتە «بوۋېر هۆججەتلىرى» دەپ ئاتالماقتا.

1906 ـ يىلى فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس پېللىئوت قەشقەر ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، قىزىل مىڭئۆيى ۋە قۇمتۇرا مىڭئۆيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان هەم دۇلدۇلئوقۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ۋە سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 718 جىلد قەدىمكى كۇسەنچە قول يازمىنى ۋە قەدىمكى كۇسەنچە ياغاچ تارىشا پۈتۈك، مۆھۈر ـ تامغا، يارماق، يىپەك بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرۈپ فىرانسىيەگە ئېلىپ كەتكەن.

1902 ـ يىلى ياپونىيەلىك داگو گۇاڭرۇينىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭغا كېلىپ، كۇچادىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، سۇبېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ، زور مىقداردىكى تام رەسىملىرى، هەيكەل، ياغاچ ئويما، بىراهمىچە تېكىست، خەنزۇچە نوم، هۆججەتلەر، يارماقلار،

شارىرا قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

1927 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى «جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى» نىڭ تەركىبىدە كۇچا رايونىغا كېلىپ، بۇگۇر، كۇچا، شايار، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمەتلىرى ۋە ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرى كېيىن ئۆزى يازغان «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، تارىم ۋادىسىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، كۇچا رايونىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى شەھەر خارابىسى، قەدىمكى ئىزلار، قەدىمكى تۇرالار، مازارلار، قەدىمكى قەبرىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن، بولۇپمۇ قىزىل مىڭئۆيى قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان.

1957 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى شىنجاڭغا يەنە كېلىپ تەكشۈرۈش ـ قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا كۇچا رايونىغىمۇ كېلىپ، قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھىرى خارابىسى، سۇبېشى خارابىسى، قارادۆڭ خارابىسى قاتارلىق خارابە ـ ئىزلاردا نۇقتىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىپ، تاش قوراللار، ساپال بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر بۇيۇملار، ھەر خىل توقۇلمىلار، قاپارتما ـ ئويما نەقىشلەر، ھەيكەللەر، ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قەدىمكى كۇسەنچە يازمىلار

قاتارلىق بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغنۇۋالغان، كېيىن بېيجىڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۇچا رايونىدا ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ۋە ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرىنى «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات (1957 ــ 1958)» دېگەن ئەسەرىگە كىرگۈزگەن.

### 3. قەدىمكى كۇسەننىڭ بۇددا دىنىغا دائىر خارابە ئىزلىرى

نۆۋەتتە، كۇسەن رايونىدا دۇنياغا مەشھۇر بولغان بۇددىزم خارابىلىرىدىن بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى، ئونباش مىڭئۆيى، تېتىر مىڭئۆيى، كۇچادىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىل قاغا مىڭئۆيى، سىم – سىم مىڭئۆيى، مازارباغ مىڭئۆيى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى قاتارلىق مىڭئۆيلەر ۋە بىر قىسىم ئىبادەتخانا خارابىلىرى بار، بۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) قىزىل مىڭئۆيى

قىزىل مىڭئۆيى باي ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان موزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى غارلار تاغ جىلغىسىنىڭ غەربى، جىلغا ئىچى، جىلغىنىڭ شەرقى ۋە تاغ ئارقىسى قاتارلىق تۆت رايونغا تارقالغان بولۇپ، نۆۋەتتە نومۇر سېلىنغان غارلار 236. بۇ غارلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ياسىلىشى بىرقەدەر پۇختا، ساقلىنىپ قالغان رەسىملىرىمۇ بىرقەدەر مۇكەممەل. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىغا ئاساسەن مۇلاھىزە قىلغاندا، قىزىل مىڭئۆيى مىلادىيە 4 ــ 8 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، بۇ دەۋرنى يەنە دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى دەۋر دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ غارلار ئاساسەن مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ياسىلىشقا باشلىغان، ئۇلار ئاساسەن چوڭ بۇتلۇق غارلارنى، راھىبلارنىڭ ھۇجرىلىرىنى ۋە مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك

غارلارنى ئاساس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە راھىبلارنىڭ ھۇجرىلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىكى ئاساسىي ھۇجرا چاسا ياكى ئۇزۇنچاق شەكىلدە كەلگەن، تورۇسى توغرىسىغا ئەگمە شەكىلدە كەلگەن. ئالدى تېمىدا چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە پەنجىرىلىرى بار. ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملاردا تام ئوچاق شەكلىدىكى ئوچاقلار ۋە ئورەكلەر بار. ئارقا تېمىدا چاسا شەكىلدە كەلگەن، تورۇسى ئەگمە كەلگەن كىچىك ھۇجرا بار. بۇنداق ھۇجرىلاردىكى تاملارغا رەسىم سىزىلمىغان.

چوڭ بۇتلۇق غارلار بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئاساسىي ئۆيى چوڭ، تورۇسلىرى ئەگمە شەكىلدە كەلگەن، ئۇدۇلدىكى تېمىغا ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان ئۆرە تۇرغان بۇت ياسالغان، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى تاملىرىدىمۇ نەچچىدىن ھەيكەللەر بار، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن. ئۇدۇلدىكى تېمىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئارقا ئۆيگە كىرىش ئېغىزى بار. ئارقا ئۆينىڭ تورۇسىمۇ ئەگمە شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، مۇزىكا چېلىۋاتقان ھۆر قىز (پەرىزات)لارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. ئۇنىڭ ئارقا تېمىنىڭ تۆۋىنىدە چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى نىرۋانا سۇپىسى، نىرۋانا ھەيكىلى بار.

مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلارنىڭ ئاساسىي ئۆيلىرىمۇ چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، تورۇسى ئوخشاشلا ئەگمە شەكىلدە. ئارقا تېمىغا ئەگمە تەكچىلەر ئويۇلغان. ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى تاملاردا ئۇنداق تەكچىلەر يوق، مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلاردا تام رەسىملىرى بىرقەدەر كۆپ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تۈرى ۋە سانىمۇ كۆپ. ئاساسىي ئۆيلەرنىڭ تورۇسىنىڭ مەركىزىگە كۈن تەڭرىسى، ئاي تەڭرىسى، شامال ئىلاھى، ئەجدىھا، ئالتۇن قاناتلىق قۇش

قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. تورۇسنىڭ يانلىرىغا رومبا شەكىلدە يارالمىش قىسسەلىرى ۋە نىرۋانا قىسسەلىرى سىزىلغان. ئاساسىي ئۆينىڭ ئوڭ ۋە سول تاملىرىغا نىرۋانا قىسسەلىرى سىزىلىپ، ساكيامۇنىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالدى تىمىدىكى ئىشىكنىڭ ئۈستىگە يېرىم چەمبەر شەكىلدە بۇدساتۋانىڭ ئەرشتە بۇددا ئايەتلىرىگە تەبىر ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان. يەنە ئارقا ۋە ئوڭ ـ سول تەرەپلەردىكى كىرىش ئېغىزلىرىنىڭ يانلىرىدىكى تاملارغا نىرۋانا رەسىملىرى ۋە شارىرا مۇنارلىرىنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئارقا كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ساز چېلىۋاتقان بۇددالارنىڭ رەسىملىرى بار. ئومۇمەن، دەسلەپكى دەۋردىكى غارلارنىڭ تام رەسىملىرى بىرقەدەر قوپال كەلگەن.

ئوتتۇرا دەۋرگە مەنسۇپ غارلار تەخمىنەن 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان. ئۇلارنىڭ ياسىلىش شەكىللىرىمۇ دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ غارلارنىڭ ياسىلىش شەكلىگە ئوخشاش. بۇنداق غارلار ئىچىدە راھىبلارنىڭ ھۇجرىلىرى ئازراق، لېكىن ئىككى قەۋەتلىك پەشتاق (پەلەمپەي) بىلەن چىقىپ ـ چۈشىدىغان ھۇجرىلار بار.

مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلارنىڭ ئارقا كىرىش ئېغىزى چوڭ ياسىلىپ، ئارقا ئۆيىدە نىرۋانا ھەيكىلى ياسالغان، ئاساسىي ئۆيى (ئالدى ئۆيى)نىڭ يان تاملىرىغا ئۆرە بۇدلار ياسالغان، تورۇسلىرىغا ئاسمان ھادىسىلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغان، بىراق ئاددىيراق ھەم يىغىنچە سىزىلغان. تورۇسنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە نىرۋانا رەسىملىرى سىزىلغان. يەنە ئىشىك باشلىرىغىمۇ يىگى مەزمۇندىكى بۇددا قىسسەلىرى سىزىلغان.

كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ غارلار تەخمىنەن 7 ـ، 8 ـ

ئەسىرلەردە ياسالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ياسىلىش شەكىللىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا دەۋرگە مەنسۇپ غارلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆلىمى كىچىكلىگەن، تام رەسىملىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىمۇ ئاددىيلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ بۇددا دىنىنىڭ چۈشكۈنلىششكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دەۋردىكى غارلارنىڭ تورۇسلىرىغا ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇددالار كۆپرەك سىزىلغان. يەنە رومبا شەكىلدە نۇرۋانا رەسىملىرىمۇ سىزىلغان. ئارقا ئۆيدە نۇرۋانا ھەيكىلى يوق.

قىزىل مىڭئۆيى دۇنيا، جۇملىدىن جۇڭگو بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋردىكى غارلىرىدا ئاساسلىقى ساكيامۇنىنىڭ يارىلىشى، ئىش ئىزلىرى ۋە دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئىزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى غارلىرىدا ئاساسلىقى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ قىسسەلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ماھايانا مەزھىپىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە كۈسەن بەگلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيى گەرچە بۇددا مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى روشەن يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا قەدىمكى كۈسەنلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

**2) قۇمتۇرا مىڭئۆيى**

قۇمتۇرا مىڭئۆيى كۇچا ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆگەن دەرياسىنىڭ

شەرقىي قىرغىقىدىكى تىك يارغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى غارلار جەنۇبىي رايون ۋە شىمالىي رايوندىن ئىبارەت ئىككى رايونغا تارقالغان، بۇ ئىككى رايوندىكى غارلارنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي رايوندىكى غارلار بىرقەدەر مەركەزلىك جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە نومۇر قويۇلغان غار 80. بىراق، بىرقەدەر ياخشى ساقلانغىنى يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. جەنۇبىي رايوندىكى غارلار تارقاق جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە نومۇر قويۇلغىنى 32، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 10 نەچچىسىلا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

قۇمتۇرا مىڭئۆيى قىزىل مىڭئۆيىدىن كېيىنرەك ياسالغان. ئۇنىڭ دەۋرىنى دەسلەپكى دەۋر، ئوتتۇرا دەۋر ۋە كېيىنكى دەۋر دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ غارلار تەخمىنەن 5 ــ 7 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان. ئۇلار ئاساسلىقى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلارنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ غارلارنىڭ قۇرۇلمىسى، تام رەسىملىرى قىزىل مىڭئۆينىڭ ئوتتۇرا دەۋردىكى غارلىرىنىڭكىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئوتتۇرا دەۋرگە مەنسۇپ غارلار تەخمىنەن 8 ــ 9 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان. بۇ غارلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەر خېلى كۆپ، شۇنداقلا خەنزۇ راھىبلىرىنىڭ ئىمزاسى بار.

كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ غارلار تەخمىنەن 10 ــ 11 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان. بۇ غارلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ئىمزالىق خەتلەر، شۇنداقلا قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىكى ئىمزالىق خەتلەرمۇ بار. بۇ قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئىشەنچلىك پاكىت بولۇپلا

قالـماستــن، بەلكى قـەدىمكى كـۇسەن يېزىـقىنىـڭ ئاخىـرقـى دەۋرىگە هـۆكـۈم قىلىـشتىـكى قىمـمـەتلىـك پـاكىـت بـولـۇپ هېسابلىنىدۇ.

**3) سىم ـ سىم مىڭئۆيى**

سىم ـ سىم مىڭئۆيى كۇچا ناهىيەسىنىڭ شەرقىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ياقا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. بۇ مىڭئۆي قەدىمكى كۇسەن رايونى ئىچىدىكى ئەڭ شەرققە جايلاشقان مىڭئۆي بولۇپ هېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، نومۇر قويۇلغان غار 52. بۇ يەردىكى غارلار شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال ۋە مەركىزىي رايون قاتارلىق بەش رايونغا تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 19 غار بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

بۇ مىڭئۆي تەخمىنەن مىلادىيە 4 — 8 ـ ئەسىرلەردە ياسالغان بولۇپ، تام رەسىملىرى ۋە هەيكەللەردىن قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ يەرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يەنە هىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ كۇسەن رايونىغا تارقىلىشى بىلەن سىم ـ سىم مىڭئۆيىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە تاشلىۋېتىلگەن.

**4) مازارباغ مىڭئۆيى**

مازارباغ مىڭئۆيىمۇ ياقا يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان مازارباغ كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 500 مېتىر كېلىدىغان سايلىق ئېدىرلىققا جايلاشقان. نۆۋەتتە، نومۇر قويۇلغان غاردىن 34ى بار. ئۇلار ئاساسەن غەرب، شەرق ۋە مەركىزىي رايوندىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا تارقالغان. بۇ غارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت تۆت غارلا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ هەممىسى هۇجرا شەكلىدىكى ئۆيلەردۇر.

ئىزاھلار:

① بەن گو: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 917 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 526 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» 574 ـ، 575 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

# قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتى

## 1. قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكى

خوتەن — قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدە بۇ يەردە ئۇدۇن بەگلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. خوتەننىڭ نامى خەنزۇچە كىلاسسىك ئەسەرلەردە ھەر خىل يېزىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئىككى «خەننامە»، «ۋېينامە»، «لياڭنامە»، «جۇنامە»، «سۈينامە»، يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە»، يېڭى ۋە كونا «بەش دەۋر تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، «بۇددا ئېلى خاتىرىلىرى»، «ئىبادەتخانا خاتىرىلىرى»، «راھىبلار تەرجىمىھالى» ۋە «راھىبلار تەرجىمىھالىنىڭ داۋامى»، «سۇڭ سۇلالىسى راھىبلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئىزچىل ھالدا «يۈتيەن» (于阗) دېيىلگەن. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە «ۋۇدۇەن» (五端) دېيىلگەن. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «ۋۇدەن» (兀丹) دېيىلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «ۋۇدۇەن» (斡端) دېيىلگەن. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا «ئۇدۇن» (于遁) دەپ يېزىلغان. «تۇنيۇقوق مەڭگۈ تېشى» ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا «قوردان» (ياكى قورتان) دەپ يېزىلغان①. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئۇدۇن، خوتەن شەھىرىنىڭ نامى»② دېيىلگەن.

نۆۋەتتە، ئالىملار: خەنزۇچە كىلاسسىك ماتېرىياللاردا يېزىلىپ كېلىنگەن «يۈتيەن»، «ۋۇدەن» دېگەن ناملار «ئۇدۇن»

دېگەن نامىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «ۋۇدۇەن» ياكى «ۋۇدەن» دېگەنناملار «خوتەن» دېگەن نامىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاھاڭ تەرجىمىسى، دەپ قاراشماقتا.

فىرانسىيەلىك پېللىئوت خوتەننىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنى يەكۈنلەپ: «خوتەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە گوتان (Gotan) دېيىلگەن، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا گوستانا (Gostana) دېيىلگەن، كېيىن ھەر ئىككى نام تەڭ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. بۇلار ئوخشاشلا ‹گوئىستان› (گو مەملىكىتى) دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ‹گو› خوتەندىكى بىر قەدىمكى قەبىلىنىڭ نامى، خوتەندە ئومۇمەن گو، گۆي بوغۇملىرى ئارىلاشقان يەر نامىلىرى كۆپ» دەپ قارىغان.

نۆۋەتتە، تىلشۇناسلار «ئۇدۇن» ياكى «قوردان» دېگەن نامنىڭ «خوتەن» دېگەن نامغا ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: تۈركىي تىللاردا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» تاۋۇشى ياكى چۈشۈپ قالىدۇ ياكى بولمىسا «ق»، «خ»غا ئالمىشىدۇ، «گوتان» سۆزى «گ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغاندا «ئۇدۇن» دەپ، «گ» تاۋۇشى «ق»، «خ»غا ئۆزگەرگەندە «قوردان» (قورتان) ياكى «خوتەن» دەپ ئوقۇلىدۇ③.

قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»دىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭدا: «ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ مەركىزى غەربىي شەھەردۇر، بۇ يەردىن چاڭئەنگە 9670 چاقىرىم كېلىدۇ. ئائىلىسى 3300 تۈتۈن، 19300 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2400 نەپەر. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن غەربىي يۇرت قوروۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 3947 چاقىرىم كېلىدۇ. جەنۇبى چارقىلىق،

شىمالى قوۋم بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇدۇننىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەريالارنىڭ ھەممىسى غەربكە ئېقىپ، غەربىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. شەرقتىكى دەريالار شەرققە ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ» دېيىلگەن④. بۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 — 2 - ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت بولغان.

مىلادىيە 2 — 4 - ئەسىرلەردە ئۇدۇن بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەتراپىدىكى روڭلۇ (نىيەنىڭ جەنۇبىدا)، ئۇزۇنتات (كېرىيەدە)، توخارا (كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)، پاسئان (گۇما)، نىيە قاتارلىق بەگلىكلەرنى قوشۇۋېلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا كروران بەگلىكى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان كۈچلۈك بەگلىككە ئايلانغان.

مىلادىيە 6 - ئەسىردىن 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇدۇن بەگلىكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. بۇ دەۋردە ئۇدۇن بەگلىكىگە كەلگەن راھىب شۈەنزاڭ بەگلىكنىڭ دائىرىسىنىڭ 4000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغانلىقىنى، يەرلىرىدە ھەر خىل زىرائەت تېرىلىدىغانلىقىنى، ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ گىلەم، كىگىز ۋە يىپەك ماللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى، ئاق قاشتېشى ۋە قارا قاشتېشى كۆپ چىقىدىغانلىقىنى، ئاۋامنىڭ باياشات ياشايدىغانلىقىنى، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەنلىكىنى، 100دىن ئارتۇق ئىبادەتخانا، 5000دىن ئارتۇق راھىب بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ماھايانا تەلىماتىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يېزىقى ھىندىستاننىڭ يېزىقىدىن كەلگەن بولۇپ، پەقەت ئازراق ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، تىلىنىڭ

باشقا ئەللەرنىڭ تىلىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن.

9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇدۇن بەگلىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە بولغان ھەم ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىدا (يەنى ھۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىن 9 ـ ئەسىرگىچە) ۋىسا (visa) جەمەتى بەگلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. بۇددا دىنى بەگلىكنىڭ ئاساسىي دىنى بولغان، يەنە باشقا دىنلارمۇ مەۋجۇت بولغان. بەگلىكنىڭ مۇكەممەل دۆلەت ئاپپاراتلىرى، قانۇن ـ تۈزۈملىرى، كالېندارى، ھەربىي قوشۇنى، بۇددا دەستۇرلىرى، تىل ـ يېزىقى بولغان.

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار ئۇدۇن بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەققىدە توختىلىپ، «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ ئىچىدىكى سۇلى، ئۇدۇن ۋە ئۇزۇنتات بەگلىكنىڭ ھەممىسى ساكلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بوستانلىق بەگلىكلىرى ئىدى»⑤، «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە ھۇنلار موڭغۇلىيە يايلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، يەنى باتۇر تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ھۇنلار يايلاق دۇنياسىغا خوجا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەمدە كۆچۈشىدەك بىر مەيدان ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدى بىلەن ھۇنلار دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۇلۇغ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ساكلارنىڭ دەسلەپكى ماكانى ئىدى، ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇلار ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، قەندەھەرنى مەركەز قىلغان خانلىقنى قۇرۇپ، تارىختا ھىندىستان ساك پادىشاھلىقى دەپ ئاتالدى. يەنە بىر قىسىم ساكلار جەنۇبقا

سورۇلۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە يېتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مىللەتكە ئايلاندى» دەپ ھېسابلايدۇ⑥.

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ تىل - يېزىقى توغرىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلى ساك تىلىمۇ ئەمەس، ئىران تىلىغىمۇ تەۋە ئەمەس ئىپتىدائىي تۈبۈت تىلى ئىدى، دەيدۇ. بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلى بىر خىل يەرلىك ساك تىلى ئىدى، شۇڭا ئۇنى خوتەن ساك تىلى دەپ ئاتاش كېرەك، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ تىلى سانسكرىت تىلى ئىدى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ھۆكۈمەت ۋە راھىبلار قوللىنىدىغان تىل ھىندى تىلى بولسىمۇ، بىراق ئادەتتىكى ئاۋام قوللىنىدىغان تىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىدى، دەيدۇ. قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىدە قوللىنىلغان يېزىق مەسىلىسىدە، بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار قوللانغان يېزىق بىراھمى يېزىقى دەپ قارىسا، بەزىلەر قارۇشتى يېزىقى دەپ قارايدۇ.

## 2. قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

### 1) يوتقان خارابىسى

يوتقان خارابىسى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. ھازىر بۇ خارابىنىڭ ئورنى ئويمانلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى چاقىرىم، كەڭلىكى بىر چاقىرىم كېلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەلىك ستەيىن بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قارۇشتىچە، خەنزۇچە يارماق (خوتەن ئات يارمىقى)، بەش جۇلۇق يارماق، ۋاڭ ماڭ دەۋرىدىكى خوچۇەن يارمىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن توڭباۋ يارمىقى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنيۇ يارمىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ

تەڭگىسى قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. بۇ خارابىدىن يەنە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى، ساپال ھەيكەللەر، مىس بۇت، مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، تامغا، قاشتېشى بۇيۇملىرىمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە داگو گۇاڭرۇينىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يىغىۋالغان، تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ مىس ھەيكەلنىڭ بېشى بىلەن سىۋېن ھېدىن ۋە سىتەيىن تاپقان، مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە مەنسۇپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى قاپارتما مىس بۇت ۋە ئالتۇندىن ياسالغان كىچىك ئويما مىس بۇت بەكلا ئالاھىدە. قاشتېشىدىن ياسالغان ئويما بۇيۇملار تېخىمۇ ئالاھىدە.

يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە لايدىن ياسالغان ھەيكەللەر تېخىمۇ بەك ئالاھىدە بولۇپ، بەزىلىرى قەندىھەر ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، سىۋېن ھېدىن تاپقان بىر ساپال كوزىنىڭ بويۇن قىسمىغا 12 ئادەمنىڭ رەسمى قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنىڭ چىلتار (ئارفا) چېلىۋاتقانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ نەي چېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە ئىككىسىنىڭ داپ چېلىۋاتقانلىقىنى، بىرىنىڭ ئۇزۇن نەي چېلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. لايدىن ياسالغان قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ ئىچىدە بەرباپ چېلىۋاتقان ئايال سازەندىنىڭ ھەيكىلى، ھەر خىل ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ بار.

نۆۋەتتە، يوتقان خارابىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ دەۋرىنى، يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ بېكىتىش بىرئاز تەس، لېكىن بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان ھەر خىل يارماقلار ۋە مىستىن ياسالغان (سىتەيىن، سىۋېن ھېدىن تاپقان) ھەيكەللەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، يوتقان خارابىسىنىڭ دەۋرى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا

كېلىدۇ.

يوتقان خارابىسى توغرىسىدا ئالىملار ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەڭ دەسلەپ 1891 ـ يىلى فىرانسىيەلىك گىرانىېرد بۇ خارابە قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن ئەنگلىيەلىك ستەيىن ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىدىن مىڭ فەنرېن قاتارلىقلار بۇ قاراشنى قوللىغان. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى ۋە جۇ لىيەنكۇن قاتارلىقلار بولسا يوتقان خارابىسىنى قەبرىستانلىق دەپ قارىغان. يىن چىڭ قاتارلىقلار بولسا ئۇنى ئىبادەتخانا دەپ قارىغان.

2) نىيە خارابىسى

نىيە خارابىسى غەربىي يۇرتتىكى نىيە بەگلىكىنىڭ خارابىسى بولۇپ، نىيە ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′45 ° 82، شىمالىي كەڭلىك ° 38قا توغرا كېلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرگەن ۋە قازغان.

نىيە خارابىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئىككى بۆلەكنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي بۆلەكنىڭ دائىرىسى كىچىكرەك بولۇپ، ئون نەچچە يۇرۇش ئۆي ئىزى بار. ئۇلار ئاساسەن بىر قۇرۇق دەريا قىنىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان. شىمالىي بۆلەكنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، نەچچە يۈز يۇرۇش ئۆي ئىزى بار. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. مەيلى جەنۇبىي بۆلەك ياكى شىمالىي بۆلەكنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىدىن بولسۇن، ھېچقانداق سېپىل ئىزلىرى تېپىلمىدى. بىرقەدەر چوڭراق

كەلگەن ئۆيلەر ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسى شىمالىي بۆلەككە جايلاشقان بولۇپ، ئۆيلەر ئاساسەن ئۈچ ئېغىزلىق ۋە بەش ئېغىزلىق كەلگەن. ئۆينىڭ تاملىرى كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ ياكى دەرەخ شاخلىرىدىن قوشاقدىلىپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىپ ياسالغان. تۈۋرۈك ۋە لەمپىلەرنىڭ سىرتىغا نەقىشلەر چىقىرىلغان. ھەربىر يۇرۇش ئۆينىڭ مەركىزىي خانىسىدا بىردىن ئىشىك، قالغان تاملىرىدا بىردىن كىچىك ئىشىك بار، ئۆيدە تام ئوچاق بار. ئۆينىڭ سىرتىدا چارۋا بېقىلىدىغان قوتان ۋە ھەر خىل مېۋە، كۆكتاتلار ئۆستۈرۈلگەن باغ بار. ئەڭ چوڭ بىر يۇرۇش ئۆينىڭ مەركىزىي خانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ. تېمىدا رەڭلىك نەقىشلەر بار. بىر ئىبادەتخانانىڭ ئىچىدە كېسەكتىن ياسالغان ئۈچلۈق يۇمىلاق مۇنار بار. ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە رودا تاۋلاش ئىزى بار.

نىيە خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەردىن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، ياغاچتىن ۋە ساپالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ياغاچ قورال ـ سايمانلار ۋە بەش جولۇق يارماق، مىس كۆزگۈ، ھەر خىل رەڭلىك يىپەك بۇيۇملار، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، قوي، كالا سۆڭەكلىرى، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر تېپىلغان. بولۇپمۇ، بۇ ئۆيلەردىن تېپىلغان نەچچە يۈز دانە قارۇشتىچە ياغاچ تارىشا پۈتۈك ئالاھىدە بولۇپ، ئۇلار ئەمىر ـ پەرمانلار، خەت ـ چەكلەر، توختاملار ۋە ھېساباتلارغا چېتىلىدۇ.

نىيە خارابىسىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بىر قەبرىستانلىق بولۇپ، قەبرىلەر ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. ھەممىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە كەلگەن. تاملىرىغا رەسىملەر سىزىلغان. جەسەتلەر ئۇزۇنچاق چاسا

شەكىلدىكى ياغاچ ساندۇقلارغا سېلىنغان، ئەر ـ ئايال جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىگە يىپەك كىيىم كىيدۈرۈلگەن. قەبرىلەرگە ئاساسەن ياغاچتىن ياسالغان جام، ئاشتاختا (ئەمبەل) قاتارلىق بۇيۇملار ئاخىرەتلىك قىلىنغان. يەنە ئەرلەرگە ساداق، يا قاتارلىقلار، ئاياللارغا بولسا پەرداز قۇتىسى، ياغاچ تارغاق، ئۇپا خالتىسى، مىس كۆرگۈ قاتارلىقلار ئاخىرەتلىك قىلىنغان.

**3) مەلىكە ئاۋات خارابىسى**

مەلىكە ئاۋات خارابىسى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. 1950 ـ يىللاردا بۇ يەر تەكشۈرۈلگەندە، چاسا شەكىلدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سېپىل ئىزلىرى بايقالغان. 1970 — 1980 ـ يىللاردا تەكشۈرۈلگەندە، سېپىل ئىزلىرى قالمىغان. پەقەتلا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان توپا دۆڭلەر قالغان. بۇ دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئەتراپىدا ساپال خۇمدانلىرىنىڭ ئىزلىرى بار. ساپال خۇمدانلىرىنىڭ ئەتراپىدا ساپال پارچىلىرى، كۆيدۈرۈلگەن قىزىل رەڭلىك توپا بار. ساپال پارچىلىرىنىڭ ئىچىدە قىنىق قوڭۇر (بىغىر رەڭ) رەڭلىكلىرى كۆپ بولۇپ، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان ھىجىر، بىر قۇلاقلىق كوزا، تۇتقۇچلۇق جام، قاچا قاتارلىقلارمۇ بىرقەدەر كۆپ. بۇ خارابىلىكنىڭ شىمالىي چېتىدىن يەنە بىر دانە چوڭ ساپال ئىدىش (كۇپ) تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېغىرلىقى تەخمىنەن 45 كىلوگىرام كېلىدىغان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇلۇق يارماق تېپىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ ئىدىش تېپىلغان ئورۇننىڭ جەنۇبىغا 100 مېتىر كېلىدىغان، ھازىر ئىبادەتخانا ئورنى دەپ قارىلىۋاتقان يەرنى سىناق تەرىقىسىدە قازغاندا بۇ يەردىن تامنىڭ ئىزى، ئۇل تاش، كۆيگەن ياغاچ تۈۋرۈك ۋە بىر قىسىم ھەيكەللەرنىڭ

پارچىلىرى، تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى بايقالغان. مەلىكە ئاۋات خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ۋە خارابىلىكنىڭ جايلىشىشىغا قارىغاندا، بۇ خارابىلىكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئېھتىمال ئوردا ـ مەھكىمە ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى بولۇشى، ساپال خۇمدانلىرى جايلاشقان يەرلەر ئېھتىمال قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى جايلاشقان ئورۇن بولۇشى، شەرقىي شىمالدىكى جايلار ئېھتىمال ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئىبادەتخانىلار جايلاشقان ئورۇن بولۇشى مۇمكىن. مەلىكە ئاۋات خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، بۇ خارابە مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ مۇھىم بىر شەھىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈنگە كەلگىلى بولىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بۇ خارابىنى قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى دەپ قارىشىدۇ.

### 4) خوتەن ئات يارمىقى

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ خوتەن رايونىدىكى خارابە ئىزلاردىن مىستىن ياسالغان، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، يۇمىلاق كەلگەن، ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېڭىۋاتقان ئاتنىڭ رەسىمى (بەزىلىرىدە تۆگىنىڭ رەسىمى)، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قارۇشتىچە «Gugramayasa» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، تەتۈر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا لاۋىر دەرىخىنىڭ ھالقىسى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا خەنزۇچە «24 جۇلۇق مىس يارماق» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يارماقلار كۆپلەپ تېپىلغان. بۇ يارماقلار چوڭ ـ كىچىك ئىككى خىل بولۇپ، كوشان خانلىقىنىڭ شۇ خىل يارماقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل يارماقنى ئىلگىرى تەتقىقاتچىلار «خوتەن ئات يارمىقى» دەپ ئاتىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئېلىمىز ئالىمى شيا نەي ئەپەندى ئۇنى «خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە يارماق» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن بۇ خىل قاراش قوبۇل

قىلىندى. نۆۋەتتە، بۇنداق يارماقتىن تېپىلغىنى 356 دانە بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ساقلانماقتا. جۈملىدىن، بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا 256 دانە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 25 دانە، ھىندىستاننىڭ پەنجاپ مۇزېيىدا بىر دانە، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ دانە، ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسىدا 55 دانە، فىرانسىيەدە تۆت دانە، جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا بىر دانە، لۇ شۈن مۇزېيىدا 11 دانە ساقلانماقتا.

خوتەن ئات يارمىقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ئومۇملاشتۇرغىنىمىزدا تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى باكتىرىيە ۋە كوشان خانلىقى ھەم پەنجاپ بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغان. شۇڭا بۇ يارماقلار ئاشۇ خانلىقلارنىڭ يارمىقىغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، بۇ يارماقلاردا قارۇشتىچە ۋە خەنزۇچە يېزىق تەڭ ئىشلىتىلگەن.

ئۈچىنچى، بۇ يارماقلارنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئات ياكى تۆگە رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، بۇلار قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى (ياكى ئېتىقادىنى) ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، بۇ يارماقلار سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

بەشىنچى، بەزىلەر بۇ يارماقلار قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىدە ئالتە ھۆكۈمران سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە قويۇلغان دەپ قارىسا، بەزىلەر پەقەت گۇگراميا (Gugramaya) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە قويۇلغان، يەنى ئۇ بىرلا ھۆكۈمران دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ.

ئىزاھلار:

① ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 55 ـ، 117 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم 104 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» 563 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ بەن گۇ: «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 861 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑤ ⑥ لىن مېيسۈن: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسىدىن 15 لېكسىيە» 187 ـ، 188 ـ بەتلەر، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# قەدىمكى قۇچۇ مەدەنىيىتى

## 1. قەدىمكى قۇچۇ ئېلى

تۇرپان ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانا ماكانلىرىدىن بىرى، بۇ يەر خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئىزچىل «قۇچۇ»، «قارا قۇچۇ» دەپ ئاتالغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە: «قۇچۇ، ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن①. قەدىمكى قۇچۇ ئېلى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ قارا غوجا يېزىسى بىلەن ئاستانە يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان قەدىمكى قۇچۇ شەھىرىنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلغان. كېيىن بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمرانلىرى كۆپ ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلنىڭ نامىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. مىلادىيە 460 ـ يىلى ئاۋارلار (جۇرجانلار) تۇرپان ئويمانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ قۇچۇ ئېلىنىڭ خانى قۇتقۇ ئارگۇنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەنبوجۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، قۇچۇ ئېلىدە كەن فامىلىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى داۋام قىلغان. مىلادىيە 481 ـ يىلىغا كەلگەندە، قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاۋارلارغا قارشى قوزغىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ھازىرقى جىمسار ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا يارغولنى مەركەز قىلغان قاڭقىل خانلىقى (487 ـــ 546 ـ يىللار)نى قۇرغان. كېيىن تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، قۇچۇ ئېلى تۈرك خانلىقىغا بېقىنىپ، ئۇلارغا باج ـ سېلىق تۆلەش بەدىلىگە يەنىلا ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. مىلادىيە 630 ـ

يىلى شەرقىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. مىلادىيە 640 ـ يىلى قوچۇ ئېلىمۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. تاڭ سۇلالىسى قوچۇ ئېلىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرتنى ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن، قوچۇ شەھرىدە (يەنى ئىدىقۇت شەھرىدە) ئايماق تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا قوچۇ، يارغول، لۈكچۈن، تەڭرىتاغ (توقسۇن)، پىچان قاتارلىق بەش ناھىيە تەسىس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يارغولدا ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. 751 ـ يىلىدىن كېيىن قوچۇ تۇبۇتلار بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىدا بولۇپ كەلگەن، ھەتتا بىر مەزگىل تۇبۇتلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. پەقەت 795 ـ يىلىغا كەلگەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇبۇتلەرنىڭ كۈچىنى تازىلاپ، قوچۇ قاتارلىق رايونلارنى ئۆز قولىغا ئالغان②. شۇنىڭدىن كېيىن قوچۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (646 — 840 ـ يىللار)نىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 848 ـ يىلىدىن 870 ـ يىلىغىچە قوچۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربكە كۆچكەن سەركەردىسى مەڭلىك تېگىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 870 ـ يىلى بۆگۈ تېگىن مەڭلىك تېگىننىڭ ئورنىغا دەسسەپ، قوچۇ شەھىرى (يەنى قاراغوجا شەھىرى، ھازىرقى ئىدىقۇت شەھىرى) بىلەن بەشبالىق شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى (ھۆججەتلەردە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېيىلگەن) قۇرۇپ چىققان. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 1209 ـ يىلىغىچە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن.

## 2. قەدىمكى قوچۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

1879 ـ يىلى رۇسىيەلىك رېگېل تۇرپان رايونىغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى توپلىغان ھەم قەدىمكى شەھەرلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ كېيىن يازغان «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۇ يەردە (تۇرپاندا) رىم شەھەرلىرىگە ئوخشاش بىر شەھەر خارابىسى بار ئىكەن» دېگەن. ئۇنىڭ تۇرپان ھەققىدىكى بايانلىرى، كېيىن باشقىلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، 1893 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رۇسىيەلىك كوزلوف ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ تۇرپان رايونىغا كېلىپ مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇپ، ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى كۆزەتكەن ھەم نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەتكەن.

1897 ـ يىلى رۇسىيەلىك كلېمېنتىز باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل تام رەسىملىرىنى، ئويمىلارنى ۋە ئۇيغۇرچە، سانسكرىتچە، خەنزۇچە ھۆججەت، تېكىستلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپان ۋە قەدىمكى ئىزلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. 1899 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ قېتىملىق خەلقئارا شەرقشۇناسلار قۇرۇلتىيىدا رۇسىيەنىڭ داڭلىق تۈركشۇناس ئالىمى رادلوف تۇرپاندىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قاتتىق قىزىقىشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، قۇرۇلتايدا «رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش كومىتېتى» قۇرۇپ چىقىلغان. كېيىن 1902 ـ يىلى بۇ كومىتېتنىڭ نامى «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتىلىپ، باش ئىشتابى پېتېربورگراتا

تەسىس قىلىنغان ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەردە شۆبە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئولدىنبۇرگ 1909 ـ يىلى تۇرپانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئىنتايىن قىممەتلىك قەدىمكى يادىكارلىقلارنى، جۇملىدىن يارماقلارنى، سىزما رەسىملەرنى، ئويمىلارنى ۋە تېكىستلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

رۇسىيەلىكلەرنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيىتى ۋە ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرى گېرمانىيەلىكلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، 1902 ـ يىلى گېرمانىيەلىك گىرۈنۋېدېل چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاندىكى مىڭئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، تۇركچە، خەنزۇچە تېكىستلەر ۋە مانى دىنىنىڭ نومىلىرىدىن بولۇپ 46 ساندۇق ماتېرىيالنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھەم ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «1902 — 1903 ـ يىللاردا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش دوكلاتى» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلغان. 1904 — 1905 ـ يىللاردا گېرمانىيەلىك لىكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان رايونىغا كېلىپ، بېزەكلىك مىڭئۆيى، تۇيۇق مىڭئۆيىدىكى پۈتۈن ـ پۈتۈن تام رەسىملىرىنى سويۇپ ئېلىۋالغان ھەم ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلارنى ۋە مانى دىنىغا دائىر قول يازمىلارنى تاپقان. يەنە «قۇتقۇ ئارگۇنىڭ ئىبادەتخانا ياساتقانلىق خاتىرىسى» قاتارلىق ئابىدىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. 1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گرۈنۋېدېل بىلەن لىكوك يەنە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ تۇرپان رايونىغا كېلىپ، قەدىمكى خارابىلەرنى قېزىش، تام رەسىملىرىنى سويۇپ ئېلىش،

قەدىمكى تېكىست، ھۆججەتلەرنى يىغىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ بۇ نۆۋەت ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا لىكوك 30 ساندۇق، گرۇنۋېدېل 147 ساندۇق يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەن. كېيىن لىكوك بۇ يادىكارلىقلار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ «قوچو» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

رۇسىيەلىكلەر بىلەن گېرمانىيەلىكلەرنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيىتى، ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى يەنە فرانسىيەلىكلەر، ياپونىيەلىكلەر ۋە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيەلىك داگۇ گۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقى بىرقەدەر كۆپ بولغان. داگۇ گۇاڭرۇي 1912 ــ 1913 ـ يىللىرى تۇرپانغا كېلىپ ئاستانە قەبرىستانلىقىنى مەخسۇس قېزىپ نۇرغۇن قەدىمكى قول يازمىلارغا، ئاخىرەتلىك بۇيۇملارغا ئېرىشكەن. كېيىن بۇلارنى ياپونىيەگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ نومۇر قويۇپ، ئىسكىلاتقا كىرگۈزگەن يادىكارلىقلا 7733 دانىگە يەتكەن بولۇپ، قول يازمىلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە يېزىقتىكىلىرى 4830 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى 978 پارچە، سانسكرىت، تۇبۇت، موڭغۇل، تاڭغۇت يېزىقىدىكىلىرى 425 پارچە، خەنزۇچە يېزىق بىلەن باشقا يېزىقلاردا بىللە يېزىلغانلىرى 530 پارچە بولغان. دېمەك، داگۇ گۇاڭرۇينىڭ تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن زور بولغان.

ئەنگلىيەلىك ستەيىنمۇ 1914 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپانغا كېلىپ بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىنى سويۇپ ئېلىۋېلىش، قول يازمىلارنى يىغىشتىن سىرت، يەنە ئاستانە قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە يارغول قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈپ، بۇلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ھەم جەمئىي 182 ساندۇق يادىكارلىقنى ئېلىپ چىقىپ

كېتىپ، شۇ ئاساستا 1928 ـ يىلى «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونى» دېگەن تۆت توملۇق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىقى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تۇرپاندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قەدىمكى يادىكارلىقلار كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنى، جۈملىدىن تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، گېرمانىيەلىكلەر تۇرپان رايونىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىر قىسىم يادىكارلىقلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ھازىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر بېرلىندا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى8000 پارچە قول يازما، خەنزۇ يېزىقى، تۇبۇت يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى 6000 پارچە قول يازما بار ئىكەن. ئۇلار نۆۋەتتە گېرمانىيەنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ماتېرىياللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1928 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە «جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى» نىڭ تەركىبىدە ئىككى قېتىم تۇرپان رايونىغا كېلىپ، قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش، قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يىغىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىن «قوچۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە ۋە قاراغوجا قەبرىستانلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە قېتىم قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 456 قەبرىنى قېزىپ، سەككىز پارچە دوكلات ئېلان قىلدى ھەم قەبرىلەردىن تېپىلغان قەدىمكى يادىكارلىقلارنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى.

## 3. قەدىمكى قوچونىڭ خارابە ئىزلىرى

### 1) ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، يالقۇنتاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان. شەھەر چاسا شەكىلدە، ئايلانمىسى 5 ــ 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىللىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. سېپىل ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 12 مېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 5 ــ 12 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. سېپىل توپىدىن خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى جايلىرىدا كېسەك بىلەن رېمونت قىلىنغان.

ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە ئوردا شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئوردا شەھىرى قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي سېپىلى بىلەن تاشقى شەھەرنىڭ شىمالىي سېپىلى بىر، جەنۇبىي سېپىلى بىلەن ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىي سېپىلى بىر. ئوردا شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئوردا خارابىسىنىڭ ئىزى بار. ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 30 مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى شەھەر ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئىچكى شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي سېپىللىرىنىڭ بىر قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. غەربىي ۋە جەنۇبىي سېپىللىرى خېلىلا ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىدا ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان يۇملاق كىچىك قەلئە بار. قەلئەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر دۆڭلۈكتە قالدۇق ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان بىر مۇنار بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن «قۇتقۇ ئارگۇنىڭ ئىبادەتخانا ياساتقانلىق خاتىرىسى» تېپىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەر ئېھتىمال قەدىمكى قوچۇ ئېلى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ

ئورنى بولۇشى مۇمكىن.

تاشقى شەھەر ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەش قوۋۇقى بولغان. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە بىر چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ ئىزى بار. بۇ يەردە يەنە مۇنارلارنىڭ چاسا ئۇللىرى، مۇنار ئۇللىرىنىڭ تۆت تەرىپىدە بۇت تەكچىلىرى، تەكچىلەردە بۇتلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە راھىبلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ بار.

2) يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسى

يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يار يېزىسىغا جايلاشقان. شەھەر خارابىسى جايلاشقان ئورۇن ئىككى ئېقىنىنىڭ قوشۇلغان يېرىدىكى ئېگىز، تىك يارداڭلىق بولۇپ، بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىن ئېقىپ كەلگەن دەريا سۈيى شەھەرنىڭ شىمالىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەھەرنى ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن. شەھەرنىڭ كۆرۈنۈشى يوپۇرماق شەكلىدە بولۇپ، خۇددى كىمە شەكلىدىكى كىچىك ئارالغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇ «يارغول» دەپ ئاتالغان. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بولسا «جياۋخې» (交河) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 300 مېتىر بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە دەريا ئېقىنىغا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزى بار. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ كوچا بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىز، قېلىن سېپىل سوقۇلغان بولۇپ، قورۇلۇشلارنى چوڭ كوچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۈچ رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، غەربىي شىمالىي رايون. بۇ رايوندا ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارلىرى مەركەزلىك جايلاشقان

بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى چوڭ.

ئىككىنچى، شەرقىي شىمالىي رايون. بۇ رايون ئاساسەن ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتكەن. ئۆيلەر كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ، قەۋەتلىك ئۆيلەر، ھۇنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرى خېلىلا ئوبدان ساقلانغان، ئۆيلەر كېسەك ۋە كۆملاچ لاي بىلەن تۆت چاسا قىلىپ سېلىنغان، ياغاچ تۇۋرۇك ئىشلىتىلمىگەن، پەقەت ئۇستىلا ياغاچ بىلەن يېپىلغان.

ئۈچىنچى، شەرقىي جەنۇبىي رايون. بۇ رايوندىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى ئازراق. كۆلىمى بىرقەدەر چوڭراق قۇرۇلۇشتىن بىر چوڭ ئىمارەت خارابىسى بولۇپ، ئۇ يەردە ساراي، زال، قۇدۇق، يول، پەلەمپەي قاتارلىقلار بار. بۇ جاي ئېھتىمال قەدىمدە يارغول شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

يارغول شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان دەريا ئېقىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا يارغول مىڭئۆيى بولۇپ، جەمئىي يەتتە ئۆي بار. ئۇ ئۆيلەردە ھەر خىل تام رەسىملىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتلەر ساقلىنىپ قالغان.

**3) ئاستانە ـ قاراغوجا قەبرىستانلىقى**

ئاستانە ــ قاراغوجا قەبرىستانلىقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاستانە ۋە قاراغوجا يېزىلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىدا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى بار. بۇ قەبرىستانلىق مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قوچۇ ئاھالىلىرىنىڭ جامائەت قەبرىستانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاستانە ــ قاراغوجا قەبرىستانلىقى ئەڭ دەسلەپ 20 ـ

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەلىك ستەيىن، رۇسىيەلىك كوزلوف، گېرمانىيەلىك لىكوك، ياپونىيەلىك جۇرۇيچاۋلار تەرىپىدىن قېزىلغان. 1928 — 1930 - يىللىرى ئىلمىز ئارخېئولوگلىرى بۇ قەبرىستانلىقنى تەكشۇرۇپ، قەبرە تەزكىرىسى دېگەندەك يادىكارلىقلارنى تېپىپ چىققان. 1959 - يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئورنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاستانە ۋە قاراغوجا قاتارلىق جايلاردا جەمئىي 13 قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 456 قەبرىنى قېزىپ چىقتى. بۇ قەبرىلەرنىڭ 310ى ئاستانىدە، 146سى قاراغوجىدا بولۇپ، قەبرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۆڭكۈر شەكلىدە كەلگەن. بەزى قەبرىلەردە تام رەسىملىرى بار. قەبرىلەرگە ئاساسلىق ساپال (لاي) ۋە ياغاچتىن ياسالغان قونچاقلار، قازان - قومۇچلار، شايى رەسىملەر (يىپەك رەختلەرگە سىزىلغان رەسىم)، قەبرە تەزكىرىلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ئاخىرەتلىك قىلىنغان. بۇ قەبرىستانلىقنى قەبرە شەكلى ۋە ئاخىرەتلىك قىلىنغان بۇيۇملارغا ئاساسەن ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەسلەپكى دەۋر (ياكى 1 - دەۋر): بۇ دەۋرنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 3 — 6 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەر ئاساسەن قەبرە يولى يانتۇ كەلگەن (ياكى پەلەمپەيسىمان) غار شەكلىدىكى قەبرىلەر ۋە قەبرە يولى تىك قۇدۇق شەكلىدە كەلگەن غار شەكلىدىكى قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان. قەبرە يولى يانتۇ كەلگەن قەبرىلەرنىڭ لەھەتلىرى چاسا شەكىلدە بولۇپ، لەھەت ئىچى بىر ئاز كىچىكرەك، ئوڭ يېنىغا يان ئويۇقچىلار چىقىرىلغان. كېيىن بۇ يان ئويۇقچىلار ئۆزگىرىپ تەكچە (بۇت قويۇلىدىغان ئويۇق)لەرگە ئايلانغان. جەسەت ياغاچ ساندۇقتا سېلىنغان بولۇپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قارا چېكىتلەر سىزىلغان. بەزى جەسەتلەرنىڭ ئاستىغا قومۇشتىن توقۇلغان بورا سېلىنغان.

قەبرە يولى تىك قۇدۇق شەكلىدە كەلگەن قەبرىلەرنىڭ لەھەتلىرى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يېرىنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى ئىككى تەرىپىگە بىردىن ياغاچ ساندۇق سىغىدىغان لەھەت كولانغان، ئۇنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ياغاچ ساندۇق سېلىنغان، ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قارا چېكىتلەر سىزىلغان. بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىنتايىن ئاز ۋە ئاددىي. كۆپىنچە قەبرىلەرگە بىردىن جەسەت دەپنە قىلىنغان. ئەر ـ ئايال بىللە دەپنە قىلىنغاندا، ئوڭ ـ سول تەرەپتىكى لەھەتكە قويۇلغان.

بۇ قەبرىلەردىن ئالتە قەبرىدە تام رەسىملىرى بار. تام رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەبرىنىڭ ئارقا تېمىغا سىزىلغان. رەسىملەردە ئوق ئوۋلاۋاتقان، كالا بىلەن يەر ھەيدەپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن.

دەسلەپكى دەۋردىكى قەبرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە ياغاچ بۇيۇملار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ياغاچ بۇيۇملاردىن ئاياق، كوزا، تەگنە، تاۋاق، قۇلاقلىق جام، چۆمۈچ، ئوتىغۇچ، تارغاق، ئۆلچەش سايمىنى، كېيىم ئاسقۇچ قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلچەش سايمىنى مىلادىيە 3 — 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 24.53 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 8.2 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 48.65 مىللىمېتىر كېلىدۇ. بۇ نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئۆلچەش سايمىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەبرىلەردىن چىققان ساپال بۇيۇملار ئاساسلىقى سىيدام ساپاللار بولۇپ، بەزى قەبرىلەردىن قىزىل ساپاللار ۋە قارا ـ ئاق رەڭلەردىكى ساپال قاچىلارمۇ تېپىلغان. ساپال بۇيۇملاردىن كوپ، چۆگۈن، داس، قازان، قاچا، جام قاتارلىقلار بار. قەبرىلەردىن چىققان توقۇلما بۇيۇملارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاناپتىن تىكىلگەن كۆڭلەك، ئىشتان، يوپكا،

يوتقان ـ كۆرپىلەر كۆپرەك. ھەر خىل رەڭلەردىكى شايى، گەزمال (يىپەك بىلەن پاختا يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يىرىك گەزمال)، كىمخابلار (تاۋار ـ دۇردۇن) ئازراق. بۇلار مىلادىيە 3 ــ 4 ـ ئەسىرلەردە تۇرپان ئويمانلىقىدا كېۋەز تېرىپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىن يەنە خەنزۇچە ھۆججەتلەر تېپىلغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى قۇچۇ ئېلى دەۋرىگە مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ھۆكۈمەت تۈزۈملىرى، ئىمتىھان تۈزۈمى، ھەربىي تۈزۈم ۋە باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

ئوتتۇرا دەۋر (ياكى 2 ـ دەۋر): بۇ دەۋرنىڭ ۋاقتى قۇچۇ ئېلى دەۋرىگە ۋە كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە، يەنى مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەر ئاساسەن قەبرە يولى يانتۇ كەلگەن قەبرىلەر بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە كەلگەن. لەھەتنىڭ ئارقا تېمى ياكى تورۇسىغا كاناپ ياكى شايىغا سىزىلغان فۇشى بىلەن نۈۋانىڭ رەسىمى ئېسىلغان(فۇشى بىلەن نۈۋا جۇڭگو ئەپسانىلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). قەبرە يوللىرىنىڭ ئېغىزىغا ئومۇميۈزلۈك ھالدا قەبرە تەزكىرىلىرى ئورنىتىلغان. بۇنداق قەبرە تەزكىرىلىرى چاسا شەكىللىك خىشلار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلگۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، سالاھىيىتى، دەپنە قىلىنغان ۋاقتى ئويۇلغان ياكى يېزىلغان.

بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رەڭلىك ساپال بۇيۇملاردىن قاچا، كوزا، جام ۋە قورساقلىق داس قاتارلىقلار بار. ئۇلارغا قارا، قىزىل، ئاق رەڭلەردە نېلۇپەر گۈللىرى چۈشۈرۈلگەن.

قەبرىلەردىن چىققان ياغاچ بۇيۇملار سەل ئازراق بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياق يەنىلا كۆپ. يەنە ياغاچ جام، ياغاچ كالا ھارۋىسى، ھەر خىل ياغاچ قونچاقلار ۋە ياغاچ تارىشىلارمۇ بار. قەبرىلەردىن چىققان توقۇلما بۇيۇملاردىن يىپەك، پاختىدىن توقۇلغان بۇيۇملار بار. ئادەتتە ئەر - ئايال جەسەتلىرىگە كانابتىن تىكىلگەن كۆڭلەك، يوپكا، شايىدىن تىكىلگەن نىمچە كىيىم كىيدۈرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىنمۇ قەغەز كەش، قەغەز بۆك ۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەر تېپىلغان بولۇپ، ھۆججەتلەر 400دىن ئارتۇق. ئۇلار پۈتۈم (كېلىشىمنامە)، خەت - چەك، نوپۇس دەپتىرى، ھېسابات تالونى، ئىبادەتخانا ھۆججەتلىرى، ئائىلە شەجەرىسى (نەسەبنامە) قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىن يەنە مىس كۆرگۈ، تۆمۈر كۆرگۈ، لاي قونچاق، كۆزقاپ، قورۇپ قالغان مېۋە، ئۇندىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، پېچىنە قاتارلىق يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان.

كېيىنكى دەۋر (ياكى 3 - دەۋر): بۇ دەۋرنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەر ئاساسەن ئوتتۇرا دەۋردىكى قەبرىلەرگە ئوخشايدۇ، بىراق قەبرىلەرنىڭ ئىچى چوڭ، قەبرە يوللىرىمۇ ئۇزۇن ياسالغان. قەبرە يوللىرىدا تۆڭلۈك، كارىدور بار، لەھەتنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە يان ئۆيۈكچىلار ياسالغان، جەسەت لەھەتنىڭ ئارقا تېمىدىكى پەشتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆپىنچە ئاستىغا بورا سېلىنغان. لەھەتنىڭ ئارقا تېمىغا ئادەم رەسىملىرى ۋە ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان.

بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردە قەبرە تەزكىرىسى ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. بەزى چوڭ قەبرىلەردە چوڭ يېشىل تاشتىن ياسالغان

قەبرە تەزكىرىسى بار.
بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ساپال ۋە لايدىن ياسالغان قونچاقلاردىن قەبرىنى قوغدىغۇچى قونچاقلار، ياساۋۇل قونچاقلار، مۇراسىم قونچاقلىرى، ناخشىچى - ئۇسسۇلچى قونچاقلار، سېركچى قونچاقلار، ئەمەلدار قونچاقلار، ئات توپى ئويناۋاتقان قونچاقلار ۋە ئەمگەك قىلىۋاتقان ئايال قونچاقلار بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە پاختا ۋە يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇملاردىن سىرت يەنە كىمخابتىن توقۇلغان بۇيۇملارمۇ بار، كىمخاب بۇيۇملارنىڭ سانى ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماي، تۈرى، رەڭگى ۋە گۈل - نەقىشلىرىمۇ ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتكەن.
بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىنمۇ قەغەزدىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە 1000 پارچىدىن ئارتۇق خەنزۇچە تېكىست تېپىلغان بولۇپ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېلان قىلىپ يۈرگۈزگەن تۈزۈملىرى، باج - سېلىق، ھاشار - ئالۋان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئەدلىيە، سودا - سېتىق قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.
بۇ دەۋردىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار ئاساسەن سىيدام ساپاللار بولۇپ، يەنە رەڭلىك ساپال بۇيۇملارمۇ بار. بىراق، رەڭلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ نەقىشى ئاددىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

**4) تۇيۇق مىڭئۆيى**

تۇيۇق مىڭئۆيى پىچان ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان تۇيۇق يېزىسىغا جايلاشقان. نۆۋەتتە، نومۇر سېلىنغان ئۆيلەر جەمئىي 37 بولۇپ، ئۇلار تۇيۇق ئېغىزىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى تىك قىيادا. تۇيۇق ئېغىزىنىڭ شەرقىدە 21 ئۆي، غەربىدە 16 ئۆي بار. ئۆيلەرنىڭ دەۋرى

ئاساسەن قۇچۇ ئېلى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇيۇق ئېغىزىنىڭ شەرقىدىكى بىرىنچى رايوندىكى 4 - نومۇرلۇق ئۆي بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۆي تۆت بۇرجەك شەكىلدە، تورۇسى گۈمبەز شەكىلدە كەلگەن. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزرەك كەلگەن پەشتاقنىڭ ئۇلى بار. تورۇسىنىڭ مەركىزىگە نىلۇپەر گۈلى سىزىلغان، ئەتراپىغا باشقا رەسىملەر سىزىلغان. ئۇ رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇددانىڭ ئۆرە تۇرغان ھالەتتىكى رەسىمى سىزىلغان. ئوڭ - سول ۋە ئارقا تاملىرىدىكى رەسىملەر قاتلاملارغا ئايرىلىپ سىزىلغان بولۇپ، ئۈستۈنكى قاتلامغا 1000 بۇت سىزىلغان، ئوتتۇرا قاتلىمىغا بۇددانىڭ يارلىشى ھەققىدىكى قىسسەلەر سىزىلغان.

تۇيۇق ئېغىزىنىڭ شەرقىدىكى ئىككىنچى رايوندىكى 2 -، 3 -، 4 - نومۇرلۇق ئۆيلەردە ئاددىي تام رەسىملىرى بولۇپ، بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئاستىغا سۇپا چىقىرىلغان. بۇلاردىن قارىغاندا، بۇ ئۆيلەر بىرىنچى رايوندىكى 4 - نومۇرلۇق ئۆيدىن بۇرۇن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

تۇيۇق ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى 16 ئۆينىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا ئۆي بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. ئۇ ئۆيدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەزى نەقىشلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى قۇچۇ ئېلى دەۋرىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن.

5) بېزەكلىك مىڭئۆيى

بېزەكلىك مىڭئۆيى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان مۇرتۇق جىلغىسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئۈزۈك يارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. نۆۋەتتە، نومۇر قويۇلغان ئۆيدىن جەمئىي 83 ئۆي بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تام رەسىملىرى بار ئۆيلەر 40 نەچچە بولۇپ، ئۇلاردا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى 1200 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. يەنە بۇددا ھەيكىلى ۋە بۇدساتۋا ھەيكەللىرىمۇ بار. ئېلىمىز

ئارخېئولوگى يەن ۋېنرۇي ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بېزەكلىك مىڭئۆيىنى تۆت دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى دەۋرگە 9 ـ، 18 ـ، 34 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، 18 ـ نومۇرلۇق ئۆي ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئۆي كېسەكتىن ياسالغان، بۇ ئۆينىڭ دەۋرى قوچۇ ئېلى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى دەۋرگە 14 ـ، 15 ـ، 17 ـ، 28 ـ، 29 ـ ئۆيلەر كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 17 ـ ۋە 29 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، 17 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئوڭ ۋە سول تاملىرىنىڭ يۇقىرىسىدا بۇددا رەسمى بار. تورۇسىغا «جەننەت» ۋە «دوزاخ» رەسىملىرى سىزىلغان. 29 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ تېمىغا بۇددانىڭ رەسمى سىزىلغان. بۇدساتۋا ۋە تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىملىرى تاڭ دەۋرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ دەۋرى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى دەۋرگە مەنسۇپ ئۆيلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي ئۆيلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، 27 ـ ۋە 31 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئۆيلەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتلەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ دەۋرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى دەۋرگە 16 ـ، 39 ـ، 40 ـ، 41 ـ، 42 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 39 ـ، 40 ـ، 42 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەر ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئۆيلەردە نىرۋانا رەسىملىرى ۋە تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىملىرى بولۇپ، مۇئەييەن دەۋر تۈسىگە ئىگە. يەنە موڭغۇل چەۋەندازلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ بار. بۇ ئۆيلەرنىڭ دەۋرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگىچە توغرا

كېلىدۇ.

ئومۇمەن، بېزەكلىك مىخئۆيى ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى بولغان مىخئۆي بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن قەدىمكى كۇسەن ۋە ئۇدۇن بۇددا سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنخۇاڭ بۇددا سەنئىتىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 ـ توم 302 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② چيەن بوچۈەن: «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى» 132 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.